# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## 新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版·季刊）


主 编：卫利·巴拉提（教授）

副 主 编：

吐尔逊·卡迪尔（副教授）

本期责任编辑：

吐尔逊·卡迪尔

各固定栏目负责人

《丝绸之路文化研究》

卫利·巴拉提

《政治、经济与管理学研究》

《法学、历史学、社会学研究》

吐尔逊·卡迪尔

《民族文化研究》

《语言文学研究》

阿不都力木·阿不都热依木

باش مۇھەررىر:

ۋەلى بارات (پروفېسسور)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

تۇرسۇن قادىر (دوتسېنت)

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى:

تۇرسۇن قادىر

ھەرقايسى مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى

«يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»

ۋەلى بارات

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش تەتقىقاتى»

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى»

تۇرسۇن قادىر

«مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»

«تىل-ئەدەبىيات تەتقىقاتى»

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدىلىم ئابدۇرېھىم، ئابدۇراخمان ئۇرايىم، ئابلىكىم ھەسەن ئۆگەن، ئادىل ئايۇپ، ئاسىمە نىياز، گۈلئازات تۇرسۇن، گۈلنار يۇسۇپ، چىمەن نەجمىدىن، رەھمىتۇللا ھەسەن، ئەخمەت سۇلايمان قۇتلۇق، گوياگۈل قادىر، ئۆمەر داۋۇت، پەخرىدىن ھىسامىدىن، تۇرسۇن قادىر

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلپىقار ئابدۇرېشىت؛ رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى

• بەت ياسىغۇچى: ئەخمەتجان ئۆمەر • مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

**شنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)**
**38 ـ يىللىق 3 ـ سان (ئومۇمىي 151 ـ سان)　　2017 ـ يىلى 9 ـ ئاي**

# بۇ ساندا

## يىپەك يولى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك..........
..........يالقۇن مەمەتىيار (1)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل..........ئارزۇگۈل شېرىپ، مەرھابا ئەلى(10)

دىنىي جۇڭگولاشتۇرۇش يولىغا باشلاش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئېھتىياجى..........ئابدۇشۈكۈر ئوسمان، نۇربىيە ئۆمەر(18)

«دىۋانى ناقىس» تىكى كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكىللىرى توغرىسىدا..........گۈلنىگار ئابدۇروسۇل(25)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە.......گۈلنار نىياز(31)

شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدا.......ئابدۇخېلىل ئابلا(38)

## مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

نەسەبنامە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە.......غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار، ئىمامھەسەن ياقۇپ(47)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئات ۋە ئات بەيگىسى ھەققىدە..........ياسىنجان مەمەت(55)

## تىل ـ ئەدەبىيات تەتقىقاتى

كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى توغرىسىدا..........جاڭ ۋېيگو(63)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنىڭ قىسقا بايانى ۋە تەھلىلى..........
..........تىلتېكىن يۈسۈپ ئىگەمبەردى(78)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى قىز ئاتالغۇسى ھەققىدە..........ئىسرائىل مۇتىللا(91)

بىر قىسىم ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە..........ئىلھام نىزام(97)

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى «تۆگە» سۆزى توغرىسىدا..........تۇرانقىز ئوسمان(105)

شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە بولغان يېتەكچىلىك رولى..........
..........ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى(112)

## قانۇن، جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى

نەرسە ھوقۇقى قانۇنى بىلەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدا..........رىشات ھەسەن، گۈلباھار نىياز(120)

شىنجاڭدا پىسخىك خەۋپكە كوللېكتىپ ئارىلىشىش مەشغۇلاتى جەريانى توغرىسىدا..........ئايشەم ئەخمەت(126)

## تەھرىرلىك ـ نەشرىياتچىلىق تەتقىقاتى

ئىنتېرنېت شارائىتىدىكى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى ھەققىدە..........ئابدىلىم ئابدۇرېھىم(135)

**ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*A4*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2017-3**

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）
第38卷第3期（总151期）　2017年9月

# 目　录

## 丝绸之路文化研究

用习近平新时代中国特色社会主义思想为指引，使高校少数民族大学生牢固树立中华民族共同体意识……亚里坤·买买提亚尔(1)
维吾尔语动词构形词尾的统计分析研究……阿孜古丽·夏力甫，麦热哈巴·艾力(10)
引导宗教走中国化道路是新疆社会稳定与长治久安的需要……阿不都许库尔·吾斯曼(18)
浅谈《纳克斯诗集》中比较常用的韵律形式……古丽尼格尔·阿布都肉苏力(25)

## 政治、经济与管理学研究

浅论我国现代人力资源管理的历史发展……古丽娜尔·尼娅孜(31)
浅论新疆国有企业混合所有制改革问题……阿布都合力力·阿布拉(38)

## 民族文化研究

论家谱与亲属称谓……海拉提·阿不都热合曼(47)
论《突厥语大辞典》中马与赛马……亚森江·买买提(55)

## 语言与文学研究

关于多语句型对比研究……张卫国(63)
浅谈现代维吾尔语喀什话(土语)里的的绰号……趯黎铁肯·玉苏甫·依格穆(78)
关于“突厥语大词典”中提到的«ķïz»名称的概述……伊斯热依力·木提拉(91)
浅谈部分维吾尔词语来源……伊力哈木·尼扎木(97)
关于《突厥语大词典》中“骆驼”一词……吐拉尼克孜·吾斯曼(105)
习近平文艺批评观对维吾尔文学批评的指导意义……阿布都外力·克热木(112)

## 法学、社会学研究

物权法和遗产继承公证制度在司法实践中的相互影响……热夏提·艾山，古丽巴哈尔·尼牙孜(120)
论新疆群体参与心理危机干预操作流程……阿依夏木·艾合买提(126)

## 编辑出版学研究

关于网络环境下的学报编辑工作……阿不都力木·阿不都热依木(135)

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2017-3

ماقالە نومۇرى: 09 - 001 - 03(2017) 5878 - 1005

# شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش كېرەك*

يالقۇن مەمەتيار

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شى جىنپىڭ ئېلىمىز مىللەتلەر خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى خىرىسلارنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، مىللەتلەر مەسىلىسى نەزەرىيەسىدىكى تالاش - تارتىش ۋە ئىختىلاپلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋر مىللەتلەر خىزمىتىدىكى يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھۆكۈم ۋە يېڭى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيەسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. شى جىنپىڭنىڭ مىللەت قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا تونۇش ۋە ئۇنى ئىگىلەش ئالىي مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك غايە ۋە ئېتىقادىنى كۈچەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ لاياقەتلىك تايانچلىرىدىن قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم نەزەرىيەۋى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالىي مەكتەپلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى مەكتەپ خىزمىتىدە پائال ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئالىي مەكتەپ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شى جىنپىڭ؛ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى؛ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى

## 用习近平新时代中国特色社会主义思想为指引，使高校少数民族大学生牢固树立中华民族共同体意识

亚里坤 · 买买提亚尔

**摘要：** 党的十八大以来，习近平全面深入分析我国民族工作面临的新形势、新任务、新挑战，讲明了民族问题的大是大非，澄清了理论分歧误判，提出了民族工作的新思想、新论断、新要求，在新的历史条件下开启了马克思主义民族理论中国化的新境界。全面认识和正确掌握习近平的民族观，对加强少数民族大学生新时代中国特色社会主义理想信念教育，把他们培养成民族地区社会主义事业的合格建设者和可靠接班人有重要的现实意义。高校要积极践行习近平新时代中国特色社会主义思想，探寻少数民族大学生教育的新路径。

**关键词：** 习近平；新时代中国特色社会主义思想；少数民族学生

**Abstract:** During the the 18th National Congress of the Communist Party of China, the General Secretary Xi Jingping has deeply analyzed new circumstances, new missions, new challenges of our ethnic works. He has clarified big issues, divergences on the theory, and pointed

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدېئولوگىيەنى تونۇش ئەھۋالى ۋە تەربىيەلەش يوللىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (تۈر تەستىق نومۇرى:XJJA71000114)نىڭ ھەمدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 21 - ئەسىر ئالىي مائارىپ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى قۇرۇلۇشى تۆتىنچى قارارلىق تەتقىقاتى تۈرى: «جۇڭگو يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخى تېزىسلىرى دەرسلىكىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىنقىلاب پېشىۋالىرىنىڭ تەربىيە خىزمىتىدىكى رولى توغرىسىدا تەتقىقات»(تۈر تەستىق نومۇرى: XJU2015JGY01) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتور:** يالقۇن مەمەتيار(1973 - يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان)، پروفېسسور، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. ئىدىيە - سىياسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

out new concepts, new judgments, new requirements in the new age of Marxism - China. Comprehensive understanding and correctly mastering the national concept of General Secretary Xi JInping is crucial enhancing ideal and belief education toward ethnic minority students. Colleges and universities should actively fulfill Xi Jinping's thought on socialism with Chinese characteristics for a new era and discover new approaches for educating ethnic minority students.

**Keywords:** Xi Jinping; Socialism with Chinese Characteristics for a New Era; ethnic minority students.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D633 ماتېرىيال بەلگىسى: A

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، مىللەتلەر مەسىلىسى دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بولۇپ، تارىختىن بويان دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلە بولۇپ كەلگەن. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان شى جىنپىڭ شىنجاڭ، ئىچكى موڭغۇل، شىزاڭ قاتارلىق رايونلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاش جەھەتتە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، ئىجادىيلىققا باي بىر قاتار يېڭى بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. شى جىنپىڭنىڭ مىللەت قارىشى ماركسىزملىق مىللەت قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نەزەرىيەسىنى تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم نەزەرىيە ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئىدىيەلەر پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا تېخىمۇ مۇپەسسەل شەرھلەندى.

## 1. شى جىنپىڭنىڭ مىللەت قارىشىنىڭ ئىلمىي مەنىسى

شى جىنپىڭنىڭ مىللەت قارىشىنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر مەسىلىسىدە يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ مىللەتلەر خىزمىتىنى تونۇش قارىشى، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سۈپەتلىك قارىشى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يولى توغرىسىدىكى قاراش قاتارلىق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1) شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تونۇش قارىشى**

شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تونۇش قارىشى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ماكرو جەھەتتىن ئىگىلەش ۋە مىكرو جەھەتتىن تەھلىل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1989 - يىلى شى جىنپىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەيلى» ناملىق ماقالىسىدە مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ نىسبەتەن نازۇك ۋە مۇرەككەپلىكىنى بايان قىلىپ: «مىللىي مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا دائىم ئىجتىمائىي داۋالغۇش، ھەتتا سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى پەيدا قىلىدۇ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىزنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىمىز»، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ شى جىنپىڭنىڭ ئىزچىل مىللەتلەر خىزمىتىگە نىسبەتەن چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. 2013 - يىلى 10 - ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمى ھارپىسىدا، شى جىنپىڭ پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا يازغان جاۋاب خېتىدە: «دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى ئەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ كۈرەش قىلىش تارىخى بار، بۇ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئىجادىي كۈچىنىڭ مۇھىم مەنبەسى» [1]، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. 2014 - يىلى 5 - ئايدا چاقىرىلغان مەركەزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولسا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ جان تومۇرى. مىللەتلەر بۈيۈك

ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئارىسىدا دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئەڭ زور چەكتە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا تايىنىپ، ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر پۇقرانىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ ۋەتەننىڭ گۈللىنىش، تەرەققىيات مېۋىسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا چۈشىنىپ، ئۆز ئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆز ئارا كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆز ئارا قايىل بولۇپ، ئۆز ئارا ئۆگىنىپ، ئۆز ئارا ياردەم بېرىپ، خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى كېرەك» [2]، دەپ كۆرسىتىلدى. شى جىنپىڭ 2014 - يىلى 9 - ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە: «مىللىي مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەشكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش» [3]، دەپ كۆرسىتىپ، مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلىدى.

**2) شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سۇبيېكتى قارىشى**

شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سۇبيېكتى قارىشى ئۇنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىلمىي كۆزىتىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ۋە يادرولۇق سۇبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ. مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا، شى جىنپىڭ «مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھالقىسى پارتىيەدە، ھالقىسى ئادەمدە. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەتئىي چىڭ تۇرساقلا ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق سىياسىي كۈچ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالالمايدۇ، سىياسىيدا بىردەك بولساقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ»[4]، دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پارتىيەنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرىدىغانلىقىنى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ سىياسىي كاپالەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. 2014 - يىلى شى جىنپىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، «سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك، بوران - چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئىستىللى دۇرۇس، پارتىيەگە سادىق، ئىقتىدارى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى پائال تەربىيەلەپ دادىل ئىشلىتىش كېرەك»[5] دەپ كۆرسەتتى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىدە شى جىنپىڭ: «چوڭ ھەق - چوڭ ناھەقنى ئايرىشتا مەيدانى ئالاھىدە ئېنىق بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ھەرىكىتى ئالاھىدە كەسكىن بولۇش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى سۆيۈشتە ئالاھىدە سەمىمىي بولۇش »[6] تىن ئىبارەت «ئۈچ ئالاھىدە»نى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ياخشى كادىر بولۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى يادرولۇق سۇبيېكت ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**3) شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يولى توغرىسىدىكى قارىشى**

سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 12 - قۇرۇلتىيىدا شى جىنپىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توپ يولى، دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە: «جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش يېڭى ۋەزىيەتتە مىللەتلەر خىزمىتىدە چوقۇم ئىگىلەشكە تېگىشلىك توغرا سىياسىي يۆنىلىش. مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە توغرا

يولىدا چىڭ تۇرۇشتا بايرىقى روشەن ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى ئاساسىي نەزەرىيە، ئاساسىي سىياسەت، ئاساسىي قانۇن، ئاساسىي تۈزۈم ۋە تۈزۈلمە مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر پۇقرانى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم بايرىقى ئاستىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك. »[7] دېگەنىدى. مەركەزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا يەنە: «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 65 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر نەزەرىيەسى ۋە فاڭجېنى توغرا بولدى، مىللىي مەسىلىنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك بويىچە ھەل قىلىش يولى توغرا بولدى، دۆلىتىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىناق، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى. »[8]، دەپ خۇلاسىلىدى. بۇلار شى جىنپىڭنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان مىللەتلەر خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەجرىبىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ئىلمىي يىغىنچاقلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشتە يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۇلاردا جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك

شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ھەققىدىكى يېڭى ھۆكۈمى يېڭى ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىسىنى چوڭقۇر شەرھلەش بىلەن بىرگە، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، زور دەۋر قىممىتىنى نامايان قىلدى، بۇ ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەشتە مۇھىم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1) ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا تونۇش كېرەك**

ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم كۈچ. ئەمما، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولۇپ، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر دۆلىتىمىزگە قارىتا سىڭىپ كىرىش ۋە پارچىلاش سۇيىقەستىدە بولماقتا، ئاتالمىش «دېموكراتىيە»، «باراۋەرلىك»، «ئىنسانىي ھوقۇق» نىقابى ئاستىدا دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي كەيپىيات پەيدا قىلىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. «خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ھەر خىل يول ۋە ۋاستە ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىغا غەرب بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزەرى، قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىپ، يوشۇرۇن ئۇسۇللار بىلەن ئىستۇدېنتلارنىڭ ئىدىيەسىنى غەربلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت»[9]. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەر نۆۋەتتە ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىغا بولغان ئىدىيەۋى سىياسىي تەربىيەنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۇلارغا بولغان تەربىيەنىڭ سالمىقىنى تېخىمۇ زورايتىش كېرەك.

ئالىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە

سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىكى مۇھىم كۆرسەتمىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەر يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى تەربىيەسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ مىللىي ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسى ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى، ئۇلاردا ھەر خىل خاتا مىللەت قاراشلىرىغا دادىل قارشى تۇرىدىغان ئاڭنى تولۇق يېتىلدۈرۈشى؛ ئۇلارنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مىللەت ۋە مىللىي مەسىلىنى توغرا، ئوبيېكتىپ تونۇيدىغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە توغرا مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك تارىخىي بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم.

**2) ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئىچىدىكى ئىلغارلارنى كومپارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم**

شى جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھالقىسى پارتىيەدە، ئادەمدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكى ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەش جەريانىدا ئۇلاردىن پارتىيەگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم، ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقىرى زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى كومپارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش ئالىي مەكتەپلەر پارتكومى ۋە پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپىسى ۋە ئاساسىي مەجبۇرىيىتى، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ھالقىسى، مىللەتلەر خىزمىتى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى. ئالىي مەكتەپلەر كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئىستۇدېنتلاردا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئىچىدىكى ئىلغارلارنى كومپارتىيەگە قوبۇل قىلىشنىڭ يېڭى يولىنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاپ ۋە ھەل قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدىن پارتىيەگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرى كەلگۈسى مىللىي رايونلار قۇرۇلۇشىنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ۋە تايانچ كۈچلىرى، ئۇلار ھەم ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتى ھەم كەلگۈسىدە مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم سۇبيېكتلىرى، شۇڭا ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئۇلارنى كەلگۈسى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ھەقىقىي سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

**3) ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىغا يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيەسىنى كۈچەيتىش لازىم**

ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىغا قارىتا يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيەسىنى كۈچەيتىش شى

جىنپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ يولى توغرىسىدىكى قارىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى بولۇپ، ئۇ ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدا يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولى ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچى تۇرغۇزۇش ۋە يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى تاللىشىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى. يېڭى ۋەزىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ ئالاھىدە ۋە كونكرېت بولۇپ، ئاساسلىقى «بەش تونۇش» تەربىيەسى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە تەربىيەسىنى كۈچەيتىشكە مەركەزلەشكەن.

شى جىنپىڭ مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا: «ھەر مىللەت ئاممىسىدا توغرا دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى سىستېمىسى ۋە سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان تونۇشى، جۇڭخۇا مىللىتىگە بولغان تونۇشى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە بولغان تونۇشى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك»[10]، دەپ كۆرسەتتى. ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان «بەش تونۇش» تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ توغرا دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىشكە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. شى جىنپىڭ يەنە جۇڭخۇا مىللىتى «تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە»، دەپ كۆرسەتتى. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ «تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە»لىك تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىش ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆز تەقدىرىنى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، شەخس تەرەققىياتىنىڭ چىقىش يولى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدا ئۈمىد بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشىگە پايدىلىق؛ ئۇلارنىڭ «بىرى گۈللەنسە ھەممە تەڭ گۈللىنىدۇ، بىرى خارابلاشسا ھەممە تەڭ خارابلىشىدۇ» دېگەن ئاڭنى تۇرغۇزۇشىغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئاڭلىق زىممىسىگە ئېلىشىغا پايدىلىق.

## 3. ئالىي مەكتەپلەردە شى جىنپىڭنىڭ مىللەت قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ تۈپ يولى ۋە ئۇسۇلى

**1) ئىستراتېگىيەلىك سىستېما قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم**

ئالىي مەكتەپلەر يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇلارنى تەربىيەلەشنى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتىكى مۇھىم ۋە تەخىرسىز ئىشلار قاتارىغا قويۇشى، ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇش سىستېمىسى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى، تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى يادرو قىلغان ھالدا، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەشتىكى رەھبەرلىك مېخانىزمىغا بولغان تونۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى باش بولىدىغان، مەكتەپ پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، پارتكوم ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بۆلۈمى، پارتكوم ئىشخانىسى، مۇدىرىيەت ئىشخانىسى، ئىلمىي باشقارما، مالىيە بۆلۈمى، ئارقا سەپ

گۇرۇھى قاتارلىق تارماقلار قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشنى، مەكتەپنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمىتىگە سىڭدۈرۈپ، ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؛ ھەرقايسى ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلار ئۆزلىرىگە تەۋە ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تەربىيەلەش پىلانى ۋە لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەكتەپ، ئىنستىتۇت، فاكۇلتېت تەڭ تۇتۇپ ئورتاق تەربىيەلەيدىغان، ماسلىشىپ تەربىيەلەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم، كەسپتە كۈچلۈك، تۇرمۇش ئىستىلى دۇرۇس ئىدىيە - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشى، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ئالاقىدار تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىپ، سىياسەت ۋە خىراجەت جەھەتتە ئۇلارنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇشى؛ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىدىيە - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەربىيەلەشنىڭ قاراتمىلىقلىقى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىي مەكتەپلەر مەكتەپ مەمۇرىيىتىدىكى كادىرلار، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ۋە سىنىپ مەسئۇللىرىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى قوزغىتىدىغان ئىلھاملاندۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدىكى توپلىشىشچانلىققا ئىگە ئالاھىدىلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، مەكتەپ ئىچىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت، سەنئەت كۆرگەزمىسى ۋە سەنئەت نومۇرىنى كۆرسىتىش پائالىيىتى قاتارلىق ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاش كېرەك.

**2) غايە - ئېتىقاد تەربىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى بېيىتىش كېرەك**

ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشتە، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە ماسلىشىشىغا ئالاقىدار بىلىم ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈش تەربىيەسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك غايە - ئېتىقاد تەربىيەسىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، «شىنجاڭ تارىخى، مىللەت، دىن نەزەرىيەسى ۋە سىياسىتى دەرسلىكى»، «ۋەزىيەت ۋە سىياسەت» دەرسلىكلىرىگە ئوخشاش يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىرىدە پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى ۋە مىللىي سىياسىتىنى نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، «ماۋزېدۇڭ ئىدىيەسى ۋە جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم نەزەرىيەسى سىستېمىسىدىن ئومۇمىي بايان»، «ئىدىيەۋى سىياسىي ساپا ۋە قانۇندىن ئاساس» قاتارلىق سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىكىنىڭ ئالاقىدار مەزمۇنلىرىغا شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بەش تونۇش»، «تۆت ئاڭ»، «تۆت ئىشەنچ» ۋە «جۇڭخۇا مىللىتى تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە» قاتارلىق ئىدىيەلەرنى قوشۇپ، تەربىيەلەش مەزمۇنىنى بېيىتىش كېرەك. ئىككىنچى، كەسپىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئوقۇتۇش جەريانىغا جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك غايە - ئېتىقاد

تەربىيەسىنى سىڭدۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتەك تۈپ ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچى، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار ۋە سىنىپ مەسئۇللىرى ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە جەريانىدا، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، جۇڭگو ئارزۇسى، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» قاتارلىق جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە غايە، ئېتىقاد تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئېتىقادىنى چىڭىتىشقا يېتەكلەش كېرەك.

**3) تەربىيە ۋاستىلىرىنى كېڭەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ شەكىل ۋە ئۇسۇللىرىنى ئەلالاشتۇرۇش لازىم**

ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشتە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ ـ ئادىتى، پىسخىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقىگە ئاساسەن، قاراتمىلىققا ئىگە شەكىل ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك. بىرىنچى، نەزەرىيە تەربىيەسى بىلەن ئەمەلىيەت تەربىيەسىنى، مەكتەپ تەربىيەسى بىلەن جەمئىيەت تەربىيەسىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر دەرسخانا ئوقۇتۇشى ئاساسىدا ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى پارتىيەنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى، مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىشى، ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسى، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بازىسى، مەكتەپ مۇزېيى كان ـ كارخانا، زاۋۇت قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارغا دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى ھەر ساھەدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە تەشكىللەپ، بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى خۇددى كۆز قارچۇغىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراش ۋە قوغداش كېرەكلىكىنى ئاڭلىق ھېس قىلدۇرۇپ، «ئىتتىپاقلىق بەخت، بۆلگۈنچىلىك ئاپەت» دېگەن قاراشنى تىكلەشكە يېتەكلەش؛ دۆلەتنىڭ خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى پائالىيىتى قاتارلىق پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىغا بولغان يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك غايە ۋە ئېتىقاد تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك، مەسىلەن، ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنى خاتىرىلەش كۈنى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش كۈنى، نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا تالاپەتكە ئۇچرىغانلارغا پۈتۈن دۆلەت بويىچە تەزىيە بىلدۈرۈش كۈنى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسىگە گۈل تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىگە ئائىت فىلىملەرنى كۆرۈش قاتارلىق خىلمۇ ـ خىل مول مەزمۇن باش تېما قىلىنغان تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشتە دەرسخانا ئوقۇتۇشى بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، ئەنئەنىۋىي تاراتقۇ تەربىيەسى بىلەن زامانىۋى تاراتقۇ تەربىيەسىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئالىي مەكتەپلەر ئەنئەنىۋىي تاراتقۇ تەربىيەسى ئاساسىدا ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىغا تور ئارقىلىق سىياسىي ـ ئىدىيە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىشى، قىزىل مەنبە باش تېمىلىق تور بېكەت قۇرۇش ئارقىلىق، مەكتەپ تور بېكەتلىرىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئىچىدىكى ئىلغار تىپ مەخسۇس سەھىپىسىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشى، مەكتەپ، ھۆكۈمەت ئۈندىدارى ۋە مىكرو بىلوگ سۇپىسىدا ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرى ئارىسىدىكى ئىلغار شەخس، ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى مەخسۇس خەۋەر قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق،

ئىنتېرنېت تورى ئىستېھكامىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەپ، يېڭى تاراتقۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنى تەربىيەلەشتىكى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**4) ئىلغار تىپ تىكلەشنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدىن پارتىيەگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش كېرەك**

يېڭى دەۋر جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدىن پارتىيەگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارار ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتا ناھايىتى مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئالىي مەكتەپلەر ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىدىن پارتىيەگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى پارتىيە ئۈچۈن، مىللىي رايونلار ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشى، مەكتەپنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى نۇقتىسىدا تۇرۇپ بىر تۇتاش پىلانلىشى، ئىدىيەنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىستۇدېنت پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنىڭ كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

## ئىزاھلار:

[1] 习近平. 习近平总书记给中央民族大学附属中学全校学生的回信[N]. 人民日报, 2013: 10 - 07.

[2] 中央第二次新疆工作座谈会的报道[N]. 人民日报，2015: 05 - 30.

[3][4][8]中央民族工作会议暨国务院第六次全国民族团结进步表彰大会在北京举行[N]. 人民日报, 2014: 09 - 30.

[5][10] باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:«ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىغا يېقىندىن تايىنىپ، بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىناق، گۈللەنگەن، باي، مەدەنىي، تەرەققىي قىلغان ۋە خاتىرجەم ياشايدىغان سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى» [N]. شىنجاڭ گېزىتى 2014 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

[6] 国家民委民族理论政策研究室编. 中央民族工作会议创新观点面对面[M]. 北京: 民族出版社, 2015.

[7] 习近平看望出席全国政协十二届二次会议委员并参加讨论[N]. 人民日报, 2014: 03 - 05.

[9] 黄超. 美国对华宗教渗透新模式及其意识形态演变[J]. 中国党政干部论坛, 2012(02).

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)03 - 010 - 08

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل*

ئارزۇگۈل شېرىپ، مەرھابا ئەلى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىلى ئىنستىتۇتى، ئۇچۇر ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** پېئىل ھەرقانداق تىلدىكى ئالاھىدە مۇرەككەپ سۆز تۈركۈمى بولۇپ، پېئىل توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى قىزىق نۇقتىلارنىڭ بىرىدۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل بولسا تولۇق تۈرلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە سۆز تۈركۈمىدۇر. بۇ ماقالىدە 1 ـ قەدەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلەلەيدىغان قوشۇمچىلار ئۈستىدە ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلىنىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۈرگە بۆلۈندى. 2 ـ قەدەمدە پېئىلنىڭ 1 ـ ۋە 2 ـ دەرىجىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ پېئىل ئۆزىكى بىلەن ئاپتوماتىك تۈرلىنىشى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى، يەنى پېئىل ئۆزىكىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن 22 خىل تۈرگە، پېئىل قوشۇمچىلىرى 8 خىل چوڭ تۈرگە بۆلۈندى. شۇنداقلا تاۋۇشلارنىڭ فونېتىكىلىق ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن پېئىلنىڭ 176 خىل ئاپتوماتىك تۈرلىنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** پېئىل؛ تۈرگە بۆلۈنۈشى؛ ئاپتوماتىك تۈرلىنىشى

**维吾尔语动词构形词尾的统计分析研究**

阿孜古丽·夏力甫，麦热哈巴·艾力

**摘要**：动词在任何语言中都是一个非常复杂的词类。研究动词是语言学界的热门话题之一。现代维吾尔语中的动词是富有形态变化的词类。本文第一步主要对维吾尔语动词之后附加的各种词尾进行统计分析并根据缀加特点进行分类。第二部对动词的一、二级词尾与词干的自动形态生成进行研究，即根据词干与词尾的语音特点分别分成 22 种和 8 种分类，并根据语音和谐规律实现 176 种自动生成形式。

**关键词**：动词；分类；自动生成

**Abstract:** Verbs are a very complex part of speech in any languages. The study of verbs is one of the hottest topics field in linguistics. Verbs in the modern Uyghur have rich and complex morphological forms. In this paper, firstly, we have done statistical analysis to the affixes which could attach to the verbs, and classified them several categories according to their attaching features. Secondly, studying on the automatic generation of a verb through attaching first level and second level affixes to the verb stem, which means that the verb stems divided into 22 categories while affixes divided into 8 categories according to phonetic features and generated 176 kinds of verb forms based on the phonetic harmony rules.

**Keywords:** Verb; Classification; Automatic generation.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H215　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ ئۇچۇرلىشىش دەرىجىسى كۈندىن-

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
بۇ ماقالە دۆلەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقات فوندىنىڭ (61262061) ياردىمىگە ئېرىشكەن.

ئاپتور: ئارزۇگۈل شېرىپ (1974 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
مەرھابا ئەلى (1973 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور، تىللارنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كۆڭگە ئېشىپ بېرىپ، تىل ئۇچۇرلىرىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى دېگەن بىر ئارىلىق پەن شەكىللىنىشكە باشلىدى. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى دېگىنىمىز: كومپيۇتېردا تەبىئىي تىلنى تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئارىلىق پەننى كۆرسىتىدۇ. كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى تەبىئىي تىل بولغاچقا تىلشۇناسلار ئۇنى تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدۇ، كومپيۇتېر تەتقىقاتچىلىرى بولسا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىدا ئىلغار كومپيۇتېر بىلىملىرى بىلەن تەبىئىي تىلنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ، شۇڭا بۇ كومپيۇتېر ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدۇ. ماتېماتىكلار بولسا كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىدا تەبىئىي تىلنىڭ شەكىللىنىش قۇرۇلمىسى ۋە تەبىئىي تىلنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدۇ، شۇڭا بۇ ئەمەلىي ماتېماتىكىنىڭ بىر تارمىقى دەپ قارايدۇ. مەيلى قانداقلا قاراشلار بولسۇن، كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى بىر خىل يەككە پەن بولماستىن بەلكى نەچچە خىل پەن زىچ بىرلەشكەن ئارىلىق پەن ھېسابلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى 80- يىللاردىن كېيىن تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ۋە ئېرىشمەكتە.

شىنجاڭنىڭ كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقىمۇ 90- يىللاردىن كېيىن نۇرغۇن تىلشۇناسلار، ماتېماتىكلار ۋە كومپيۇتېرشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، بىخ سۈرۈش باسقۇچىدىن ئاستا-ئاستا تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا يۈزلەندى ۋە بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارمۇ ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. ھازىرقى تەتقىقاتىمىز بۇرۇنقى سۈپەت ئانالىزىدىن مىقدار ئانالىزىغا، ئەنئەنىۋى ئۇسۇل (كۆزىتىش، مىسال ئېلىش) دىن تەجرىبە ئىشلەش ئۇسۇلىغا، تەجرىبىگە تايىنىشتىن ئىستاتىستىكىغا تايىنىشقا ئۆزگەردى. ئۇيغۇر تىلىنى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىش تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى دەۋر بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىزمۇ دىققىتىمىزنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتوماتىك تۈرلىنىشى ئۈستىدە ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىشقا قاراتتۇق.

## 1. پېئىللارنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى توغرىسىدا

مورفېما دېگىنىمىز: تىلدىكى يەنە مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان، مەنە ئىپادىلىگۈچى ئەڭ كىچىك بىرلىكنى كۆرسىتىدۇ . ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە مورفېمىنىڭ تەبىرى توغرىسىدىكى قاراشلار بىردەك[1]. ئەمما مورفېمىنىڭ تۈرى توغرىسىدا تىلشۇناسلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن ئوخشىمىغان تۈرلەرگە بۆلگەن. مورفېمىنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل قاراش مەۋجۇت. كۆپ قىسىم تەتقىقاتچىلار مورفېمىنى مۇستەقىل مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلگەن. ئەگەشمە مورفېمىنى يەنە ئۆز ئىچىدىن سۆز ياسىغۇچى مورفېما ۋە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دەپ ئىككى تۈرگە بۆلگەن [2][3][4]. ئىككىنچى خىل كۆز قاراشتىكى تەتقىقاتچىلار مورفېمىنى مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىش دەرىجىسىگە قاراپ سۆز يىلتىزلىق مورفېما (词根语素)، سۆز ياسىغۇچى ئەگەشمە مورفېما (构词附加语素) ۋە سۆز تۈرلىگۈچى ئەگەشمە مورفېما (构形附加语素) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلگەن [5]. ئۈچىنچى قاراشتىكى تەتقىقاتچىلار مورفېمىنى سۆز يىلتىزى، سۆز ياسىغۇچى مورفېما، سۆز ئايلاندۇرغۇچى مورفېما (转词语素) ۋە سۆز ئۆزگەرتكۈچى مورفېما (变词语素) دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈپ، مۇستەقىل مورفېما بىلەن ئەگەشمە مورفېمىنى بىر قاتلامدا قويۇپ تەھلىل قىلغان [6]. تۆتىنچى خىل قاراشتىكى تەتقىقاتچىلار مورفېمىنى ئالدى بىلەن سۆز يىلتىزى ۋە ئەگەشمە مورفېما دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلگەن، ئاندىن ئەگەشمە مورفېمىنى ئىچكى قىسىمدا يەنە بۆلگەن، يەنى سۆز ياسىغۇچى مورفېما (构词语素)، سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما (构形语素) ۋە سۆز ياسىغۇچى - سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما (构词-构形语素) دەپ ئۈچ

تۈرگە بۆلگەن[7][8][9]. بىز يۇقىرىقى قاراشلار ئىچىدە تۆتىنچى قاراشنى بىر ئاز مۇۋاپىق كۆردۇق، چۈنكى بۇ خىل قاراشنىڭ تۈرگە بۆلۈش قائىدىسى ئېنىق ھەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېما مۇستەقىل مورفېما ۋە ئەگەشمە مورفېما دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئەگەشمە مورفېما ئۆز ئىچىدىن يەنە سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما، سۆز ياسىغۇچى مورفېما ۋە سۆز ياسىغۇچى ـ سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. سۆز ياسىغۇچى مورفېما سۆز يىلتىزىغا قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ھاسىل قىلىدىغان قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ. سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما سۆز يىلتىزىغا قوشۇلۇپ سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق تۈرلىنىشىنى ھاسىل قىلىدىغان مورفېمىنى كۆرسىتىدۇ. سۆز ياسىغۇچى ـ سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما دېگىنىمىز: سۆز يىلتىزى ياكى سۆز ئۆزىكىگە قوشۇلۇپ يېڭى سۆز ھاسىل قىلمايدىغان، ئەمما شۇ سۆزنىڭ جۈملىدىكى رولىنى ئۆزگەرتىدىغان ھەم پېئىلنىڭ ئەسلىي ۋالېنت (配价) سانىنى ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىنى كۆرسىتىدۇ. پېئىلنىڭ دەرىجە كاتېگورىيەسىگە تەۋە قوشۇمچىلار دەل مۇشۇ خىل تۈرگە كىرىدۇ. مەسىلەن، «كۆل-» بىلەن «كۆلدۈر-» پېئىلنى مىسالغا ئالساق، ئەنئەنىۋى تەتقىقاتىمىزدا «-دۈر» مەجبۇرىي دەرىجە قوشۇمچىسى دەپ قارىلىپ، سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما تەۋەسىگە كىرىدۇ. بىزنىڭچە بۇ خىل قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى ـ سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىسى تەۋەسىگە كىرىدۇ. يەنى «كۆل-» پېئىلىنىڭ كەينىگە «-دۈر» قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا يېڭى سۆز ھاسىل بولمىدى، ئەمما ئاشۇ پېئىلنىڭ جۈملىدىكى ۋالېنت سانىنى ئۆزگەرتتى (بۇ توغرىلىق تەتقىقاتلىرىمىز يەنە بار[10][11]، قىزىققۇچىلار شۇ ماقالىلەرنى كۆرسە بولىدۇ). بىزنىڭ پېئىلنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان قوشۇمچىلار توغرىسىدىكى ئىستاتىستىكىلىق تەھلىلىمىز دەل «ئۆزەك + دەرىجە كاتېگورىيەسى قوشۇمچىلىرى»دىن كېيىنكى قوشۇمچىلار ئۈستىدە بولىدۇ. سەۋەب، بىرىنچىدىن، دەرىجە كاتېگورىيەسى قوشۇمچىسى سۆز ياسىغۇچى ـ سۆز تۈرلىگۈچى مورفېمىغا تەۋە؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە پېئىللارنىڭ ئوخشاش دەرىجە كاتېگورىيەسى بولمايدۇ[12]؛ ئۈچىنچىدىن، تىلنىڭ تۈرلىنىش شەكلىنىڭ كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىنىشىنى ئاددىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ ماقالىدە پېئىللارنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى ئاساسلىق تەھلىل قىلىنىدۇ.

## 2. پېئىلنىڭ سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرىنىڭ ئىستاتىستىكىلىق نەتىجىسى

بىز ئالدى بىلەن شىنجاڭ كۆپ تىل ئۇچۇر تېخنىكىسى تەجرىبىخانىسىدىكىلەر قولدا تاماملىغان «مىليون سۆزلۈك ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيەلىك ئانالىز قىلىش سۆز ئامبىرى»دا ئىستاتىستىكا ئېلىپ باردۇق. بۇ سۆز ئامبىرىدا 67114 مۇكەممەل جۈملە (ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار بولۇپ، بۇ جۈملىلەردە كۆرۈلگەن پېئىللار 88438 (پېئىلنىڭ ھەر خىل تۈرلىنىش شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەكرارلانمىغان پېئىللاردىن 37220 سى بار. بىز ئىستاتىستىكىمىزدىن شۇنى بايقىدۇقكى، پېئىللارنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ كېلەلەيدىغان قوشۇمچىلار جەمئىي 256 بولۇپ (بۇ بىزنىڭ ھازىرغىچە بار بولغان سۆز ئامبىرىمىزدىن ئېرىشكەن نەتىجىمىزدۇر)، بۇنىڭ ئىچىدە پېئىلنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن 190 (دەرىجە كاتېگورىيە قوشۇمچىلىرى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس) نى، ئىسىمنىڭ قوشۇمچىلىرىدىن 46سى، يۈكلىمىلەردىن 20سى بار. ئىستاتىستىكا قىلىنغان قوشۇمچىلىرىمىز تۆۋەندىكىچە (بىز «ئىدى، ئىكەن» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ مۇستەقىل ئىشلىتىلمەسلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئۇلارنىمۇ قوشۇمچە قاتارىدا بىر تەرەپ قىلدۇق):

پېئىل قوشۇمچىلىرى

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دىم | تىم | دۇم | تۇم | دۈم | تۈم | دۇق | تۇق | دىڭ | تىڭ |
| دۈڭ | تۈڭ | دۈڭ | تۈڭ | دىڭىز | تىڭىز | دىڭلار | تىڭلار | دۈڭلار | تۈڭلار |
| دۈڭلار | تۈڭلار | دى | تى | دىلە | دىلا | تىلە | ىمەن | يمەن | ىمىز |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يمىز | ىسەن | يسەن | ىسىز | يسىز | ىسلەر | يسلەر | ىدۇ | يدۇ | ىدىلا |
| يدىلا | يلا | ي | اي | ەي | يلى | ايلى | ميلى | ڭ | ىڭ |
| ۋڭ | ۋڭ | ڭلار | ىڭلار | ۋڭلار | ۋڭلار | سۇن | ماقچى | مەكچى | ماقتا |
| مەكتە | يت | ات | ەت | ۋات | ىۋات | ۋۋات | ۋۋات | ۋال | ىۋال |
| ۋۋال | ۋۋال | ۋەت | ىۋەت | ۋۋەت | ۋۋەت | ۋەر | ىۋەر | ۋۋەر | ۋۋەر |
| الا | ەلە | يالا | يەلە | ال | ەل | يال | يەل | پ | ىپ |
| ۋپ | ۋپ | غىلى | قىلى | گىلى | كىلى | غاچقا | قاچقا | گەچكە | كەچكە |
| غاچ | قاچ | گەچ | كەچ | غانسېرى | قانسېرى | گەنسېرى | كەنسېرى | ش | ىش |
| ۋش | ۋش | غۇ | قۇ | گۇ | كۇ | غان | قان | گەن | كەن |
| ىدىغان | يدىغان | ما | مە | ماس | مەس | غىن | قىن | گىن | كىن |
| ماق | مەك | ماي | مەي | سام | سەم | ساق | سەك | ساڭ | سەڭ |
| سىڭىز | ساڭلار | سەڭلار | سا | سە | سلا | سلە | دىمەن | دىمىز | مەن |
| مىز | سەن | سىز | سلەر | دۇ | تىمەن | تىمىز | تىسەن | تىسىز | تىسلەر |
| تۇ | ئىدىم | ئىدۇق | ئىدىڭ | ئىدىڭىز | ئىدىڭلار | ئىدى | ئىكەنمەن | ئىكەنمىز | ئىكەنسەن |
| ئىدۇق | ئىكەنسىز | ئىكەنسىلەر | ئىكەن | كەن | م | ام | ەم | غۇچە | قۇچە |
| گۇچە | كۇچە | غاي | قاي | گەي | كەي | غۇي | ر | ار | ەر |

ئىسىم قوشۇمچىلىرى

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| م | ىم | ۋم | ۋم | مىز | ىمىز | ڭ | ىڭ | ۋڭ | ۋڭ |
| ڭىز | ىڭىز | ڭلار | ىڭلار | ۋڭلار | ۋڭلار | ى | سى | لىرى | نىڭ |
| نى | غا | قا | گە | كە | دا | تا | دە | تە | غىچە |
| قىچە | گىچە | كىچە | دەك | تەك | دىكى | تىكى | چە | چىلىك | ىچە |
| دىن | تىن | لار | لەر | لىق | لىك | | | | |

يۈكلىمىلەر

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇ | غۇ | چۇ | دۇ | كىن | كى | لا | مىش | يمىش | ار |
| يا | دا | ۋي | وي | تاڭ | ئە | ئا | نا | ۋ | ما |

بىز بۇ قوشۇمچىلارنىڭ سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىش ئورنىغا قاراپ 1-دەرىجىلىك قوشۇمچە، 2-دەرىجىلىك قوشۇمچە، 3-دەرىجىلىك قوشۇمچە دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلدۇق . 1-دەرىجىلىك قوشۇمچە دېگىنىمىز: پېئىلغا بىۋاسىتە ئۇلىنىپ كېلەلەيدىغان ھەمدە پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسىمۇ بولالايدىغان قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن «باردىم» دىكى «-دىم» قوشۇمچىسى بولسا پېئىلنىڭ ۋاستىسىز ئۆتكەن زامان 1-شەخس بىرلىك قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇ پېئىللارنىڭ تۈرلىنىشىدە پېئىلغا بىۋاسىتە ئۇلىنالايدۇ، ھەمدە پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسىمۇ بولالايدۇ. 2-دەرىجىلىك قوشۇمچە دېگىنىمىز: پېئىلغا بىۋاسىتە ئۇلىنىپ كېلەلەيدىغان، ئەمما پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولالمايدىغان قوشۇمچىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «باراتتىم» دېگەن تۈرلىنىشتە پېئىل «بار-» نىڭ كەينىگە «-ات» ۋە «-تىم» قوشۇمچىسى ئۇلانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە «-ات» قوشۇمچىسى پېئىلنىڭ ۋاستىسىز تەكرار ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇ پېئىلغا بىۋاستە ئۇلىنىپ كېلەلەيدۇ، ئەمما پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولالمايدۇ. ئۇ پەقەت پېئىلنىڭ «-تىم» دېگەندەك ۋاستىسىز ئۆتكەن زامان قوشۇمچىلىرى بىلەن قوشۇلغاندىلا ئاندىن بىر مۇكەممەل تۈرلىنىش شەكلىنى ھاسىل قىلالايدۇ . 3-دەرىجىلىك قوشۇمچىلار دېگىنىمىز: پېئىلغا بىۋاستە ئۇلىنالمايدىغان، ئەمما پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولالايدىغان قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «بارغانىدىم»دىكى «ئىدىم» بىۋاستە پېئىلغا ئۇلىنىپ كېلەلمەيدۇ، پەقەت پېئىلنىڭ تۈرغۇن سۆز قوشۇمچىسى «غان»نىڭ ياردىمىدە پېئىلغا ئۇلىنىپ كېلىپ، پېئىل تۈرلىنىشىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولالايدۇ. بىز بۇنداق قوشۇمچىلارنى 3-دەرىجىلىك قوشۇمچىلار دەپ قاردۇق. پېئىلنىڭ كەينىگە ئۇلىنىپ

كېلەلەيدىغان ئىسىم قوشۇمچىلىرىمۇ مۇشۇ خىل دەرىجە تەۋەسىگە كىرىدۇ. يۇقىرىقى 256 قوشۇمچىنىڭ دەرىجىگە بۆلۈنۈش سانى تۆۋەندىكىچە:

| دەرىجە ئايرىمىسى | سانى | | | مىسال |
|---|---|---|---|---|
| 1-دەرىجىلىك | 142 | | | دىم، ىمەن، سا |
| 2-دەرىجىلىك | 22 | | | ام، يت، يالا |
| 3-دەرىجىلىك | 92 | پېئىل | 26 | تىمەن، مىز، دۇ |
| | | ئىسىم | 46 | غا، دا، م |
| | | يۈكلىمە | 20 | غۇ، لا، چۇ |

تۆۋەندىكى چەكلىك ھالەت ئۆزگىرىش ئىسخېمىسىغا قارىساقمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئىسخېمىدا $q_0$ پېئىل ئۆزىكىنى كۆرسىتىدۇ، $q_1$ 1-دەرىجىلىك قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ، $q_2$ 2-دەرىجىلىك قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ، $q_3$ 3-دەرىجىلىك قوشۇمچىلارنى كۆرسىتىدۇ.




بۇنىڭدا $q_0$ تۇرلەنگەن پېئىلنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى كۆرسىتىدۇ. $q_0$دىن چىقىپ $q_1$ بىلەن $q_2$ گە بارغىلى بولىدۇ، $q_0$ دىن $q_3$ كە بارغىلى بولمايدۇ. $q_1$ بىلەن $q_3$ تۇرلەنگەن پېئىلنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولىدۇ، ئەمما $q_3$ $q_0$ گە بىۋاستە ئۇلىنىپ كېلەلمەيدۇ. $q_2$ پېئىل ئۆزىكىگە ئۇلىنىپ كېلەلەيدۇ، ئەمما تۇرلەنگەن شەكىلنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولالمايدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارغا ئۇلىنىپ كەلگەن قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى پېئىل قوشۇمچىسى بولۇشى ناتايىن. پېئىلنىڭ ئۆزىنىڭ قوشۇمچىلىرىمۇ پېئىلنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولۇشى ناتايىن. پېئىل تەتقىقاتى تىل تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلانى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

## 3. پېئىل تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاپتوماتىك تۇرلىنىش نەتىجىسى

بىز پېئىلغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان قوشۇمچىلارنى ئېنىق تۇرلەرگە ئايرىپ بولغاندىن كېيىن، دىققىتىمىزنى مەخسۇس پېئىل قوشۇمچىلىرىغا قاراتتۇق، يەنى 1- ، 2- دەرىجىلىك قوشۇمچىلارنىڭ پېئىللارغا ئۇلىنىپ كېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتوماتىك تۇرلىنىشىنى تەتقىق قىلدۇق. ئالدى بىلەن پېئىل ئۆزىكىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنى تۆۋەندىكى 22خىل تۈرگە ئايرىدۇق ، بۇنىڭدا پېئىل ئۆزىكىنىڭ بىر بوغۇملۇق پېئىل ياكى كۆپ بوغۇملۇق پېئىل بولۇشى، ئاخىرقى بوغۇمنىڭ ئوچۇق بوغۇم ياكى يېپىق بوغۇملۇقى، ئاخىرقى بوغۇمدا ئالدى سوزۇق تاۋۇش ياكى كەينى سوزۇق تاۋۇشنىڭ بار يوقلۇقى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بولۇشى شۇنداقلا پېئىل ئۆزىكىنىڭ ئاخىرقى بوغۇمنىڭ جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بولۇشى قاتارلىق فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن 22 خىل تۈرگە بۆلۈندى، پېئىل ئۆزەكلىرى تۈرگە بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن قوشۇمچىلارنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن 8 خىل تۈرگە بۆلۈندى. يەنى بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئوچۇق بوغۇملۇق ياكى يېپىق بوغۇملۇق پېئىل ئۆزەكلىرىنىڭ كەينىدە كېلىشى، ئالدى سوزۇق تاۋۇشى ياكى كەينى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن تاۋۇش ئورنى

جەھەتتىن ماسلىششى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ياكى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش بىلەن لەۋ جەھەتتىن ماسلىششى، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ياكى جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ماسلىششى قاتارلىق فونېتىكىلىق ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈندى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

پېئىللارنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى

| تۈر سانى | ئۆزەك تۈرى | مىسال |
|---|---|---|
| 1 | ئوچۇق بوغۇم، بىر بوغۇم، ئالدى سوزۇق، لەۋلەشمىگەن | دە-، يە- |
| 2 | ئوچۇق بوغۇم، بىر بوغۇم، كەينى سوزۇق، لەۋلەشكەن | يۇ- |
| 3 | ئوچۇق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، ئالدى سوزۇق، لەۋلەشكەن | يەلپۈ- يۈدۈ- |
| 4 | ئوچۇق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، ئالدى سوزۇق، لەۋلەشمىگەن | رەتلە- يۆلە- |
| 5 | ئوچۇق، بوغۇم، كۆپ بوغۇم، كەينى سوزۇق، لەۋلەشكەن | ئوقۇ- تونۇ- |
| 6 | ئوچۇق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، كەينى سوزۇق، لەۋلەشمىگەن | تاشلا-، ئاتلا- |
| 7 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭلىق، لەۋلەشكەن | كۆر – ئۈز - |
| 8 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭلىق، لەۋلەشمىگەن | كەل- سەز - |
| 9 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشكەن | ئۆس - كۆچ - |
| 10 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشمىگەن | ئەت - كەت - |
| 11 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭلىق، لەۋلەشكەن | ئۇر - سوز - |
| 12 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭلىق، لەۋلەشمىگەن | ئال- ماڭ- |
| 13 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشكەن | تۇت- ئۇچ- |
| 14 | يېپىق بوغۇم، بىر بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشمىگەن | تاش - سات - |
| 15 | يېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭلىق، لەۋلەشكەن | يۈگۈر - تەلمۈر- |
| 16 | يېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشكەن | چۈشەن- كۆكەر- |
| 17 | يېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشكەن | كۈيۈش- يۈرۈش - |
| 18 | يېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، ئالدى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشمىگەن | ئەۋەت - گەپلەش- |
| 19 | ېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭلىق، لەۋلەشكەن | باشقۇر - سۇغۇر- |
| 20 | يېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭلىق، لەۋلەشمىگەن | ئازاي- تايان- |
| 21 | ېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشكەن | ھودۇق- يولۇق- |
| 22 | يېپىق بوغۇم، كۆپ بوغۇم، كەينى سوزۇق، جاراڭسىز، لەۋلەشمىگەن | باغلاش- قاتناش- |

پېئىل قوشۇمچىلىرىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۆلۈنۈشى

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1-خىل قوشۇمچە | a | | دىم | | دىڭ | | دىڭلار | |
| | b | | تىم | | تىڭ | | تىڭلار | |
| | c | | دۇڭ | | دۇڭ | | دۇڭلار | |
| | d | | تۇڭ | | تۇڭ | | تۇڭلار | |
| | e | | دۈڭ | | دۈڭ | | دۈڭلار | |
| | f | | تۈڭ | | تۈڭ | | تۈڭلار | |
| 2-خىل قوشۇمچە | a | غان | غىچە | غىلى | غانسېرى | غاچ | غاچقا | غىن |
| | b | قان | قىچە | قىلى | قانسېرى | قاچ | قاچقا | قىن |
| | c | گەن | گىچە | گىلى | گەنسېرى | گەچ | گەچكە | گىن |
| | d | كەن | كىچە | كىلى | كەنسېرى | كەچ | كەچكە | كىن |
| 3-خىل قوشۇمچە | a | ىمەن | | ىمىز | ىسەن | ىسىز | ىسلەر | ىدۇ |
| | b | يمەن | | يمىز | يسەن | يسىز | يسلەر | يدۇ |
| 4-خىل قوشۇمچە | a | | ما | | | | ماقچى | |
| | b | | مە | | | | مەكچى | |
| 5-خىل قوشۇمچە | a | | ي | | يت | | يلى | |
| | b | | اي | | ات | | ايلى | |
| | c | | ەي | | ەت | | ەيلى | |
| 6-خىل | a | ۋات | ۋەر | ۋەت | ۋال | | | |
| | | | | | ن | ل | ش | پ |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قوشۇمچە | b | ىۋات | ىۋەر | ىۋەت | ىۋال | ىن | ىل | ىش | ىپ |
| | c | ۇۋات | ۇۋەر | ۇۋەت | ۇۋال | ۇن | ۇل | ۇش | ۇپ |
| | d | ۈۋات | ۈۋەر | ۈۋەت | ۈۋال | ۈن | ۈل | ۈش | ۈپ |
| 7-خىل قوشۇمچە | a | | | دۇق | | | دىگىز | | دى |
| | b | | | تۇق | | | تىگىز | | تى |
| 8-خىل قوشۇمچە | | | | | سۇن | | | | |

يۇقىرىقى 22 خىل پېئىل ئۆزىكى ۋە 8 خىل پېئىل قوشۇمچىسىنىڭ فونېتىكىلىق ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن يەنى سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تىل ئورنى، لەۋ ھالىتى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ جاراڭلىق ياكى جاراڭسىزلىق جەھەتتىن ئۆز ئارا ماسلىشىپ كېلىشىگە ئاساسەن پېئىللارنىڭ 176خىل ئاپتوماتىك تۈرلىنىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇش «ئا ، ئە» نىڭ ئاجىزلىششى، تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى قاتارلىق فونېتىكىلىق ھادىسىلەرمۇ ئالاھىدە بىر تەرەپ قىلىندى. تۆۋەندە «دە-» پېئىلىنىڭ تۈرلىنىشى مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىلدۇ.




<دە-> پېئىلىنىڭ ئاپتوماتىك تۈرلىنىشى

يۇقىرىقى كۆزنەكتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ 176 خىل تۈرلىنىشنىڭ ئىچىدە ئاجىزلىشىش ئەھۋالىدىن 91 خىل شەكلى، ئاجىزلاشماسلىق ئەھۋالىدىن 85 خىل شەكلى كۆرۈلدى، شۇنداقلا «دە -» پېئىلىغا ئىسىمداش قوشۇمچىسى «-ش، -ىش، -ۇش، -ۈش» قوشۇلغاندا تاۋۇشلارنىڭ قوشۇلۇش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ، بىز بۇ مەسىلىنىمۇ ياخشى بىر تەرەپ قىلدۇق. (كۆزنەكنىڭ 9- قۇر، ئىككىنچىسىگە قارالسۇن.)

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار تولۇق تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سۆز تۈركۈمى بولۇپ، پېئىللارنىڭ ئاپتوماتىك تۈرلىنىشىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش خېلى مۈرەككەپ. ئۇيغۇرچە ماشىنا تەرجىمىسىنى ئۆچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە مۇھىم مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ھازىرقى تەتقىقاتىمىز پەقەت پېئىلنىڭ 1- ۋە 2- دەرىجىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاپتوماتىك تۈرلىنىشى ئۈستىدە بولىدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتىمىز ھازىرقى تەتقىقاتىمىزنى مۇكەممەلەشتۈرۈش بىلەن بىللە پېئىللارنىڭ 3- دەرىجىلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاپتوماتىك

تۈرلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

## پايدىلانمىلار:


1. گۇ يەنخوڭ: « ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلار توغرىسىدا تەتقىقات»[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2005 (4).
2. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 : 19 - 20.
3. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم : «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى» [M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993: 192 - 193.
4. يى كۇنشۇ، گاۋ شىجى: «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» [M]. مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 : 11 - 12 .
5. چېن شىمىڭ، رازاق مەتنىياز : « ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىي گىراماتىكىسى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1991: 4- 5.
6. شاڭ جىنيى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنىڭ تۈرى ۋە قۇرۇلمىسى توغرىسىدا»[J]. مىلەتلەر ئەدەبىياتى 1985 ( 2): 31-40.
7. جاۋ شاگرۇ: «ئۇيغۇر تىلى چۈشەندۈرۈلۈشى»[M] . مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 : 34 - 35.
8. گاۋ لىچىن: «ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈرلىگۈچى، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار توغرىسىدا»[J] . تىل ۋە تەرجىمە،2007(2 ) 2- 6.
9. خۇ يى: «ئۇيغۇر تىلى مورفېمىلارنىڭ تۈرى توغرىسىدا»[J]. تىل ۋە تەرجىمە ، 1999(4): 19 - 21.
10. گۈلنار ئېزىز: «ئۇيغۇر تىلى پېئىل توغرىسىدىكى ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل»[D]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماگىستىرلىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، 2006: 44 .
11. ئارزۇگۇل شېرىپ: «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ماشىنا تەرجىمىسىگە يۈزلەنگەن پېئىل تەتقىقاتى» [M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2014(4).
12. ئارزۇگۇل شېرىپ: «ئۇيغۇر تىلى دەرىجە كاتېگورىيەسى توغرىسىدىكى ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل»[J]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2012(1).


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 018 ـ 1005 - 5878 (2017)03

# دىننى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يولىغا باشلاش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئېھتىياجى*

ئابدۇشۈكۈر ئوسمان، نۇربىيە ئۆمەر

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىل ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 840046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېچىلغان مەركەزنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتە، جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇھىم كۆرسەتمە بەردى. دىننى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يولىغا باشلاش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئېھتىياجى. بۇ ماقالىدە، ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكى، دىننى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشتا دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچى قاتارلىق مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** دىن؛ جۇڭگوچىلاشتۇرۇش؛ شىنجاڭ؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىق

## 引导宗教走中国化道路是新疆社会稳定与长治久安的需要

阿不都许库尔 · 吾斯曼

**摘要**：2015 年 5 月召开的中央统战工作会议上，习近平总书记提出积极引导宗教与社会主义社会相适应，必须坚持中国化方向的重要指示。积极引导伊斯兰教中国化是新疆社会稳定与长治久安的需要。本文论述了宗教中国化的历史必然及在宗教中国化中宗教领域工作者应承担的责任等问题。

**关键词**：宗教；中国化；新疆；社会稳定

**Abstract:** On the united work conference which was held in May of 2015, the General Secretary Xi Jinping pointed out that to positively leading religion for adapting to Socialism, one must lead it to the Chinese social style. It is also crucial for maintaining long-term social stability of Xinjiang. This paper discusses the importance and historical necessity of converting Islam into Chinese style in Xinjiang and points out several responsibilities to be taken..

**Keywords:** religion; Chinese style; Xinjiang; social stability

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** B911　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

2015 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئېچىلغان مەركەزنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەشتە جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، دىننى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، دىننىڭ ئىجتىمائىي رولىغا دىئالېكتىكىلىق مۇئامىلە قىلىش، دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك»، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ دىننى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىرىنسىپ ھېسابلىنىدۇ.

دىننى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش جۇڭگودىكى دىنلارنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىششقا پائال يېتەكلەش ـ پارتىيەمىزنىڭ دىن

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابدۇشۈكۈر ئوسمان ( 1971 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان) دوتسېنت، دوكتورانت، مىللەت، دىن مەسىلىلىرى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ

ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ توپ نىشانى ۋە مۇھىم نۇقتىسى، شۇنداقلا دىن تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشى.

## 1. دىنىي جۇڭگولاشتۇرۇش تارىخىي مۇقەررەرلىك

جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ناھايىتى مول ۋە چوڭقۇر قاتلامغا ئىگە، ئۇ پۈتكۈل جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئۈندەشتىكى كۈچلۈك روھىي تۈۋرۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە جۇڭگودىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۈزۈلمەي ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرۇشتىكى توپ مەنبە. تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق بىر خىل مەدەنىيەت جۇڭگو تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقچى بولىدىكەن چوقۇم جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئاكتىپ ماسلىشىشى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بىلەن ئورتاق يۇغۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگولاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ خىل مەدەنىيەت ئۇزاققا بارمايلا مەۋجۇتلۇقىدىن ئايرىلىپ شاللىنىپ قالىدۇ. دىنمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئەلۋەتتە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئېلىمىزدە دىنىي جۇڭگولاشتۇرۇش تارىخىي مۇقەررەرلىك، رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجى، كەلگۈسىنىڭ تاللىشى ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگونىڭ دىن تارىخىغا نەزەر سالساق، ھەر قايسى دىنلارنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىگە ئۈزۈكسىز ماسلاشقان، جۇڭگو جەمئىيىتى بىلەن ئۈزۈكسىز بىرىكىپ كەتكەن، شۇنداقلا ئۈزۈكسىز ھالدا جۇڭگولاشقان تارىخىي جەريان ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە مەيلى داۋجىياۋ (تەرىقەتچىلىك)دىنى بولسۇن ياكى سىرتتىن كىرگەن بۇددا دىنى، خرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى، كاتولىك دىنى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيىتىگە ماسلىشىپ جۇڭگوچىلىشىش مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈرگەن.

جۇڭگولاشتۇرۇش دىنىنىڭ تارىختا ماسلىشىشتىكى تاللىشى ھەم دىنىنىڭ كەلگۈسىگە يۈزلىنىشىدىكى مۇقەررەر يولى. ھەر قانداق بىر يېڭى شەيئى ياكى ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش جەريانى دەل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى چوڭ دىنلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو جەمئىيىتىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقچى ۋە تەرەققىي قىلماقچى بولىدىكەن چوقۇم بۇ خىل قانۇنىيەتكە ئاكتىپ بويسۇنۇشى كېرەك. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تارىخىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، دىن پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىجتىمائىي فورماتسىيەنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئۈزۈكسىز ئۆزگەرتىپ، جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. دىنىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدىن قارىغاندا، دىن ھەمىشە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىغا ماسلىشالايدۇ، بويسۇنىدۇ ۋە شۇ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىدۇ، مەلۇم بىر خىل دىنىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئۇ بەلگىلىك ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىپلا قالماي، يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىغىمۇ ماسلىشالايدۇ، دىنىنىڭ مەلۇم بىر دۆلەتكە تارقىلىش جەريانىدىن قارىغاندا ئۇ شۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالىغىمۇ ماسلىشالايدۇ.

بۈگۈنكى جۇڭگو ئېچىۋېتىلگەن، مەدەنىي دۆلەت، جۇڭگو جەمئىيىتىدە ھازىر چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپلا قالماي، يەنە دىنىي جۇڭگولاشتۇرۇشنى يېڭى تارىخىي شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىرىنچىدىن، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ توپ مەنپەئەتىگە ماس كېلىشى

جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى سىياسىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئامما ئارىسىدا ئېتىقاد جەھەتتە پەرق بولۇشى ئىككىنچى مەسىلە. سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەڭ ئېتىقادچى ئامما جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسىي كۈچى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، قانۇنغا بويسۇنۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى. دەل مۇشۇنداق تۈپ مەنپەئەت بىرلىكى دىنىنىڭ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئەتى ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇنۇشىنى بەلگىلىگەن؛ ئىككىنچىدىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى دىنىي زاتلار ۋە كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى، بۇ دىنىنىڭ جۇڭگوچىلاشقانلىقىنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى. پارتىيەمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە ئۇنى دۆلەتنىڭ بىر تۇرلۇك ئۇزاق مەزگىللىك تۈپ سىياسىتى، ئاممىنىڭ بىر تۇرلۇك ئاساسىي ھوقۇقى سۈپىتىدە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزدى. يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان، پارتىيەمىزنىڭ دىن سىياسىتى ۋە نەزەرىيەسى يەنىمۇ مۇللاشتى ھەم تەرەققىي قىلىپ پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيەنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىتىنى يارىتىپ بەردى. ئۈچىنچىدىن، يەنە دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى دىنلار ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، سىياسىي قىياپىتىدە تۈپ ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ دىنىنىڭ جۇڭگوچىلىشىشىنىڭ مۇھىم شەرتى. ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان، ھەر قايسى دىنلاردا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار تۈركۈملەپ مەيدانغا چىقىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ تەلىپى بويىچە دىنىي ئىدىيە، مەدەنىيەت، دىنىي ئەقىدە قاتارلىقلاردا ئىلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشقا يېتەكلىدى. ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دىنىي زاتلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى ۋە قوللىشى ئاستىدا، ئىدىيە، تەشكىل ۋە تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشقا مۇستەھكەم ئۇل سالدى.

## 2. دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشتا دىنىي ساھەسىدىكىلەر ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچ

دىن خىزمىتى ماھىيەتتە ئاممىۋى خىزمەت. دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى تەربىيەلەش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىش ئاممىۋى خىزمەتنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا يېڭى ۋەزىيەتتە دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى تەخىرسىز ۋەزىپە، شۇڭا تۆۋەندىكى ئالتە جەھەتتىكى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1) ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشنى باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش ـ دىنىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى، دىن ساھەدىكىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشنى، قانۇنغا بويسۇنۇشنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ھىمايە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ئىنسانىيەت ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ۋە ئورتاق رىئايە قىلىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى. دىنىي زاتلار ئارىسىدا ۋەتەننى سۆيۈشنى تەكىتلەشتە ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر

تونۇتۇش، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قەتئىي ھىمايە قىلىش كېرەك. دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ۋەتەننى سۆيۈپ، قانۇنغا بويسۇنغاندا ئاندىن دىنىي سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، دىنىي زاتلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىپ كەلدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئۇلار دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەسىگە ماسلىشىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئېڭى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، دىن بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» كە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى قاتارلىق چوڭ سىياسىي مەسىلىلەردە پارتىيە ۋە دۆلەت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشى كېرەك.

2) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىدىغان سىياسىي پارتىيە بولۇپ، ئاتېئىزمنى تەشەببۇس قىلىدۇ. دۇنيا قاراش جەھەتتە ماتېرىيالىزمچى بولۇپ، دىن بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى، لېكىن بۇ پارتىيە بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى پارتىيەمىز دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ دىن مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، يولۇققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدا دىن مەسىلىلىرىگە ئىلمىي، ئوبيېكتىپ، ئاقىلانە پوزىتسىيە تۇتتى ھەمدە بىر قاتار توغرا سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ماركسىزملىق دىن قارىشىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە دىن نەزەرىيەسى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىملىرى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچىسى، پارتىيەمىز دىن ساھەسىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشتا دىن ساھەسىدىكىلەر بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپى ئورناتتى؛ ئىككىنچىسى، دىنىي مەسىلىنى كونكرېت بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا دىننى قانۇن- تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، دىنغا ئالاقىدار قانۇن- تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇردى ھەمدە بۇ ئارقىلىق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداپ، دىننىڭ قانۇن- تۈزۈم ۋە سىياسەت يول قويغان دائىرە ئىچىدە نورمال پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى؛ ئۈچىنچىسى، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە: دىنىي سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئاكتىپ رولىغا ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، دىنىي دەۋر تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلاشتۇردى. دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي ھىمايە قىلىشقا، ماركسىزم ۋە ئۇنىڭ جۇڭگوچىلاشتۇرۇلغان ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتى ۋە دىن خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشقا، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە ھەل قىلغۇچ تەدبىر ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشقا، چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىلەردە ۋە ھالقىلىق پەيتتە ھەر ۋاقىت مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، پارتىيە بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، توغرا سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇشقا يېتەكلىدى.

3) دىنىي زاتلار ئۆزلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تىرىشىپ ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ئارىسىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولۇپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان، دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلىدىغان، دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەيدىغان كىشىلەردۇر، ئۇلار

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە. ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا خىزمەت ئىشلەش جەھەتتە ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە. شۇڭا ئۇلار «ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈشتە ياخشى بولۇش، ۋەز ئېيتىش، تەپسىر قىلىشتا ياخشى بولۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى بولۇش، مەدەنىي، دىنىي ئىستىلى ياخشى بولۇش، رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ياخشى بولۇش» ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇپ، ئىدىيەۋى تونۇشىنى، سىياسەت، قانۇن، بەلگىلىمە ئېڭىنى، پەن ـ مەدەنىيەت، دىنىي بىلىم سەۋىيەسىنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دىنىي سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلىشى، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناشى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي زاتلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك.

4) دىنىي زاتلار ئۆز ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى مەلۇم بىر دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىنىي زاتلار دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىم بولۇش سۈپىتى بىلەن چوقۇم «سىياسىيدا ئىشەنچلىك، بىلىمى مول، دىن جەھەتتە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئامما قايىل بولىدىغان، ھالقىلىق پەيتتە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇش» تەلىپى بويىچە، ئۆگىنىش ۋە چېنىقىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە ـ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشى كېرەك. دىن جەھەتتە ـ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تەڭ ئېتىبار بېرىشى، دىنىي ئەقىدىلەرنى، دىنىي مەدەنىيەتنى باش چۆكۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق يەشمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ئىلغار ئىدىيەلىك يېڭى دەۋرگە خاس دىندارلاردىن بولۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ ھەر ۋاقىت ئەتراپىتىكى ئاممىغا ئۈلگە بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى سوتسىيالىزم بايرىقى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك.

5) نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. ئىقتىساد ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىي. دىننى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە چوقۇم نۆۋەتتىكى جۇڭگونىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇش، شۇنداقلا دىنىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئاكتىپ ئامىللارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا بولغان ياخشى تەسىرىنى تولۇق قوزغىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىر ئۇلۇغۋار چوڭ خىزمەت، دىنىي قاراش بىلەن ئېيتقاندا «ئەڭ چوڭ ساۋابلىق ئىش»، شۇڭا دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ھۆجەيرە بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بىرگە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئەۋزەل سىياسەتلىرىگە، قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ خالىس ياردىمىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى، نۆۋەتتىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يۈرۈش قىلىش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇشقا پائال ئاۋاز قوشۇشى لازىم.

دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئۆزىنىڭ بىر ئەمگەكچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئورنىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، پەقەت پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ئەگىشىپ، تىرىشىپ مېھنەت قىلغاندىلا بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق تونۇشى، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىرادىسىنى تىكلەپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلىشى، پارتىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىگە پائال ماسلىشىشى، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، دېھقانلارغا قارىتىلغان يېڭى ماھارەت ئىگىلەش، قوش

تىل ئۆگىنىش تەربىيەسىگە، سىرتقا چىقىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تەشكىللىگەن پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشى كېرەك.

6) دىنىي جۇڭگولاشتۇرۇشتا، دىنىي سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، دۆلىتىمىزدە دىنلار سوتسىيالىزم شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا، ئۇ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا ئۇيغۇنلىشىشى شەرت.

دىنىي جۇڭگولاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلىشىپ، دەۋر تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشكەندىلا رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، دىنىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلىشىشى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت، ئوچۇق - يورۇق، سىغدۇرۇشچان پوزىتسىيە، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش روھى بىلەن دىنىي ئىدىيە، ئەقىدە، قائىدىلەرنى دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇن ھالدا شەرھلەپ، دىنغا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى سىڭدۈرۈپ، دىنىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقاندىلا دىنىنى نورمال، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ئۇنداق قىلمىغاندا، دىن ئوڭايلا تەرتىپسىزلىككە، ئەسەبىيلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ.

دىن خىزمىتى ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ۋەزىپە «ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش» نى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ نۆۋەتتىكى دىن ساھەسىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى ئەڭ گەۋدىلىك ۋەزىپىمۇ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشى، يامرىشىغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا، جۈملىدىن خوتەن ۋىلايىتىدە ئىسلام دىنىدا «ئەرەبلىشىش» يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىش خاھىشى پەيدا بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن چەتنەش قىلمىشلىرى كۆرۈلدى. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى ۋە ھەرىكىتى ھازىرقى زاماندىن، رېئال تۇرمۇشتىن يىراقلىشىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن، ۋەتەن بىرلىكىدىن، سوتسىيالىزمدىن، قانۇن - تۈزۈمدىن ياتلىشىشتەك ئەسەبىي ئىدىيە ۋە قىلمىش بارلىققا كەلدى. ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بەزى كىشىلەر ئىسلام دىنىنى ساپلاشتۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن شاگىرت تەربىيەلەپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ساددا دىنىي ھېسسىياتتىكى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزىگە تارتىپ ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋېلىپ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى زەھەرلىدى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، مىللەت، دىن ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، زامانغا لايىق تۇرمۇشقا تەسىر يەتكۈزدى. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ھەمىشە ئىشنى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، تۇرمۇش ئادىتىنى دىنىي تۈسكە ئىگە قىلىش، دىنىي ئېتىقادنى ئەسەبىيلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر «ھالال» بىلەن «ھارام» غا قارىغۇلارچە ھۆكۈم قىلىپ، «ھارام» توغرىسىدا نۇرغۇن پەتىۋا چىقىرىپ، «ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇشقا بولمايدۇ، توي خېتى، كىملىك، خىزمەت كىنىشكىسى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقا بولمايدۇ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ ۋەز - نەسىھەتىنى ئاڭلاشقا بولمايدۇ، توي - تۆكۈندە ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشقا بولمايدۇ، ئۆلۈم - يېتىمدە ھازا ئېچىشقا بولمايدۇ»، دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلدى. ھەتتا كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى - ياسىنىشى، يېمەك - ئىچمىكى ھەققىدىمۇ دىنىي ئەسەبىيلىك نۇقتىسىدىن مەجبۇرلاش پەتىۋالىرىنى چىقىرىپ، ئاياللاردىن نىقابلىق كىيىم كىيىشنى، يىگىتلەردىن ئۇزۇن ساقال قويۇشنى تەلەپ قىلىپ، ئەسلىدە ئاساسلىقى يېمەكلىك بىلەنلا

چەكلىنىدىغان «مۇسۇلمانچە» دېگەن بەلگىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى دورا، كىيىم - كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىغىچە كېڭەيتىپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانچە ياكى مۇسۇلمانچە ئەمەس دەپ ئايرىدى. ئۇلار بىلىندۇرمەي تەشۋىق قىلىش، سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغانلىرىدا «بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسى ئوخشايدۇ» دېگەن تۇيغۇنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارغا دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى سىڭدۈردى. ئۇلار ئاساسلىقى بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن، ھەق - ناھاقنى ئايرىش ئىقتىدارى ئاجىز ياش - ئۆسمۈرلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ۋە مېڭىسىنى يۇيۇپ، ئاتالمىش«غازات يولىدا شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دېيدىغان سەپسەتىنى سىڭدۈرۈپ، ئاتالمىش دىنىي ئېتىقاد ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان زوراۋان - تېررورچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا جەمئىيەتكە ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ئەقلىنى يوقىتىپ، غالجىرلىشىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئاقىۋەتتە ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى زەھەرلەپلا قالماي، ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا يول تۇتۇش، تىنچلىقنى سۆيۈش، كەڭ قورساق بولۇشتەك ئوبرازىغا ئېغىر داغ تەگكۈزۈپ، دىننى دەپسەندە قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ باشقىچە ئاتىلىشىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ماھىيىتى - دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى بۇرمىلاش، زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق ھازىرقى ئىجتىمائىي، سىياسىي تەرتىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىننى دەستەك قىلىشى ساختا كۆرۈنۈش، يادروسى — زوراۋانلىق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق مىللەتنى، دۆلەتنى پارچىلاشتەك رەزىل سىياسىي غەرىزىگە يېتىش. شۇڭا، دىنىي ئەسەبىيلىك دىن ئەمەس، بەلكى دىننى بۇرمىلىغانلىق، دەپسەندە قىلغانلىق، ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلغانلىق ۋە ئاسىيلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ سىڭىپ كىرىشى، يامراپ كېتىشى دىنلار ئىناقلىقى ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىت، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكى ئۈچۈن رېئال خەۋپ بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور زىيان يەتكۈزدى.

قانلىق ساۋاق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر بىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنىمىز، ئۇلار بىگۇناھلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى بۇزدى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا يول تۇتۇش، تىنچلىقنى سۆيۈش، كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشتەك نامىغا داغ تەگكۈزدى. شۇڭا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، تىنچلىقنى سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەر بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشىپ، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ كىلىمات بولۇپ شەكىللىنىشى، ھاياتلىقنى نابۇت قىلىشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە تەستە قولغا كەلگەن كاتتا ياخشى ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىقىمىز كېرەك.

## پايدىلانمىلار:


1. 李丙板. 宗教"中国化"彰显中国文化主体性[j/OL]. 中国社会科学网—中国社会科学，2017年7月12日。
2. 李华伟. 马克思从具体社会形态理解宗教[j/OL]. 中国社会科学网—中国社会科学，2017年7月11日。
3. 孔陈焱、张志鹏等. 学习全国宗教工作会议精神笔谈[J]. 重庆社会主义学院学报，2016(4).
4. 卓新平. 积极引导宗教做好四个"必须" [J]. 大理学院学报，2015(7).
5. 艾尔西丁·阿不都拉. 抑制宗教极端思想渗透蔓延的法律武器[N]. 新疆日报，2017年4月21日.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 06 - 025 - 03(2017) 5878 - 1005

# «دىۋانى ناقىس» تىكى كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكىللىرى توغرىسىدا*

گۈلنىگار ئابدۇرۇسۇل

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** 19 - ئەسىر ئەدەبىيات سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان ئەدىب سابىر ئاخۇن بىننى ئابدۇلقادىر يېڭىسارى ناقىس ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز ئەسەرلىرىدە دەۋرنىڭ تەلەپ ئىنكاسلىرىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن ھەمدە مول ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى گۈلشىنىنى رەڭدارلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشقان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ماقالىدە « دىۋانى ناقىس» تىكى قاپىيە شەكىللىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «دىۋانى ناقىس»؛ قاپىيە؛ قاپىيە شەكىللىرى

## 浅谈《纳克斯诗集》中比较常用的韵律形式

古丽尼格尔·阿布都肉苏力

**摘要：** 生活在 19 世纪 20 年代初，维吾尔文学的代表人物之一毛拉萨比尔·本民·阿布都力卡得尔把维吾尔文学从古典文学时代过渡到当代文学时代，起到了传承性的作用。他们继承了古典文学时代和现代文学时代两个时代的历史一贯性，继承和发展了古典文学的优良传统。同时，在他的诗歌作品中较强地反映了古典文学过渡到现代文学的过渡期间的时代要求。他的丰富的创作和具有独特的写作风格的创作，为古典维吾尔文学的发展作出了一定的贡献。在文用事例验证了《纳克斯诗集》中比较常用的韵律形式 。

**关键词：** 纳克斯诗集；　韵律；　韵律形式

**Abstract:** Mollasabir Ben Abdukhader--- one of the representative personages in Uyghur literature world, who lived in the 20s of 19th century. Not only did he significantly develop Uyghur literature from the classic pattern to the contemporary one, but inherited consistency and fine traditions of both classic and modern literature. In addition, in his poems he strongly emphasized the significance for being developed to meet the demanding of time. His unique and creative writing style also played an important role in classic Uyghur literature. By taking examples, this paper mainly discusses frequently used rhyme forms in one of his masterpieces --- "Nakis Poem Collection".

**Keywords:** Nakis Poem Collection; rhyme; rhyme forms

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I209　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

نەزمىي ئەسەرلەر يەنى شېئىرىي ئەسەرلەرنى نەسرىي ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ تۈردىكى ئەسەرلەردە ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ، ھېس - ھاياجان كۈچلۈك بولىدۇ. مۇزىكىلىق، ئاھاڭدارلىق جەھەتتىمۇ شېئىرىي ئەسەرلەر باشقا تۈردىكى ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا نىسبەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى بىر نەچچە جەھەتلەردىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ، يەنى بۇ ژانىرنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى، تىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار. بىراق، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ۋەزىن بىلەن قاپىيە .

قاپىيە شېئىرنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسىغا تەۋە بولۇپ، مۇشۇ قۇرۇلمىدا مۇھىم رول ئوينىغۇچى ئېلېمېنتتۇر. قاپىيە شەكىللىرى دېگەندە، ئەسەرلەردىكى قاپىيەنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** گۈلنىگار ئابدۇرۇسۇل (1986- يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان). مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ 2017 - يىللىق دوكتورانتى.

تۈزۈلگەن تۈرلۈك قاپىيەلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

قاپىيە ئىلمىدە ئاساسلىق قاپىيەنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلارغا ۋە قاپىيەلىنىش ئۇسۇلىغا، قاپىيە سۆزلىرىنىڭ ئورنىغا قاراپ قاپىيە شەكىللىرى بېكىتىلگەن. ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان قاپىيە شەكىللىرىدىن قەيدلىك قاپىيە، مۇتلەق قاپىيە، ۋەسلىلىك مۇتلەق قاپىيە، خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيە، نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە، مۇجەررەد قاپىيە، رىدىفلىق قاپىيە، تەئسىسلىك قاپىيە قاتارلىقلار بار، تۆۋەندە بىز «دىۋانى ناقىس» تىكى قاپىيە شەكىللىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى .

1) قەيدلىك قاپىيە ـ قاپىيە سۆزى رەۋى ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشسا بۇنداق قاپىيە قەيدلىك قاپىيە دېيىلىدۇ. يەنى، قاپىيە سۆزى پەقەت رەۋى سۆزى بىلەن (يىلتىز سۆزى بىلەن كەلسە، قوشۇمچە ئامىللىرى بولمىسا) قەيدلىك قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ[1]. مەسىلەن:

زىھى ھۆكمۈڭ بىلە كەۋنەين بازارى بولۇپ بەرپا،
بەشەر خەيلى بۇ بازار ئىچرە شەۋقۇڭدىن قىلۇر سەۋدا .
نە ئىستىغنا ئېرۇر بۇ كىم، زىيادەت بىرلە نۇقسان يوق،
ئەگەر ئالەمچە يۈز مىڭ يوق بولۇپ، بولسە ۋەگەر پەيدا .

(9 ـ غەزەل، 10 ـ بەت)

يۇقىرىقى مىسالدىكى «بەرپا»، «سەۋدا»، «پەيدا» قاپىيەلەنگۈچى سۆزلەر پەقەت رەۋى بىلەنلا ئاياغلاشقان بولۇپ، قەيدلىك قاپىيەنى ھاسىل قىلغۇچى سۆزلەردۇر. بۇلارنىڭ رەۋىسى «ئا» ھەرپى بولۇپ، قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆز يىلتىزىنىڭ ئاخىرقى تاۋۇشى ھېسابلىنىدۇ، بۇ سۆزنى مەنە جەھەتتىن يەنە پارچىلاشقا بولمايدۇ. ئۇزۇن تاۋۇش ۋە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رەۋى بولۇشى بۇ خىل قاپىيە شەكلىنىڭ چاستوتىسىنى ئاشۇرغان. جۈملىدىن «دىۋانى ناقىس» تىمۇ قەيدلىك قاپىيە 28 غەزەلدە قوللىنىلغان. قەيدلىك قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان شېئىر ـ بېيىتلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوقۇشقا ئەپلىك، تىلى راۋان ۋە يېقىملىق بولۇپ، بۇنىڭدا شائىر چوقۇم مول بولغان تۈپ سۆز بايلىقىغا ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى قاپىيەداش سۆزلەر ياسالما سۆز ياكى بىرىككەن سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولسا ئۇ ھالدا سۆزنىڭ ئەسلىي تومۇرىغا سۆز ياسىغۇچى ياكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە قوشۇلۇپ سۆزنىڭ رەۋىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ھەم ئۇ رەۋى قاپىيەدە كەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. شۇڭا قەيدلىك قاپىيە شائىردىن مۇكەممەل سۆز بايلىقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قەيدلىك قاپىيەدىكى سۆزلەر ئىسىم، سۈپەت، رەۋىش قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە ئاساسلىق مەركەزلىشىدۇ .

تەركىبىدە قەيد بولغان سۆزلەردىن قاپىيە تۈزۈلگەن بولسا، بۇمۇ قەيدلىك قاپىيە بولىدۇ. بۇ قاپىيە شەكلى قوش ئۇزۇن تاۋۇشلۇق قاپىيە بولۇپ، رەۋى ھەرپى بولغان ئۇزۇن تاۋۇشنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئۇزۇن تاۋۇش قەيد قىلىنىشتىن شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن:

فۇرقەتىڭ بەھرىدە كىم دىل كېمەسى غەرق ئولدى،
كۆزلەرىم ئەشكى تۆكۈپ، كۆڭلۈم ئوتى بەرق ئولدى .

(168ـ غەزەل، 175ـ بەت)

يۇقىرىقى بېيىتتا قاپىيە رەۋى بىلەنلا ئاخىرلاشقان، شۇنداقلا رەۋى بولۇپ كەلگەن «ق» نىڭ ئالدىدا «ر» قەيد كەلگەن .

بۇ خىل قاپىيە شەكلى چوقۇم قوش ئۇزۇن تاۋۇش (رەۋى ھەرپى بىلەن قەيد ھەرپى ئوتتۇرىسىدا سوزۇق تاۋۇش بولمايدۇ ) بىلەن تۈگەيدىغان سۆزدىن تۈزۈلۈشى كېرەك. «دىۋانى ناقىس» تىمۇ پەقەت ئۈچ يەردىلا قوللىنىلغان بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇن تاۋۇش كېلىش ھادىسىسى ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئەمەس. قوش ئۇزۇن تاۋۇش كۆپىنچە پارسچە سۆزلەردە ئۇچرايدۇ .

2) مۇتلەق قاپىيە ـ قاپىيەدە رەۋى ھەرپىدىن كېيىن ۋەسل ياكى ئۇنىڭ كەينىدىكى ئامىللارمۇ ئۇلىنىپ كەلگەن بولسا بۇنداق قاپىيە مۇتلەق قاپىيە دېيىلىدۇ[2]. مەسىلەن:

ساقىيا، بولدى كۆڭۈل غەمزەدە كەلتۈر مەينى،
مۇترىبا، تەڭرى ئۈچۈن چال قۇلاغىمغە نەينى .

(167 ـ غەزەل، 174 ـ بەت)

ناقىس غەزەللىرىدە بۇ خىل قاپىيە شەكلىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇتلەق قاپىيە رەۋىدىن كېيىن ئۇلىنىپ كەلگەن تەركىبلەرگە ئاساسەن، ئۆز ئىچىدىن ۋەسلىلىك مۇتلەق قاپىيە، خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيە، مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيە، نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە ۋە بىر نەچچە

نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ[3].

(1) ۋەسىللىك مۇتلەق قاپىيە رەۋىدىن كېيىن ۋەسىل ئۇلىنىپ كەلگەن مۇتلەق قاپىيە شەكلىدۇر[4]. مەسىلەن:

جانىنى بىر چابۇك نىسارى ئەيلەدىم، نەيلەي يەنە،
تەننى مەيدانى غۇبارى ئەيلەدىم، نەيلەي يەنە .

(134 - غەزەل، 140 ـ بەت)

مىسالدىكى «نىسارى»، «غۇبارى» قاپىيەداش بولۇپ، «ر» هەرپى رەۋى، «ئى» هەرپى ئۇللە بولسا ۋەسىل بولىدۇ. بۇ قاپىيە پەقەت ۋەسىل بىلەنلا ئاياغلاشقان .

«دىۋانى ناقىس» تا بۇ خىل قاپىيە شەكلى 12 غەزەلدە ئۇچرايدۇ، يەنى 127 - ، 129 - ، 131 - ، 134 - ، 135 - ، 139 - ، 147 - ، 152 - ، 158 - ، 162 - قاتارلىق غەزەللەر ۋە قىلمەرسىيەدە مۇشۇ خىل قاپىيە شەكلى ئاساس قىلىنغان. بۇ خىل قاپىيە شەكلىدە قاپىيە كۆپىنچە هاللاردا ئىسىم سۆز تۈركۈمىدىن ياسىلىپ كېلىدۇ. « نىسار، غۇبار، گۇفتار، رۇخسار، ئەييام، شام، زەۋەر، زەرگەر. . . » دېگەنگە ئوخشاش هەمدە بۇ سۆزلەرگە ئىسىمنىڭ ئۇچىنچى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ئى» قوشۇلۇپ كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ ئېنىقلىققا ئىگە بولىدۇ. يەنى تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ كىمگە ياكى نېمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ پىكىرنىڭ قاراتمىلىقلىقىنى ۋە ئېنىقلىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ .

(2) خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيە - قاپىيە سۆزى خۇرۇج بىلەن ئاياغلاشقان قاپىيە[5]. «دىۋانى ناقىس» تا بۇ خىل شەكىلدىكى قاپىيەدىن 22 غەزەل بار.

مىسالدىكى «دەۋراندا» بىلەن «زىنداندا» قاپىيەداش بولۇپ، «ن» ئۇزۇك تاۋۇشى رەۋى، «د» تاۋۇشى ۋەسىل، «ئا» تاۋۇشى بولسا خۇرۇج بولىدۇ .

ناقىس غەزىلىدىكى خۇرۇجلۇق مۇتلەق قاپىيەلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قاپىيەداش بولۇپ كەلگەن سۆزلەر تۇپ ئىسىمغا ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ تۈرلەنگەن سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەرگە ئىسىملارنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شەخستىكى تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ كېلىدۇ.

ئەمما تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ كۆپلۈك هالىتى ئەمەس بەلكى بىرلىك هالىتى ئۇلىنىدۇ .

(3) مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيە - قاپىيە سۆزى مەزىد هەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان قاپىيە شەكلى مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيە دەپ ئاتىلىدۇ[6]. مەسىلەن:

ئەي، يۈزۈڭ سارى نەزەر قىلماق ئىبادەتدۇر ماڭا،
قاشلارىڭنىڭ گۇشەسى مېهرابى تائەتدۇر ماڭا .

(3 - غەزەل، 3 ـ بەت)

مىسالدىكى «ئىبادەتدۇر» بىلەن «تائەتدۇر» قاپىيەداش سۆز بولۇپ، «ت» ئۇزۇك تاۋۇشى رەۋى، «د» تاۋۇشى ۋەسىل، «ئۇ» تاۋۇشى خۇرۇج، «ر» تاۋۇشى بولسا مەزىد بولىدۇ .

بۇ خىلدىكى قاپىيە شەكلى «دىۋانى ناقىس» تا 18 غەزەلدە قوللىنىلغان. يەنى 3 - ، 4 - ، 10 - ، 16 -، 17 - ، 24 - ، 51 - ، 56 - ، 61 -، 62 -، 63 -، 67 -، 71 - ، 74 - ، 83 - ، 110 - ، 136 - ، 140 - غەزەللىرىدە ئۇچرايدۇ، بۇ خىل قاپىيە شەكلى ئىسىملارنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن باشقا، پېئىل ياسىغۇچى، رەۋىش ياسىغۇچى ۋە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىقمۇ قاپىيە پەيدا بولىدۇ، شۇڭا مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيەدە قاپىيەدىكى سۆزنىڭ تومۇرى ئىسىم بولۇشىمۇ، سۈپەت ياكى پېئىل بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

دوستلاردىن دەم بەدەم جەۋرۇ جەفا كۆرمەك كېرەك،
هەرنە كىم لازىم ئېرۇر پايانىغە يەتكۈرمەك كېرەك .

(63 - غەزەل، 68 ـ بەت)

بۇ بېيتتىكى قاپىيەداش سۆز «كۆرمەك» بىلەن «يەتكۈرمەك» بولۇپ، سۆزنىڭ رەۋىسى «كۆر» بىلەن «يەتكۈر» دىكى «ر» هەرپىدۇر. بۇ سۆزلەر سۆز تۈركۈمى جەهەتتىن پېئىل بولۇپ، بۇلارغا ئىسىمداش قوشۇمچىسى «مەك» قوشۇلغان ۋە مەزىدلىك مۇتلەق قاپىيەنى بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇ ئارقىلىق بېيتنىڭ مەزمۇننى بېيتقىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئاهاڭدارلىق ۋە سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەيدلىك قاپىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاهاڭدارلىق نىسبەتەن تۆۋەن دېيىشكە

بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا قاپىيە سۆزنىڭ تومۇرىدا ئىپادىلەنمەي قوشۇمچىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرىي مىسرالاردىكى قاپىيەنىڭ ئەڭ ئەۋزەللى سۆزنىڭ تومۇرىدا تۇوق قاپىيە شەكلىدە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان قاپىيەلەر سۆزدە قاپىيەنى ھاسىل قىلىپ، مەنە بىردەكلىكى پەيدا قىلسىمۇ، لېكىن ئاھاڭداشلىقتا نىسبەتەن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ .

(4) نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە ـ قاپىيە سۆزى نائىرە بىلەن ئاياغلاشقان قاپىيە شەكلىدۇر[7]. ناقىس غەزەللىرىدە بۇ خىل قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان غەزەللەردىن جەمئىي 6 غەزەل بار بولۇپ، ئۇلار 54 ـ ، 79 ـ ، 112 ـ ، 115 ـ ، 169 ـ غەزەللىرىدە ۋە 2 ـ مۇخەممەستىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن:

بىر قەدى رەئنا خەيالىنىڭ ئەسرىدۇر كۆڭۈل،
گويىيا مۇلكى فەرەنگىستان ئەمرىدۇر كۆڭۈل .
(79 ـ غەزەل، 84 ـ بەت)

يۇقىرىقى بېيتتىكى «ئەسرىدۇر» سۆزى بىلەن «ئەمرىدۇر» قاپىيەداش بولۇپ، «ر» ھەرپى رەۋى، «ئى» ھەرپى ئىللە تاۋۇشى ۋەسل، «د» تاۋۇشى خۇرۇج، «ئۇ» ھەرپى مەزىد، «ر» ھەرپى نائىرە بولۇپ، نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيەنى شەكىللەندۈرگەن .

بۇ قاپىيە شەكلى ناقىس غەزىلىدە كۆپ قوللىنىلمىغان. سەۋەبى، بۇ خىل قاپىيە شەكلىدە قاپىيەنىڭ تۆۋرۈكى بولغان رەۋىدىن كېيىن يەنە تۆت ھەرپ ئۇلىنىپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، قاپىيە تەلپىگە ئاساسەن ئىككى بوغۇملۇق سۆز ياكى قوشۇمچە ئۇلىنىپ كېلىشى كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. شۇڭا شائىر ناقىس غەزەللىرىدە بۇ خىل قاپىيە شەكلىدىكى غەزەللەر كۆپ ئۇچرىمايدۇ، بۇ تىلنىڭ قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. مەسىلەن:

كەۋن باغى نەۋبەھار ئولدى لەبىڭ ئەفسۇنىدىن،
ئالتە يان بەلگۇردى كۆزلەر ئىچرە كافۇ نۇنىدىن .
(115 ـ غەزەل، 121 ـ بەت)

بۇ بېيتتىكى قاپىيەداش سۆز «ئەفسۇنىدىن» بىلەن «نۇنىدىن» بولۇپ، سۆزنىڭ تومۇرى «ئەفسۇن» بىلەن «نۇن» دۇر. رەۋىسى «ن» ھەرپى، رەۋىدىن كېيىن ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىسى «ى» قوشۇلغاندىن باشقا، يەنە ئىسىمنىڭ كېلىش قوشۇمچىسى (چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى) قوشۇلۇپ كەلگەن. روشەنكى، بۇ خىل قاپىيەدە ئىككى خىل گىراماتىكىلىق شەكىل ئىلگىرى ـ كېيىن كېلىدۇ.

(5) بىر نەچچە نائىرەلىك مۇتلەق قاپىيە ــ قاپىيە بولۇپ كەلگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدا بىر نەچچە نائىرە ئارقىمۇ ـ ئارقا كەلگەن مۇتلەق قاپىيە شەكلى[8]. مەسىلەن:

رەفىقا، كەلمەگەچ بۇيى ۋەفا ئول گۇلئۇزارىمدىن،
تىكەن ئورنىدا ھەسرەت باش چېكەر خاكى مەزارىمدىن .
(107 ـ غەزەل، 113 ــ بەت)

بۇ بېيتتىكى قاپىيەداش سۆزلەر «گۇلئۇزارىمدىن» بىلەن «مەزارىمدىن» بولۇپ، بۇلارنىڭ رەۋىسى «ر» ھەرپى بولىدۇ. رەۋىدىن كېيىنكى «ى» ھەرپى ۋەسل، «م» ھەرپى خۇرۇج، «د» ھەرپى مەزىد، «ى» بىلەن «ن» ھەرپى نائىرە بولىدۇ. بۇ بېيتتىكى قاپىيەدە ئىككى نائىرە كۆرۈلىدۇ .

«دىۋانى ناقىس» تا بۇ خىل قاپىيە شەكلىدە 5 غەزەل يېزىلغان بولۇپ، يەنى: 107 ـ ، 109 ـ ، 160 ـ غەزەللەر ۋە 3 ـ ، 4 ـ ، 5 ـ قىتئەلەردۇر. يەنە مەسىلەن:

كۆڭۈل، ئىشق ئىچرە تۇشتۇڭ ئارزۇ قىلمە ئەمانلىقنى،
ھەۋەس قىلماس كىشى خۇمدان ئىچىدە مېھمانلىقنى .
(160 ـ غەزەل، 167 ــ بەت)

بۇ بېيتتىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، قاپىيەدىكى «ن» رەۋى ھەرپىدىن كېيىن ئۇلىنىپ كەلگەن «ل» ھەرپى ۋەسل، «ى» ھەرپى خۇرۇج، «ق» ھەرپى مەزىد بولۇپ، «ن، ى» دىن ئىبارەت ئىككى ھەرپ قالىدۇ، بۇ ئىككى ھەرپنى قوشقاندا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بولىدۇ ھەممە كۆپ نائىرەنى ھاسىل قىلغان. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپ نائىرەلىك قاپىيەنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار ئومۇمەن سۆزنىڭ تومۇرىغا قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلاردۇر .

بۇ خىل قاپىيەنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، قاپىيەداش بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر كۆپ بوغۇمدىن تۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇلىنىدىغان قوشۇمچىلىرى تەۋەلىك قوشۇمچىسى، ياسىغۇچى قوشۇمچە، تۈرلىگۈچى

قوشۇمچە، كېلىش قوشۇمچىسى ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدۇر. بۇ تۈردىكى قاپىيەدە سۆزلەر قوشۇمچىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسىنى قاپىيەنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى بىر قىسىم سۆزلەر بولۇپمۇ سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇزدا ئىپادىلەنگەن بىلەن يېزىلغاندا، يەنى چاغاتاي تىلى بىلەن يېزىلغاندا يېزىقتا ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇنداق سۆزلەرنى تەتقىق قىلغاندا، شۇ سۆزنىڭ خاراكتېرىگە شۇنداقلا ئەمەلىي كونتېكىستقا قاراپ ھۆكۈم قىلىش ۋە ئايرىش كېرەك.

3) مۇجەررەد قاپىيە — رەۋى ھەرپى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىنلا تەركىب تاپسا مۇجەررەد قاپىيە بولىدۇ[9]. مەسىلەن:

قىلغالى بىئىنتىھا ئىشقىمنى شەرھ، ئەي مەھلىقا،
قامەتىڭ شەۋقىدە سۆز قىلدىم ئەلفدىن ئىبتىدا .

(6 - غەزەل، 6 — بەت)

بۇ بېيىتتىكى «مەھلىقا - ئىبتىدا» قاپىيەلىرى مۇجەررەد بولۇپ، رەۋىسى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن بولغان «ا»دىن ئىبارەتتۇر .

مۇجەررەد قاپىيەنىڭ يەنە بىر تۈرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ۋە شۇ ئۈزۈك تاۋۇش رەۋى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەۋىنىڭ ئالدىدا ھەرىكە (قىسقا سوزۇق تاۋۇش) دىن خالىغان بىرسى كەلسە بولىدۇ. رەۋىنىڭ ئالدىدا كەلگەن بۇ قىسقا سوزۇق تاۋۇش «تەۋجىھ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن :

ئەي، سىپېھرى ھۇسن ئەۋجىدە قۇياش چاكەر ساڭا،
تەلمۈرۈر كۆرمەك ئۈچۈن ھەر كېچە يۈز ئەختەر ساڭا .

(8 - غەزەل، 9 — بەت)

بېيىتتىكى «چاكەر» بىلەن «ئەختەر» قاپىيەداش بولۇپ، «ر» ئۈزۈك تاۋۇشى رەۋى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرىكە (قىسقا سوزۇق تاۋۇش) «ئە» تەۋجىھ بولىدۇ .

مۇجەررەد قاپىيەمۇ «دىۋانى ناقىس» تا كۆپ قوللىنىلغان قاپىيە تۈرىنىڭ بىرى بولۇپ، جەمئىي 24 غەزەلدە بۇ خىل قاپىيەنىڭ ئۆلگىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل قاپىيەنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، قاپىيەدە قاپىيەداش كەلگەن سۆز ئومۇمەن ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ. يەنى: « ساقىيا، بەرپا، سەۋدا، يارا، ھۇرلىقا، ئەدا، دىلرەبا... » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئۇقۇلۇش جەھەتتىن «ھەيران، سەرگەردان، قان، بازار... » قاتارلىق سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. ئالدىنقىسىدا سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشىدۇ. ئەمما كېيىنكى سۆزلەردە ئۇرغۇ سۆزنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بوغۇمغا چۈشىدۇ. بۇ ھال شېئىردىكى ئاھاڭدارلىققا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تۈردىكى قاپىيە شەكلىدە سۆزلەرنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك بولىدۇ دېيىشكە بولىدۇ .

4) رىدفلىق قاپىيە - رەۋىنىڭ ئالدىدا ھەرپى ئىللە يەنى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن كەلگەن بولسا رىدفلىق قاپىيە دېيىلىدۇ[10]. مەسىلەن:

ئەي، ھەمە زەرراتى ھۇسنۇڭدىن بولۇپ ھەيران ساڭا،
فۇرقەتىڭدىن مېھر ھەم چەرخ ئۆززە سەرگەردان ساڭا .

(2 - غەزەل، 2 — بەت)

قاپىيەنىڭ تۈزۈلۈشىدىن بىرى بولغان رىدف ئاددىي رىدف ۋە مۇرەككەپ رىدف دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شۇ نۇقتىئىنەزەردىن رىدفلىق قاپىيەمۇ «ئاددىي رىدفلىق قاپىيە» ۋە «مۇرەككەپ رىدفلىق قاپىيە» دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ .

(1) ئاددىي رىدفلىق قاپىيە - رەۋى ھەرپىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش، يەنى ھەرپى ئىللە («ئا، ئۇ، ئى») دىن بىرى كەلگەن بولسا، بۇ ئاددىي رىدفلىق قاپىيە دېيىلىدۇ[11]. مەسىلەن:

دېمە چەككەچ بويۇن بولدى ئۇل ئاي ئەرشى بەرىن پەيدا،
كىم ئولدى جىلۋەسىدىن ئاسمانۇ ھەم زەمىن پەيدا .

(5 - غەزەل، 5 — بەت)

مىسالدىكى «بەرىن» بىلەن «زەمىن» ئاددىي رىدفلىق قاپىيە بولىدۇ .بۇ خىل قاپىيە شەكلى «دىۋانى ناقىس» تا ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان بولۇپ، جەمئىي 80 غەزەلدە بۇ خىل قاپىيە شەكلى قوللىنىلغان بولۇپ، ناقىس غەزەللىرىنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. چۈنكى بۇ خىل قاپىيە شەكلىدە سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىش يوللىرى بىر قەدەر ئەركىن - ئازادە ھالەتتە

بولۇپ، كۆپ خىل سۆزلەرنى ياساشقا باب كېلىدۇ. بۇ تۈردىكى سۆزلەر ئەينى ۋاقىتتىكى تىل شارائىتىغا ماسلاشقان بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈش قائىدىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنى، ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمەن بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر ئۈزۈك تاۋۇش ئارقىمۇ ئارقا كېلىدۇ. بۇ سوزۇق تاۋۇشلار ھەرىكە ھەرپلىرىگە قارىغاندا ھەرپىي ئىللە ھەرپلىرىگە كۆپرەك مەركەزلەشكەن. شۇ سەۋەبتىن ناقىس غەزەللىرىدە ئاددىي رىدفلىق قاپىيە شەكىللىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل قاپىيە شەكلى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش، بوغۇم تۈزۈش ۋە تەلەپپۇز قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كەلگەن ھالەتتە ئۆز خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ .

(2) مۇرەككەپ رىدفلىق قاپىيە ـ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش (ھەرپىي ئىللە) بىلەن رەۋى ئارىسىدا بىر ئۈزۈك تاۋۇش تەكرارلىنىپ كېلىدۇ، مانا بۇ خىل تۈزۈلۈشتىكى قاپىيە مۇرەككەپ رىدفلىق قاپىيە بولىدۇ[12]. لېكىن دىۋانى «ناقىس» تا بۇ خىل قاپىيە شەكلى قوللىنىلمىغان .

5) تەئسىسلىك قاپىيە ـ تەركىبىدە تەئسىس (قاپىيەدە ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ۋە بىر ھەرىكەدىن تەركىب تاپقان يېپىق بوغۇمنىڭ ئالدىدا كەلگەن «ا» تاۋۇشى، باشقىچە ئېيتقاندا، قاپىيەداش سۆزلەرنىڭ رەۋىسى ئالدىدىكى بىر قىسقا سوزۇق تاۋۇش (ھەرىكە) تىن ئالدىن كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئالدىدىكى «ا» تاۋۇشى ) بولغان قاپىيە[13]. مەسىلەن:

بىر پەرى جىلۋەسىدىن بولدى جەھان رەڭگارەڭ،
كىم خىرەد كۆرسە يۈزىن ئۆزنى قىلۇر سىنارەڭ .
(68 ـ غەزەل، 73 ـ بەت)

يۇقىرىقى بېيتنىڭ قاپىيەسىدىكى «ا» تاۋۇشى تەئسىسدۇر .

ناقىس غەزەللىرىدە پەقەت بىرلا غەزەل بۇ خىل قاپىيە شەكلىدە تۈزۈلگەن، چۈنكى، تەئسىستىن ئىبارەت قاپىيە ئېلېمېنتى سۆزلەردە كۆپ ئۇچرىمايدۇ ھەم بۇ خىل سۆزلەرنى تېپىش ۋە قاپىيەدە كەلتۈرۈش بىر قەدەر قىيىن، بولۇپمۇ غەزەلگە ئوخشاش مۇنتىزىم ئاھاڭ ۋە قاپىيەگە ئىگە بولغان ژانىر ئۈچۈن ئۇ خىل تىپتىكى سۆزلەر يېتىشمەي قالىدۇ، شۇنداقلا شائىر ئۈچۈن قىيىنلىق تۇغدۇرىدۇ .

يۇقىرىدا قاپىيە شەكىللىرىنىڭ ھاسىل بولۇش قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇم. بۇ خىل قاپىيە شەكىللىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ خىل قاپىيەلەردە ئومۇمەن سۆزلەر پېئىل، ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشلەردىن ياسىلىپ يېڭى سۆزلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. قەيدلىك قاپىيەدە سۆزلەر تۈپ سۆز ھالىتىدە كېلىدىغان بولغاچقا بۇنىڭدا شېئىرنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. ئەمما رەۋىدىن كېيىن قوشۇمچە ئۇلىنىپ كېلىدىغان قاپىيە شەكىللىرىدە بولسا تۈپ سۆزنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ قوشۇمچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ ۋە پۈتكۈل مىسرالاردا بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىق ئورنىتىپ كېلىدۇ. دېمەك ناقىس دىۋانىدا يۇقىرىقى قاپىيە شەكىللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق شېئىرلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەللىكىنى، مەزمۇنىنىڭ يارقىن، جانلىق، تەسىرلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. شۇنداقلا شېئىرلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە مۇزىكىدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغدۇرغان.

## ئىزاھلار:

[1][2][3][4][5][6][7][8][9][10][11][12][13] زەمىر سەئدۇللازادە: «ژانىر ئىلمى» دىن ئېلىندى.

## پايدىلانمىلار:


1. موللا سابىر بىننى ئابدۇلقادىر ناقىس: «دىۋانى ناقىس»[M] (مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 .
2. غۇلام ئەبەيدۇللا نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق»، 1982 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا «دىۋانى ناقىس» نامىدا ئېلان قىلغان غەزەللەر.
3. زەمىر سەئدۇللازادە: «ژانىر ئىلمى» دىن ئېلىندى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

38 - يىللىق 3 - سان
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
第 38 卷第 3 期
2017 - يىلى 9 - ئاي
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
2017 年 9 月

ماقالە نومۇرى: 07 - 031 - 03(2017) 5878 - 1005

# مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

گۈلنار نىياز

(ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى مەمۇرىيەتشۇناسلىق ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى. 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قارىغاندا باشقۇرۇش شەكلى، باشقۇرۇش مەزمۇنى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، ئىدارە قىلىش تاكتىكىسى، باشقۇرۇش تېخنىكىسى، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، باشقۇرۇش ۋاسىتىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىككە ئىگە. ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش بىلەن ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئوخشىماسلىقى زامانىمىزدىكى كارخانا باشقۇرۇش نەزەرىيەسى ۋە باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىگە زور ئىلھام بەردى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش؛ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش؛ باشقۇرۇش ئىدىيەسى؛ پەرق

## 浅论我国现代人力资源管理的历史发展

古丽娜尔 · 尼娅孜

**摘要：** 我国人力资源管理起源于传统认识管理，却又拥有传统人事管理所不具备的优越之处。它们在管理形式，管理内容，管理方式，管理策略，管理技术，管理体制，管理手段等方面都有各自不同的特点。比较现代人力资源管理与传统人事管理的异同，为当代人力资源管理理论与管理实战提供有益的启示。

**关键词：** 人事管理；人力资源管理；管理思想；异同

**Abstract:** Abstract: The human resources management skills in China have been developed from traditional personnel management skills, and at the same time, they are different from traditional management skills in several aspects, such as, in form, contents, style, strategy, technique, system and measures. The study on the difference between modern human resources management and traditional personnel management skills, provides actual practice and enlightenment for the development of modern human resources management.

**Keywords:** personnel resources, human resources management, theories of management, similarities and differences

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F272.92 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى 21 - ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كۆپ مەنبەلەشكەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. ھازىرقى زامان كەسىپلەر ئارىسىدىكى رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلەشتى، رىقابەتنىڭ ماھىيىتى ئىختىساسلىقلار رىقابىتى بولۇپ، قانداق قىلىپ ئىختىساسلىقلارنى تۇتۇپ قېلىش، ئىختىساسلىقلارنى جانلىق ئىشلىتىش، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاش، خادىملار ھەم كىرەلەيدىغان ھەم چىقالايدىغان، ۋەزىپە جەھەتتە يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان، تەمىناتىنى ئۆستۈرگىلى ھەم چۈشۈرگىلى بولىدىغان، قۇرۇلمىسى ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان ئىختىساسلىقلارنى باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئورنىتىش ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** گۈلنار نىياز (1964 - يىلى 5- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بايلىقنى باشقۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇشنىڭ مەزمۇنى

ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇش سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ راۋاجلانغان ھەمدە ئامېرىكىنىڭ كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن كېيىن، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ تەشكىلاتلاردا ئوينىغان رولى بارغانسېرى زورايغانلىقتىن، ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش قارىشى، باشقۇرۇش شەكلى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئومۇميۈزلۈك ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇشقا ئۆزگەردى. 80 - يىللاردىن باشلاپ، غەربنىڭ گۇمانىزملىق باشقۇرۇش ئىدىيەسى بىلەن باشقۇرۇش ئەندىزىسى تەدرىجىي باش كۆتۈرگەنلىكتىن، گۇمانىزملىق باشقۇرۇش، يەنى ئادەمنى مەركەز قىلغان باشقۇرۇش تەشكىلاتنىڭ بىرىنچى بايلىقى بولۇپ قالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇش ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلدى.

ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش - كادىرلار مۇناسىۋەتنى باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى تەشكىلات ئىچىدىكى فۇنكسىيەلىك تارماق بولۇش سۈپىتى بىلەن كوندىلىك خىزمەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ مۇئەييەن باشقۇرۇش ئىدىيەسى ۋە پرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىجتىمائىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئوبيېكت قىلىپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، كونترول قىلىش، نازارەت قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئىشقا ئالاقىدار مەلۇم ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، مۇئەييەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر قاتار باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇش - زامانىۋىلاشقان ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، مەلۇم ماددىي كۈچ بىلەن ئادەم كۈچىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، مۇۋاپىق تەربىيەلەش، تەشكىللەش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق، ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچنىڭ ئەڭ ياخشى نىسبىتىنى ساقلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش جەريانىغا پسىخولوگىيە، كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىلمى، تەشكىلات ئىلمى، ھەرىكەت ئىلمى قاتارلىق نەزەرىيە ئاساسىي بىلىملىرىنى قوشۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلار ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ قىممەت يارىتىشنى كۆرسىتىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇش ئىقتىسادشۇناسلىق ۋە ئادەمنى ئاساس قىلىش ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تەكلىپ قىلىش، تاللاش، تەربىيەلەش، ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق تەشكىلاتنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئالاقىدار ئادەم كۈچى بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەشكىلاتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، تەشكىلات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## 2. ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇشنىڭ ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقنى باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا،

هازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋارىسلىق قىلىش بىلەن تەرەققىي قىلىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. بىر تەرەپتىن، هازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئۆزگىرىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، شۇڭا ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ نۇرغۇن فۇنكسىيەلىرىنى يۈرگۈزۈپ كەلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، هازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قارىغاندا پۈتۈنلەي يېڭى تىپتىكى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى تەرەپلەردە ئوخشاشلىق مەۋجۇت:

**1) باشقۇرۇش نىشانى ئوخشاش**

گەرچە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە كونكرېت مەزمۇنى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئىدارىنى باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئىدارە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت قىلىدۇ، ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئىقتىسادىي شارائىتتا، «ئادەم»دىن ئىبارەت بۇ پائالىيەتچان بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئادەم، مالىيە، ماددىي كۈچنىڭ ئەڭ ياخشى ماسلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، خىزمەتچىلەر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىدارە ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بايلىق يارىتىدۇ .

**2) باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئوخشاش**

ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش، تەربىيەلەش، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش - تۆۋەنلىتىش، باھالاش، مۇكاپاتلاش - جازالاش، ئۈنۈم باشقۇرۇش، مائاش - پاراۋانلىق، ئارخىپ باشقۇرۇش، ئەمگەك مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمگەك توختامى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ئوخشاشلا هازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتىكى ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەت .

**3) باشقۇرۇش ئوبيېكتى ئوخشاش**

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش بىلەن هازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى ئوخشاشلا ئادەم، ھەممىسى ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن ئورۇن تەسىس قىلىپ، خادىملارنى مۇۋاپىق تەقسىملەش ئارقىلىق «ئادەم بىلەن ئادەم»، «ئادەم بىلەن ئىش» ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل زىددىيەت توقۇنۇشلارنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ۋە ھەل قىلىپ، بارلىق مەبلەغنى ئەلا تەقسىملەپ، كارخانىنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ .

هازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش بىلەن ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقىدەك ئوخشاشلىقلار بولۇش بىلەن بىرگە يەنە، تۆۋەندىكىدەك پەرقلەرمۇ بار:

**1) باشقۇرۇش شەكلى ئوخشىمايدۇ**

هازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش دىنامىكىلىق باشقۇرۇشقا تەۋە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ، خادىملارغا خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە تەشكىلاتنىڭ نىشانى ۋە شەخسنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، كەسپىي پائالىيەت پىلانىنى ياخشى لايىھەلەش بىلەن بىرگە، ئۈزلۈكسىز تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدۇ، توغرا لىنىيەلىك ۋە تىك لىنىيەلىك ئىش ئورنى ياكى خىزمەت ئورنىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەپ، شەخسنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ، قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشقا قويۇپ، ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، «ئادەم بىلەن ۋەزىپىنى ماسلاشتۇرىدۇ». ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تىنچ ھالەتتىكى باشقۇرۇشقا تەۋە بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىر ئىدارىگە كىرىپ، كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ زۆرۈر تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بىر

ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پۈتۈنلەي پاسسىپ ھالدا خىزمەت قىلىپ تەبىئىي تەرەققىي قىلىدۇ .

**2) باشقۇرۇش مەزمۇنىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئوخشىمايدۇ**

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئادەمنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئادەمنى بىر خىل مۇھىم بايلىق سۈپىتىدە ئاچىدۇ، پايدىلىنىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ، مۇھىمى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىپ، ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىدۇ، خىزمەتچىلەر بولسا خىزمەتنى پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجادىي ھالدا قانات يايدۇرىدۇ. كارخانىلار ئادەم كۈچى بايلىقى، ماددى بايلىق ۋە مالىيە كۈچى بايلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ بايلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ. ماھىيەتتە، بۇنىڭ ئىچىدىكى ماددى بايلىق بىلەن مالىيە كۈچى بايلىقى پەقەت ئادەم كۈچى بايلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇنداقلا ئەمەلگە ئېشىش دەرىجىسى كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ئىچىدىكى ئادەم كۈچى كاپىتالىنىڭ سانى، سۈپىتى، پايدىلىنىش دەرىجىسى ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كېڭەيتىلگەن كارخانىلار ئادەم كۈچى كاپىتالى ۋە ئۇنىڭ زاپاس مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى، ئادەم كۈچى كاپىتالىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشنى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ بىر چوڭ نىشانى قىلغاندىلا، كارخانىنىڭ پايدىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. كارخانا باشقۇرۇش داۋامىدا، پەقەت ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزگەندىلا كارخانىلار ئەڭ زور پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى بىلەن ئۇنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش نىسپىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، ھەركىم ئۆز قابىلىيىتى بىلەن يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ، ئاخىرىدا كارخانىنىڭ پايدىسىنى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش نىشانىغا يېتەلەيدۇ. ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ئارخىپ باشقۇرۇش، خادىملارنى تەڭشەش، ۋەزىپە ـ ئۇنۋانىنى ئۆزگەرتىش، مائاش تەڭشەش قاتارلىق كونكرېت خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇش ئىدى .

**3) باشقۇرۇش شەكلى ئوخشىمايدۇ**

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئىنسانىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى، غۇرۇرى ۋە قىممىتىنى ئويلىشىدۇ، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، كۆپ رىغبەتلەندۈرۈپ، ئاز جازا بېرىدۇ؛ كۆپ تەقدىرلەپ، ئاز تەنقىد قىلىدۇ؛ كۆپرەك ھوقۇق بېرىپ، ئازراق بۇيرۇق قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەربىر ئادەمنىڭ قىممىتىنى نامايەن قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئاساسلىقى تۈزۈم ئارقىلىق كونترول قىلىش ۋە ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىدۇ .

**4) باشقۇرۇش تاكتىكىسى ئوخشىمايدۇ**

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش يېقىنقى مەزگىللىك ياكى نۆۋەتتىكى كونكرېت ئىشلارنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ئېچىش، ئالدىن مۆلچەرلەش ۋە پىلانلاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. تەشكىلاتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك نىشانىغا ئاساسەن، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە يولغا قويىدۇ، شۇڭا ئۇ، تاكتىكا بىلەن ئىستراتېگىيە بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇشقا تەۋە بولىدۇ. ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش يېقىنقى ياكى نۆۋەتتىكى كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، نېمە ئىش بولسا شۇ ئىشنى قىلىدۇ، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرىدۇ، ئۇنىڭدا يىراقنى مۆلچەرلەش كەمچىل بولغانلىقتىن، تاكتىكىلىق باشقۇرۇشقا تەۋە بولىدۇ .

**5) باشقۇرۇش تېخنىكىسى ئوخشىمايدۇ**

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئىلمىيلىككە، بەدىئىيلىككە، ئۈزلۈكسىز يېڭى تېخنىكا ۋە ئۇسۇلنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئىلمىي ۋاستىلەرنى ئۈزلۈكسىز قوللىنىدۇ. ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش قائىدە ـ نىزام بويىچە ئىش قىلىشقا، مېخانىكىلىق ئۆلۈك ئىش بېجىرىشكە ئادەتلەنگەن .

**6) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئوخشىمايدۇ**

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش تەشەببۇسكار ئېچىش تىپىغا ئىگە بولغاچقا، تەشكىلاتنىڭ ھازىرقى ھالىتى، كەلگۈسىنى چىقىش قىلىپ خىزمەتنى پىلانلىق، نىشانلىق قانات يايدۇرىدۇ. ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش كۆپرەك پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرۇش تىپىغا ئىگە بولۇپ، ھەر ئىشنى ئۆز قائىدىسى بويىچە ئىشلەپ، باشلىقنىڭ مۇددىئاسى بويىچە ئىش بېجىرىشنى تەكىتلەيدۇ .

**7) باشقۇرۇش ۋاستىسى ئوخشىمايدۇ**

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنىڭ يۇمشاق دېتال سىستېمىسى ئۈچۈر ئىزدەش، مەلۇمات جەدۋىلى ئىشلەش، ھېسابلاش، ئۆلچەپ باھالاش ۋە تەكلىپ قىلىش قاتارلىقلارنى كومپيۇتېردا ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىپ، ۋاقتىدا توغرا تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئاددى بولۇپ، ئادەم ئارقىلىق ئىشلەشنى ئاساس قىلىدۇ، كۈندىلىك ئۇچۇر ئىزدەش، مەلۇمات جەدۋىلى ئىشلەش، ئىستاتىستىكىلىق ئانالىز قىلىش كۆپىنچە ئادەم ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغاچقا، ۋاقتىدا بولۇش، توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش تەس بولۇپلا قالماي، يەنە ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچى ئىسراپچىلىقىنى پەيدا قىلىدۇ .

**8) باشقۇرۇش قاتلىمى ئوخشىمايدۇ**

ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش تارمىقى تەدبىر بەلگىلەش قاتلىمىدا بولۇپ، ئورۇننىڭ پىلان ۋە تەدبىر بەلگىلەش جەريانىغا بىۋاسىتە قاتناشقانلىقتىن، ئورۇننىڭ ئەڭ مۇھىم يۇقىرى قاتلام تەدبىر بەلگىلەش تارمىقىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تارمىقى ھەمىشە يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ئىجرائىيە تارمىقى بولۇپ، تەدبىر بەلگىلەشكە ناھايىتى ئاز قاتنىشىدۇ

## 3. ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش يوللىرى

**1) ئادەمنى مەركەز قىلغان باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇش لازىم**

ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىشنى مەركەز قىلغان بولۇپ، باشقۇرۇش جەريانىدا ئىشنى تەكىتلەپ ئادەمگە سەل قاراپ، ئادەمنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى ۋە خىزمەت ئورنى قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ مەركىزى قىلغان. ئىختىساسلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، ئىختىساسلىقلار بىكار قېلىش ۋە ئىختىساسلىقلارنى بېسىش ئەھۋالى بىر قەدەر ئېغىر. شۇڭا، ھازىرقى زامان باشقۇرغۇچىلىرى دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، قاراشنى ئۆزگەرتىپ، «ئادەمنى مەركەز قىلغان» باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇشى لازىم، ئادەم ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى بىر خىل ئامىل بولغانلىقتىن، خىزمەت داۋامىدا تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك مۇۋاپىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى ئۇرغۇتۇپ، يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قېزىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى بىلەن تەشكىلاتنىڭ تەرەققىياتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش كېرەك .

**2) ئىلمىي بولغان رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك**

ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە رىقابەت ـ رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى كەمچىل بولۇپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاشقا پايدىسىز ئىدى، ئەنئەنىۋى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا، باھالاش تەقسىملەش تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ۋە رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئادەمنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىقى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇلمىغان. ھازىرقى زامان ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا، ساغلام بولغان ئادەم كۈچى بايلىقىنى تەقسىملەش مېخانىزمىنى ئۈنۈملۈك ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ مەنبەلىك ئىش ھەققى تەقسىمات مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش،

خادىملارنىڭ خىزمەت ئۇنۇمىنى ئىلمىي باھالاش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، رىقابەت - رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادەمنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش كېرەك: بىرىنچىدىن، ئىلمىي، ئۇنۇملۇك بولغان ئادەم كۈچى بايلىقىنى تەقسىملەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ئادەم كۈچى بايلىقى كاپىتالىنىڭ قىممىتىنى زورايتىش كېرەك. كارخانا تەشكىلات نىشانى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئادەم تاللاش، ئىشلىتىش، خادىملارنى تەقسىملەش جەھەتتە خادىملارنىڭ يېشى، ئوقۇش تارىخى، سالاھىيىتى، رايون چېگراسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئادەم كۈچى بايلىقىنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆگەنگىنىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، كۆپ مەنبەلىك ئىش ھەققى تەقسىمات مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئىش ھەققىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش، تەڭشەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ئىش ھەققى تەقسىماتىدا كارخانىنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان باشقۇرغۇچىلار، كەسپىي تېخنىك خادىملار ۋە يادرولۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە مايىل بولۇپ، باشقۇرۇش، تېخنىكا، بىلىم قاتارلىق ئادەم كۈچى كاپىتالىنى ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى سۈپىتىدە ئىش ھەققىنى تەقسىم قىلىش تۈزۈلمىسى ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنۇملۇك تەقسىملەش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئىلمىي بولغان ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈش، باھالاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئىمكان قەدەر ئىنچىكە، مىقتارلاشقان، كارغا كېلىدىغان بىرقاتار باھالاش كۆرسەتكۈچىنى بەلگىلەپ، ئەخلاق، ئىقتىدار، تىرىشچانلىق، نەتىجە جەھەتتە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئومۇميۈزلۈك باھالاپ، خىزمەت نەتىجىسىنى ئۇلارنىڭ ئىش ئورنى، ئىش ھەققى، ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيەلەشنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەم قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۇنۇملۇك رىغبەتلەندۈرۈپ خىزمەت ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**3) ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى بىلەن كارخانا تەربىيەلەش بىرلەشتۈرۈلگەن «ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات» بەرپا قىلىش كېرەك**

ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىشىغا ئەگىشىپ، قايسى تەشكىلاتنىڭ ئۆگىنىشى تېز بولسا، شۇ تەشكىلات مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ھەم رىقابەتتە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلەيدۇ. پەقەت ئۈزلۈكسىز ئۆگەنگەندىلا، بىلىمنى ۋاقتىدا يېڭىلاپ ۋە تولۇقلاپ، تۈرلۈك كەسكىن خىرىسقا سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، مۇرەككەپ ۋە مۇشكۈل خىزمەت ۋەزىپىسىنى تاماملىيالايدۇ. بىرىنچى، كارخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق، داۋاملىق ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرسە، كارخانىلارنى داۋاملىق ئۆگىنىش ئىدىيەسى ۋە مېخانىزمىغا ئىگە قىلىدۇ؛ ئىككىنچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يوللىرى ناھايىتى كۆپ، مەسىلەن، دەرس ئۆتۈش، سىنىپ مۇزاكىرىسى، كوللېكتىپ مەشغۇلات قىلىش، نەق مەيداندا ئوقۇتۇش، مۇھىتنى تەقلىد قىلىش، رول ئېلىش، دېلو تەتقىق قىلىش، لايىھە تۈزۈش قاتارلىقلار. تەربىيەلەش تېخنىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە ئەڭ مودا بولۇۋاتقىنى ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ئارقىلىق تەربىيەلەش، لېكسىيە سۆزلەش، كۆرسىتىش، ئاڭلىتىش تېخنىكىسى، يىراق ئارىلىقتىن تەربىيەلەش، تەرتىپلەشكەن ئوقۇتۇش ۋە تەقلىدىي تەربىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىرقەدەر كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇلدىن ئىش ئورنىدا تەربىيەلەش، خىزمەتنى نۆۋەتلىشىپ ئىشلەش ۋە شاگىرت تۇتۇش ئۇسۇلى بار. خىزمەتچىلەرنى ئۇنۇملۇك تەربىيەلەشتە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىكى ئالاھىدىلىكىنى جەزمەن چۈشىنىپ، خادىملارنى تەربىيەلەش شەكلى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇمىدىنىڭ بىردەك بولۇشىنى ياخشى ئويلىشىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن

تەربىيەلەش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات بەرپا قىلىش كېرەك. ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلاتنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ياخشى بولغان كوللېكتىپ ئۆگىنىش ۋە تەشكىللىك ئۆگىنىش كەيپىياتىنى يارىتىش ئارقىلىق، باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۆگىنىش تىپىدىكى تەشكىلات بەرپا قىلىش تەشكىلاتنىڭ ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى قوزغاش ۋە يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، تەشكىلات باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، تەشكىلاتنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق.

**4) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ھاياتىغا ئالاقىدار پىلانىنى تۈزۈشكە ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك**

كەسپىي ھاياتقا ئالاقىدار پىلان تەشكىلاتنىڭ ئېھتىياجلىقلارنى تۇتۇپ قېلىشىدىكى ئەڭ ياخشى تەدبىر. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ھاياتىنى ئېچىش ۋە باشقۇرۇش ئارقىلىق، تىرىشىپ ئۇلارنى ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدىغان سەھنە بىلەن تەمىنلىگەندە ئېھتىياجلىقلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئېھتىياجلىقلارنى تۇتۇپ قېلىش، كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى، شۇنداقلا تەشكىلات ئۆزگىرىشىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ.

تەشكىلات ئۆزگىرىشى جەريانىدا كارخانىلار تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇلارغا ھەمكارلىشىپ، كەسپىي ھاياتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى بېكىتىلىدۇ، كارخانا قۇرغۇچىلار بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلىكتە شەخس ھەم كارخانىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان شەخسنىڭ كەسپى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ پىلانىنى تەدرىجىي يولغا قويۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. مەسىلەن، تەربىيەلىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش، خىزمەت ئورنىنى ئۆستۈرۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلار. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ھايات پىلانىنى باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئۆگىنىشكە ئۈنۈملۈك يېتەكلىگىلى، خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ، خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كارخانىنىڭ ئومۇمىي نىشانى ۋە تەرەققىيات پىلانىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆز تەرەققىياتى ۋە ئۆزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن كارخانىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا ھەمتۇرتكە بولۇپ، تەڭ نەپ ئېلىش ئۈنۈمىگە يېتەلەيدۇ.

## پايدىلانمىلار:


[1] 舒放，王克良. 国家公务员制度教程[M]. 中国人民大学出版社，2001.

[2] 尹钢，梁丽芝. 行政组织学[M]. 北京大学出版社，2005.

[3] 马庆钰. 中国行政改革前沿视点[M]. 中国人民大学出版社，2008.

[4] 刘峰，孙晓莉. 中国行政体制改革理论与实践[M]. 国家行政学院出版社，2012.

[5] 齐亚峰. 铁路企业传统人事管理向现代人力资源管理转变探析[J]. 经济师，2012（01）.

[6] 路宁，沈为娟. 现代人力资源管理与传统人事管理的比较及启示[J]. 特区经济，2007（05）.

[7] 郑浩. 组织变革下人力资源管理策略的研究[J]. 天津：天津工业大学，2004.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 038 ـ 03(2017) 5878 ـ 1005

# شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدا*

ئابدۇخېلىل ئابلا

(شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى بوغالتىرلىق ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830012)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ قۇرۇلۇشى شىنجاڭ يۈزلىنىۋاتقان يېڭى پۇرسەت، بۇ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ۋە چېگرا رايونلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بىراق دۆلەت كارخانىلىرى تارىخىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن باشقا، يەنە ئۆزىدىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى رولىنىڭ ئورنىنى بېكىتىش مەسىلىسى، دۆلەت كاپىتالىنى تەقسىملەش مۇۋاپىق بولماسلىق، تىجارەت ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇش ھەمدە دۆلەت ئىلكىدىكى پاي تۈزۈمىدە «بىر پاي مۇستەقىل چوڭ بولۇش»، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئېغىر توسالغۇ بولۇپ كەلدى. بۇ ماقالىدە، يۇقىرىقى مەسىلىلەر ئاساس قىلىنىپ، دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى «كارخانىنى باشقۇرۇش» تىن «دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش» قا ئۆزگەرتىش، دۆلەت مۈلكىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش، پۇقراۋى مەبلەغنى جەلپ قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پاي ھوقوقىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇش ۋە ئۇنى ئەلالاشتۇرۇش، ئۇچۇرنى ئاشكارىلاش قاتارلىق قاتلاملار بويىچە شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلكىنى ئىسلاھ قىلىشقا قارىتا كونكرېت تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا پايدىلىنىش ۋە ئۈلگە ئېلىش قىممىتىگە ئىگە. .

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** دۆلەت كارخانىسى؛ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك؛ شىنجاڭ

## 浅论新疆国有企业混合所有制改革问题

阿布都合力力 · 阿布拉

**摘要**：丝绸之路经济带的建设是新疆面临的新机遇，对新疆实现经济快速发展、加强民族团结、保持社会稳定和巩固边疆安全具有重要作用。近年来，新疆国有企业实施混合所有制改革取得了一定成效，但受历史因素以及国有企业自身因素的影响，管理体制的角色定位问题、国有资本的配置不合理，经营效率较低以及国有股“一股独大”，监管不到位等问题阻碍新疆国有企业混合所有制改革的有效推进。基于以上问题，本文从国资管理由“管企业”向“管国资”转变、明确国资职能，实施分类管理和监督、吸纳民资，推动国有企业股权多元化改革以及优化布局，信息公开等层面提出了新疆国有企业混合所有制改革的具体建议和策略，以期为新疆国有企业变革提供参考和借鉴。

**关键词**：国有企业；混合所有制；新疆

**Abstract:** The construction of the Silk Road economic belt is a new opportunity for Xinjiang to play an important role in realizing Xinjiang's leap-forward development, strengthening national unity, maintaining social stability and consolidating frontier security. In recent years, the

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
مەزكۇر يازما شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىجتىمائىي پەن فوندى تۈرى: «شىنجاڭ رايونىدىكى رىقابەت خاراكتېرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى توغرىسىدا تەتقىقات»نىڭ (تەستىق نومۇرى: CJY0172015) باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
**ئاپتور:** ئابدۇخېلىل ئابلا (1983 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتورانت، شىركەت مالىيىسى ۋە بوغالتىرلىقى ئوقۇتۇشى ھەم تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

implementation of mixed ownership reform in Xinjiang state - owned enterprises has achieved some success, but by the historical factors and the impact of state - owned enterprises, the role of management system, the allocation of state - owned capital is unreasonable, low operating efficiency and state - Independence, supervision is not in place and other issues seriously hinder the mixed ownership of Xinjiang state - owned enterprises to effectively promote the reform. Based on the above problems, this paper from the state - owned enterprises from the "management of enterprises" to "control of state - owned assets" change, clear the functions of state - owned enterprises, the implementation of classification management and supervision, to attract private capital, to promote the diversification of state - owned enterprises equity reform and optimize the layout, The specific proposals and strategies of the mixed ownership reform of Xinjiang state - owned enterprises, with a view to provide reference and reference for Xinjiang's state - owned enterprise reform. .

**Keywords:** state owned enterprises; mixed ownership reform; Xinjiang

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F121 ماتېرىيال بەلگىسى: A

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا دائىر بىر قانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» ھەم «دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» نىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەرلەر كەينى - كەينىدىن دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتى ھەم دۆلەت مۈلكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يولغا قويۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر قىسىم مەركەز كارخانىلىرى بىلەن يەرلىك دۆلەت كارخانىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىسلاھات لايىھەسىنى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى تەدرىجىي يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش باسقۇچىغا كىردى. 2014 - يىلى شىنجاڭ «ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەبەدىي ئەمىنلىككە كۈچ توپلاش» مەخسۇس پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئاساسىي تېمىسى: شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رىقابەتنى كۈتۈۋېلىش بولدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى. جۇڭگو نېفىت - خىمىيە شىركىتى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئىسلاھاتىنى ئاۋال يولغا قويۇپ، بۇ جەھەتتە باشلامچىلىق ۋە نەمۇنىلىك رول ئوينىدى. شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، نۆۋەتتىكى تەرەققىيات توسالغۇلىرىنى يېڭىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى.

## 1. شىنجاڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى

2015 - يىلى شىنجاڭنىڭ پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى(GDP) 932مىليارد 480 مىليون يۈەن بولۇپ، سېلىشتۇرما باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 8.8% ئاشقان، ئېشىش سۈرئىتى دۆلىتىمىز بويىچە 8 - ئورۇندا، غەربىي رايون بويىچە 4 - ئورۇندا، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرغان. 2015 - يىلى شىنجاڭنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 269 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 5% ئاشقان، كۆلەملەشكەن سانائەت كارخانىلىرى 2700 گە يېتىپ، 9% ئاشقان، كۆلەملەشكەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 250 مىليارد يۈەن

بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 5% ئەتراپىدا ئاشقان. كۆلەملەشكەن سانائەت كارخانىلىرىنى ئېغىر سانائەت ۋە يېنىك سانائەت بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، يېنىك سانائەت قوشۇلما قىممىتى 30 مىليارد يۈەن بولۇپ، 6% ئەتراپىدا ئاشقان، ئېغىر سانائەتنىڭ 219 مىليارد يۈەن بولۇپ، 9 .4% ئاشقان. نېفىت ۋە غەيرىي نېفىت سانائىتى بويىچە ئايرىغاندا، نېفىت سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 87 مىليارد يۈەن بولۇپ، 1% ئاشقان، غەيرىي نېفىت سانائىتىنىڭ 162 مىليارد يۈەن بولۇپ، 9% ئاشقان. ئىقتىسادىي تۈر بويىچە ئايرىغاندا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 168 مىليارد يۈەن بولۇپ، 4% ئاشقان، غەيرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ 18 مىليارد يۈەن بولۇپ، 9% ئاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەركەز كارخانىلىرىنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 133 مىليارد يۈەن بولۇپ، 1% ئاشقان، يەرلىك كارخانىلارنىڭ 116 مىليارد يۈەن بولۇپ، 12% ئاشقان. كارخانا كۆلىمىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىغاندا، چوڭ تىپتىكى كارخانىلارنىڭ سانائەت قوشۇلما قىممىتى 148 مىليارد يۈەن بولۇپ، 5% ئاشقان، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 40 مىليارد يۈەن بولۇپ، 3% ئاشقان، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 60 مىليارد يۈەن بولۇپ، 8% ئاشقان. شىنجاڭدا نۇقتىلىق دىققەت قىلىپ كېلىنىۋاتقان ئون چوڭ سانائەت ئىچىدە، نېفىت سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى 88 مىليارد يۈەن بولۇپ، 1% ئاشقان. رەڭلىك سانائەتنىڭ 20 مىليارد يۈەن بولۇپ، 26% ئاشقان، ئېلېكتىر سانائىتىنىڭ 30 مىليارد يۈەن بولۇپ، 11% ئاشقان، خىمىيە سانائىتىنىڭ 27 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 4% تۆۋەنلىگەن، پولات - تۆمۈر سانائىتىنىڭ 2 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ، 38% تۆۋەنلىگەن، كۆمۈر سانائىتىنىڭ 13 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 5% ئاشقان، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ 4 مىليارد 700 مىليون يۈەن بولۇپ، 6% ئاشقان، يېزا ئىگىلىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنىڭ 7 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 6% ئاشقان، جابدۇقچىلىق سانائىتىنىڭ 10 مىليارد يۈەن بولۇپ، 32% ئاشقان، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ 10 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ، 9% تۆۋەنلىگەن. 2015 - يىلى شىنجاڭنىڭ غەيرىي نېفىت سانائىتىنىڭ كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت قوشۇلما قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 9 .64% كە يەتكەن. غەيرى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى سانائەتنىڭ يىللىق ئېشىش نىسبىتى 9 .8 % بولۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭكىدىن 4 % . 9پوئىنت يۇقىرى بولغان. رەڭلىك مېتال سانائىتى، جابدۇقچىلىق سانائىتىنىڭ قوشۇلما قىممىتى% 25 تىن يۇقىرى بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى قوشۇمچە يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، ئېلېكتىر سانائىتى، توقۇمىچىلىق سانائىتى، كىيىم - كېچەك سانائىتىمۇ بىر قەدەر تېز ئاشقان. ھالبۇكى، يۇقىرى سەرپىياتلىق كەسىپلەرنىڭ سۈرئىتى داۋاملىق ئاستىلىغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قارا مېتال تاۋلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى 5 .38% تۆۋەنلىگەن. مېتاللوئىد مېنېرال مەھسۇلاتلىرى كەسپى% 7 .8 تۆۋەنلىگەن، خىمىيەلىك ماتېرىيال ۋە خىمىيە ياسالمىلىرى كەسپى % 1 .5 تۆۋەنلىگەن، پۈتۈن رايوندىكى مۇلازىمەت كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ياسىمىچىلىق سانائىتىگە سېلىنغان مەبلەغتىن 13پوئىنت تېز بولغان[1].

2016 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەت پېيىنى كونترول قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى 1 تىرىللىيون 39 مىليارد 600 مىليون يۈەن بولۇپ، مىليارد يۈەنلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىگە قارىغاندا 5 .22% ئېشىپ، شىنجاڭ GDP سىنىڭ % 65 تىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلىگەن، باشقا ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇش بوشلۇقى بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، شىنجاڭغا مەبلەغ سالغان 54 مەركەز كارخانىسى ئاساسلىقى نېفىت، تەبىئىي گاز، خىمىيە سانائىتى ۋە كۆمۈر سانائىتىگە مەبلەغ سالغان، بۇ كارخانىلار سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 70% تىن يۇقىرىراقىنى ئىگىلىگەن. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا نېفىت، نېفىت - خىمىيە

سانائىتىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن نېفىت، نېفىت - خىمىيە كەسپى بىلەن شىنجاڭدىكى يەرلىك كارخانىلارنىڭ ھەمكارلىشىش تۈرلىرى نىسبەتەن ئاز بولماقتا. نۆۋەتتە، نېفىت، نېفىت - خىمىيە سانائىتى كەسپى شىنجاڭدا كەسپىي پائالىيەتنى قانات يايدۇرغان بولۇپ ئۇ، شىنجاڭدا ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم بۆسۈش ئېغىزىغا ئايلاندى. 2012 - يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ نېفىت، نېفىت - خىمىيە سانائىتىدە ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىندى. ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئەندىزە لاھىيەسى شىركەت تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، تارماق شىركەت قۇرۇش شەكلى ئارقىلىق يەرلىك باج ھېسابلاش تاكتىكىسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەل ئارا كاپىتالنى نېفىت ۋە تەبىئىي گازغا مۇناسىۋەتلىك تۈر قۇرۇلۇشىغا سېلىشقا رىغبەتلەندۈردى، بۇ نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئېچىش، توشۇش ۋە يەتكۈزۈش قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. 2020 - يىلىغان بارغاندا، جۇڭگو نېفىت، تەبىئىي گاز شىركىتى شىنجاڭغا 340 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشنى پىلانلاپ، ئۈچ چوڭ نېفىتلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى 60 مىليون يۈەندىن ئاشۇرۇشنى ھەم مۇشۇ قىممەتنى 20 يىل ئەتراپىدا ساقلاشنى پىلانلىدى. خام نېفىتنىڭ باھاسىنى 90 ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلىساق، شىنجاڭنىڭ سانائەت ئېشىش قىممىتىنى 230 مىليارد يۈەنگە، يەرلىك باج ئۇمۇمىي سوممىسىنى 10 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىشقا بەش مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنسا، شىنجاڭغا بەش مىليارت يۈەن باج كىرىمى ئېلىپ كېلەلەيدۇ ھەم مەبلەغ سېلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 12 مىليون توننىغا يەتسە، شىنجاڭغا 45 مىليارد يۈەنلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە، يەنە يۈزمىلياردتىن ئارتۇق كەسىپ زەنجىرى قىممىتىگە تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىي باج سوممىسى 40 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، يەرلىك باج كىرىمى 13مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. نېفىت، نېفىت - خىمىيە كەسپى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ باشلامچىسى بولۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. ئۇ 2016 - يىلى شىنجاڭنىڭ GDP سىغا قوشقان تۆھپىسى ئالتىدىن بىرىگە، جامائەت مالىيە كىرىمىنىڭ سەككىزدىن بىرىگە يېقىنلىشىپ، ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى[2].

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇقراۋى كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دائىر سىياسەتلەرنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى بارا - بارا شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇردى. 2016 - يىلى شىنجاڭدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ بازار سۇبيېكتى بىر مىليوندىن ئېشىپ، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان ئومۇمىي مۈلكى بىر تىرىللىيون يۈەندىن ھالقىدى. شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىككە سالغان مەبلىقىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 400 مىليارد يۈەندىن ھالقىپ، ئېشىش نىسبىتى % 30 تىن يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ % 50 تىنى ئىگىلىدى. شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئالتە مىليونغا يېقىنلىشىپ، شىنجاڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگىلىدى، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار % 90 ئەتراپىدا بولدى[3].

شىنجاڭدىكى نېفىت، نېفىت - خىمىيە كەسپىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتى تەجرىبىلىرى بەزى ئۇل كەسىپ، ئىجتىمائىي ئىشلار ۋە پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تۈر قۇرۇلۇشىغا پۇقرالارنى مۇستەقىل مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، پاي قوشۇش ياكى پاي كونترول قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ كىردى. شىنجاڭ دۆلەت ھەم باشقا ئۆلكىلەردىكى ئالاقىدار دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ

تەجرىبىسىنى تەقلىد قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاشيول، تۆمۈر يول، ئايرودروم ۋە باشقا ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىپ، ئەلئارا كاپىتالنىڭ بۇ ساھەلەرگە كىرىشىگە ئىلھام بەردى ھەم مەبلەغ سېلىش گەۋدىسىنىڭ كۆپ خىللىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 1. شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيەسى چەكلىك، كىشىلەرنىڭ ئېچىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى يېتەرسىز، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا، باشقا ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرى. 2016 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىرلىكتە باشقۇرغان ۋە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركەتلىرى كونترول قىلغان پاي % 85 تىن يۇقىرى بولۇپ، پاي ھەمكارلىقى تۈزۈمىدىكى كارخانىلار كونترول قىلغان پاي نىسبىتى %55 تىن يۇقىرى، پاي چەكلىك شىركىتى كونتروللىقىدىكى پاي نىسبىتى %55 تىن يۇقىرى بولغان. پۇل مۇئامىلە، تاماكا ۋە ئېلېكتىر كۈچى قاتارلىق مونوپول كەسىپلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەھسۇلات ھوقۇقى بىر قەدەر يەككە ھالەتتە بولۇپ، ئەلئارا كاپىتالنىڭ كىرىشكە قويۇلغان تەلەپ بىر قەدەر يۇقىرى بولغان. بەزى ئەلئارا كاپىتال كىرگۈزگەن كەسىپلەردە دۆلەت پېيىنىڭ كونترول قىلىنىۋېلىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئەلئارا كاپىتالنىڭ سۆز ھوقۇقى چەكلىك بولۇپ، مۈلۈك ھوقۇقىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇشقا يوغرا كېلىدۇ.

**1) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ رولىنى بەلگىلەش مەسىلىسى گەۋدىلىك**

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مەبلەغ سالغۇچى بىلەن مەمۇرىي جەھەتتە نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ رولىنى بەلگىلەش ئوتتۇرىسىدا مەلۇم توقۇنۇش مەۋجۇت بولغانلىقتىن، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «ئېشىشقا كاپالەتلىك قىلىش» ئىقتىسادىي نىشانى مەمۇرىي جەھەتتە تەكشۈرۈش نىشانىغا ئايلاندۇرۇلدى. بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، دۆلەت ئىلكىدىكى پاي ئىگىسى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ بازاردىكى پايدا كىرىمى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەزى مەمۇرىي ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، بەزى كەسىپلەرنىڭ بازارغا كىرىشىگە پىرىنسىپ جەھەتتە چەك قويۇپ، بازار رىقابىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، سۈنئىي مەمۇرىي مونوپوللۇقنى شەكىللەندۈرۈش ئارقىلىق، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىشى، دۆلەت مۈلكىنىڭ «ئېشىشىنى ساقلاش» نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن. بازارلاشتۇرۇش ئىقتىسادى ئىسلاھاتىغا سېلىشتۇرغاندا، ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلغان ئىسلاھاتنىڭ ئىزچىل ئارقىدا قېلىشى مەمۇرىي ئارىلىشىشنىڭ كۆپ بولۇشى، ھۆكۈمەت كارخانىلىرى ھەممىدە ھۆكۈمەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقى، ھۆكۈمەت كارخانىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت مۈلكىنى ئايرىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم ۋە تەلەپنى تۈزۈپ يولغا قويۇشنىڭ تەس بولۇشى، كۆپ تەرەپ باشقۇرۇش ھادىسىلىرىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دۆلەت مۈلكى نازارەتچىلىكى كومىتېتى بىلەن ھۆكۈمەت، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئېنىق بولماسلىقى بەزى دۆلەت كارخانىلىرى يولغا قويىدىغان تۈرلەرنى تەستىقلاش جەريانىنىڭ مۇرەككەپ، ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكلىشى ئاساس قىلىنغان بازارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بازارنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش ۋە

ئىسلاھ قىلىش جەريانىدىكى رولىنىڭ تولۇق جارىي قىلدۇرۇلماسلىقى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك ھوقۇق تۈزۈمى ۋە شىركەت ئۆزگىرىشىنىڭ تەلتۆكۈس بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**2) دۆلەت كاپىتالىنىڭ تەقسىملىنىشى مۇۋاپىق ئەمەس، تىجارەت ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن**

نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى دۆلەت كاپىتالىنىڭ زور قىسمى ئادەتتىكى رىقابەت ساھەلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بەزىدە ھەتتا شۇ ساھەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن. مەسىلەن: سودا، ئەشيا ئوبوروتى، پولات - تۆمۈر، ساياھەتچىلىك قاتارلىق كەسىپلەردە دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، دۆلەت كاپىتالىنىڭ جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلمىغان. داۋالاش - ساقلىق ساقلاش، ئاممىۋى ئىشلار، پەن - مەدەنىيەت قاتارلىق كەسىپلەرگە ئىجتىمائىي كاپىتالنىڭ كىرىشىگە چەك قويۇپ، دۆلەت مۈلكى ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت كاپىتالىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمايلا قالماي، بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىق مەسىلىسىنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تەسىر كۆرسەتتى. كەسىپنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدا دۆلەت ئىلكىدىكى ئىقتىساد ئاساسلىق ھالدا سانائەت ۋە ئۇل ئەسلىھە ساھەلىرىگە تارقالغان بولۇپ، پۇل - مۇئامىلە، ئەشيا ئوبوروتى ھەم مەدەنىيەت مۇلازىمىتى ساھەسىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان؛ رايونلارغا تارقىلىشىدىن قارىغاندا، شەھەر، ناھىيەلەردىكى ساقلىنىش مىقدارى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سانى ھەم مۈلۈك ئومۇمىي مىقدارىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% تىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا «چوڭ ئەمما ئاجىز» بولۇش مەسىلىسى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغانلىقتىن، مۈلۈك قەرز نىسبىتى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى بولغان، پۇل مۇئامىلە كىرزىسىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى كۆلەمدىن يۇقىرى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك قەرز نىسبىتى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆلەمدىن يۇقىرى دۆلەت پېيىنى كونترول قىلىدىغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۈلۈك قەرز نىسبىتى ئۆزۈكسىز ئۆسكەن بولۇپ، مۈلۈكنىڭ پايدا نىسبىتى 1% كىمۇ يەتمەي، بازارنىڭ خەۋپكە قارشى تۇرۇش كۈچى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى بەزى كەسىپلەرنىڭ بازار رىقابىتى ئۆزلۈكسىز كۈچىيىدى، بولۇپمۇ كۆمۈر، خىمىيە سانائىتى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇشۇقچىلىقى مەسىلىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ تىجارەت ئۈنۈمى بىر ئاز تۆۋەنلەپ كەتتى.

**3) دۆلەت پېيىدا «بىر پاي مۇستەقىل چوڭ بولۇش»، باشقۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى**

شىنجاڭدا دۆلەت مۇتلەق كونترول قىلىدىغان پاي ئاساسلىقى: پۇل مۇئامىلە، ئېلېكتر كۈچى، تاماكا ھەمدە باشقا دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىغا ئالاقىدار ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن، ئۇلارنىڭ تىجارەت ھوقۇقى بىر قەدەر يەككە بولۇپ، سىياسەتنىڭ چەكلىمىسىگە بىر قەدەر قاتتىق ئۇچرىغاندىن باشقا، دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئاساسلىقى مونوپول تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى يولغا قويغان دۆلەت كارخانىلىرىدا پاي ھوقۇقى قۇرۇلمىسى مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك بولۇپ، «بىر پاي مۇستەقىل چوڭ بولۇش» مەسىلىسى ناھايىتى روشەن بولماقتا. دۆلەت كاپىتالىنىڭ پاينى مۇتلەق كونترول قىلىشى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زامانىۋى شىركەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشىغا يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەنە دۆلەت كاپىتالىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى زور دەرىجىدە چەكلەيدۇ. شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا، ئورۇن بېكىتىشنىڭ ئېنىق بولماسلىقى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ تېخى مۇكەممەللىشىپ كېتەلمىگەنلىكى مەسىلە كۆرۈلگەندە مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئېنىق بولماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دۆلەت مۈلكىنى چىقارغۇچىغا تەۋە بولۇپ، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورگانلىرى ئاساسلىقى دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىغا، مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ ھەمدە نازارەت قىلىپ

تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، دۆلەت مۈلكى تىجارەت سۇپىسى مۈلۈكنى ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش ھەم قىسمەن مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، دۆلەت كارخانىلىرى ئىگىلەش، ئىشلىتىلىش ۋە قىسمەن مەنپەئەتلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. نۆۋەتتە شىنجاڭدا دۆلەت مۈلكى تىجارەت سۇپىسى ھەم ئۇنىڭ فۇنكسىيەسى، ئورنى ئېنىق بولمىغانلىقتىن، دۆلەت مۈلكىنىڭ رولى تولۇق جارىي قىلدۇرۇلمىدى، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچىلار پۈتۈن دىققىتىنى مەمۇرىي نىشانىنى تەكشۈرۈشكە قويغاچقا، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش فۇنكسىيەسى تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى.

## 3. شىنجاڭدا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرى

**1) دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇشنى «كارخانىنى باشقۇرۇش» تىن «دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش» قا بۇراش كېرەك**

شىنجاڭ دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى رىقابەتچانلىقتا، فۇنكسىيەلىكتە ۋە جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىشنى يولغا قويغان بولۇپ، نىسپىي مۇستەقىل بولغان دۆلەت مۈلكى تىجارەت سۇپىسى، ھۆكۈمەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سۇپىسى ياكى دۆلەت كاپىتالى تىجارەت شىركىتى قۇرۇپ، رولىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئايرىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ۋاكالىتەن مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ رولىنى بېكىتىش ھوقۇقى پۈتۈنلەي دۆلەت مۈلكى تىجارەت سۇپىسىغا تەۋە بولۇپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى پەقەت پايدا ئېلىش ۋە نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش ھوقۇقىغىلا ئىگە بولىدۇ، دۆلەت مۈلكى تىجارەت سۇپىسىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى بولسا دۆلەت كاپىتالىنى ئىشلىتىشكە قارىتا ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش ۋە يۈرگۈزۈش بولۇپ، زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ ھوقۇقى، مەسئۇلىيىتى ۋە مەنپەئەت تەلىپىگە ئاساسەن، دۆلەت كارخانىلىرىدا باھالاش ھوقۇقى ۋە تەقسىملەش ھوقۇقىنى يولغا قويىدۇ، باشقۇرۇش ھوقۇقى پۈتۈنلەي دۆلەت پېيىنى كونترول قىلغان ياكى پاي قوشقۇچى كارخانىلارغا بېرىلىدۇ. شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى «كارخانىنى باشقۇرۇش»نى «دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش» قا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، «ھۆكۈمەت مۈلكى»، «ھۆكۈمەت كارخانىلىرى» ۋە «ھۆكۈمەت ئىشلىرى»نى ئايرىش ۋە پەرقلەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇپ، ئەسلىدىكى مەمۇرىي مونوپوللۇقنى بىكار قىلىپ، بازارنىڭ ئايلىنىش مېخانىزمىغا ئاساسەن كارخانىنى يۈرۈشتۈرۈشى كېرەك. دۆلەت مۈلكى تىجارەت سۇپىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋاكالىتەن مەبلەغ چىقارغۇچىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى، مەركەز كارخانىلىرى ۋە مىللىي كارخانىلار ئۈچۈن ئالاقە ۋە ھەمكارلىق سۇپىسى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**2) دۆلەت مۈلكىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇش كېرەك**

ماكرو قاتلامدىن ئېيتقاندا، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇشتا دۆلەت مۈلكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك فۇنكسىيەسىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. فۇنكسىيەنى تۈرگە ئايرىش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت كارخانىلىرىنى باھالاش ئۆلچىمىنى بېكىتىش لازىم، بۇ ئاساسلىقى رىقابەت تۈرى، فۇنكسىيە تۈرى ھەمدە پاراۋانلىق تۈردىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. رىقابەت تۈرىدىكى كارخانىلار بازارنى كارخانا تىجارىتىنىڭ يېتەكچى كۆرسەتكۈچى قىلىشى، كارخانا ياراتقان پايدىنى باھالاشنى كۈچەيتىشى كېرەك، كەلگۈسىدە دۆلەت مۈلكى زور بىر قىسىم مۇھىم كەسىپلەرنىڭ پېيىنى كونترول قىلىدۇ، شۇڭا رىقابەت خاراكتېرلىك ساھەلەردە پايدىنى باھالاش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى كارخانىلارنىڭ فۇنكسىيەسى ئاساسلىقى ئاممىۋى مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشنى

ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا باھالاشنىڭ ئاساسلىق كۆرسەتكۈچى كارخانا ئىشلەپچىقىرىشىدا ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي ئۈنۈمدىن ئىبارەت. فۇنكسىيەلىك كەسىپلەر ئاساسلىقى نېفىت، گازنى ئېچىش قاتارلىق فۇنكسىيەگە چېتىلىدىغان بولۇپ، باھالاش كۆرسەتكۈچى دۆلەت ياكى رايونلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نىشانى ۋە زور مەخسۇس تۈر ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. شىنجاڭدىكى دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت كارخانىلىرى، ھۆكۈمەت مۈلكى ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بىلەن تىجارەت ھوقۇقىنى ئايرىپ، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «كاپىتال باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» ئەندىزىسى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىپ، مەبلەغ چىقارغۇچى بىلەن نازارەت قىلىپ باشقۇرغۇچىنىڭ فۇنكسىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى ئۈنۈملۈك ئايرىشى، مەبلەغ چىقىرىشنى دۆلەت كاپىتالىنى يۆتكەش شىركىتى زىممىسىگە ئېلىشى، دۆلەت مۈلكى نازارەتچىلىكى كومىتېتى مەخسۇس نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنى تەستىقلاش تەرتىپى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ئۆز ئالدىغا مۈلۈك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈش، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازار رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

**3) ئەلئارا بايلىقنى جەلپ قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرى پاي ھوقۇقىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك**

شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پاي ھوقۇقىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ ئەلئارا بايلىقنى پاي قوشۇش شەكلىدە دۆلەت كارخانىلىرى تىجارىتىگە جەلپ قىلىش، دۆلەت كارخانىلىرىدا زامانىۋى كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈمى بەرپا قىلىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ پىشاڭلىق رولىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

شىنجاڭدىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتى جەريانىدا، ھەمكارلىقنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەلئارا بايلىق قاتلىمىغا قويۇش كېرەك. چۈنكى، ئەلئارا بايلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش جەھەتتە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە. ئەلئارا بايلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سالغان مەبلەغ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، دۆلەت كارخانىلىرى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ئەلئارا بايلىقنى تېخىمۇ كۆپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پايدا يارىتىش ئىقتىدارى، مەنبەسى ھەمدە تۈرلىرىنى ئاشكارىلاش كېرەك، تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتىغا ئوخشاش ھۆكۈمەت تارماقلىرىمۇ مۇناسىپ ئىقتىسادىي تەرەققىيات پىلانى، سىياسەت جەھەتتە يۆلەش پىلانى ھەمدە ئېتىبار سىياسەتلىرى بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئەلئارا بايلىقنى جەلپ قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا ئەلئارا بايلىقنى كىرگۈزىدىغان كەسىپلەر ئاساسلىقى نېفىت، خىمىيە سانائىتى، تەبىئىي گاز ھەمدە كۆمۈر سانائىتى قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن. نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ دۆلەت مۈلكى ئىسلاھاتىدا كۆمۈر، كۆمۈر - ئېلېكتىر ھەم كۆمۈر - خىمىيە سانائىتى ساھەلىرىنى ئارىلاش مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش ئېنىق كۆرسىتىلدى، بۇ كەسىپلەر تېخىمۇ كۆپ ئەلئارا بايلىقنى جەلپ قىلالايدۇ. كونكرېت مەشغۇلات قاتلىمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، خىمىيە، قاتناش قاتارلىق ساھەلەردىكى فۇنكسىيە خاراكتېرىدىكى، پاراۋانلىق خاراكتېرىدىكى ۋە رىقابەتلىشىش خاراكتېرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى پايىنى كونترول قىلىش ئاساسىدا، دۆلەت مۈلكىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتىنى يەنىمۇ ئاز بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلالىسا، تېخىمۇ كۆپ

ئىجتىمائىي مەبلەغنى جەلپ قىلالايدۇ، بەزى مۇھىم بولمىغان ساھەلەردىكى رىقابەت خاراكتېرىدىكى دۆلەت كارخانىلىرى پايىنى كونترول قىلماسلىق ياكى پاي كونترول قىلىش مېخانىزمىدىن چېكىنىپ چىقىپ، پۈتۈنلەي بازارلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى ئەمەلگە ئاشۇرسا، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۈرۈشۈش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

## ئىزاھلار:


[1] 何玲. 5个数据反映2015年新疆经济运行情况[N]. 新疆经济报，2016年 02月 02日.

[2] 托亚石鑫. 新机遇新作为新突破新引擎—— 新疆非公有制经济发展综述[N]. 新疆日报. 2015年10月14日.

[3] 翟少勇. 新疆混合所有制的改革实践与路径创新研究[J]. 新疆社会科学, 2014(6).


## پايدىلانمىلار:


1. 翟少勇. 新疆混合所有制的改革实践与路径创新研究[J]. 新疆社会科学. 2014(6).
2. 杨红英,童露. 论混合所有制改革下的国有企业公司治理[J]. 宏观经济研究,2015(1).
3. 马少宾. 2016年自治区国有企业资产总额突破万亿 ,天山网www. ts. cn. 2017 - 01 - 24.
4. 戚聿东,刘健. 深化国有企业改革的方向和路径“深化国有企业改革研讨会”观点综述[J]. 中国工业经济,2013(12).


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 08 - 047 - 1005 - 5878 (2017)03

# نەسەبنامە ۋە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە*

غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار، ئىمامھەسەن ياقۇپ

(1. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830011؛
2. بورتالا ئوبلاستلىق رادىيو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، بورتالا. 833400)

قىسقىچە مەزمۇنى: نەسەبنامە يېزىش ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلاشتىكى بىر ۋاستە. ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن نەسەبنامە يېزىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئارىدا نەسەبنامە يېزىش پەسىيىپ قالغان. نۆۋەتتە دىيارىمىزدا نەسەبنامە يېزىش قايتىدىن ئەۋج ئالماقتا. لېكىن نەسەبنامە يازغاندا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟ نەسەبنامىدە ئەجداد، ئەۋلادناملىرىنى قانداق ئاتاش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ بېشىنى قاتۇرماقتا. ماقالىدە مۇشۇ ھەقتە بىر قىسىم دىققەتكە سازاۋەر مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: نەسەبنامە؛ ئۇرۇق - تۇغقان؛ ئاتالغۇ

## 论家谱与亲属称谓

海拉提 · 阿不都热合曼

**摘要**：家谱是连接上辈与下辈的一种载体。既然维吾尔族传统已有记载家谱的习惯，但种种原因把这个习惯中断。近几年来，维吾尔族人中记载家谱重新盛行。记载家谱应注意哪些方面？家谱中怎样运用亲属称谓？这些问题在维吾尔语中尚未统一。本文对这些问题提出应注意的几点。

**关键词**：家谱；亲属称谓；术语

**Abstract:** The genealogy is the carrier between former generations and future generations and Uyghur had the tradition of keeping the genealogy of the family, the tradition had been halted for many reasons. Although the Uyghur genealogy has been put forward again recently, several problems such as how to maintain kinship terminology is still remains without a standard solution. This paper mainly puts attention toward such problems.

**Keywords:** genealogy; kinship terminology; terminology

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K820 ماتېرىيال بەلگىسى: A

نەسەبنامە جۇڭگوغا خاس مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ، ئەڭ ئاۋۋال خەنزۇلار تارىخىدا، كېيىنچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشى بىلەن ھەرقايسى مىللەتلەردە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۈچ گۆھىرى (دۆلەت تارىخى، توپولوگىيە — يەرلەر تەزكىرىسى، نەسەبنامە)نىڭ بىرى بولۇپ، قىممەتلىك ئادىمىيەت ۋەسىقىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ تارىخشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، نوپۇسشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئېلىمىزدە ئەڭ دەسلەپتە نەسەبنامە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئالدىنقى چىن دەۋرى (مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 21 - يىلىدىن مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 221 - يىلىغىچە)دە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن. چىن، خەن، ۋېي، جىن، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندە نەسەبنامە يۇقىرى تەبىقىدىكى جەمەتلەر ئارا توي - نىكاھ ئىشلىرىدىكى مۇھىم پاكىتقا ئايلىنىپ، تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭلا

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: غەيرەت ئابدۇرەھمان (1966 - يىلى 9 - ئايدا تۇغۇلغان)، كاندىدات تەتقىقاتچى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

نەسەبنامىسى پۈتۈلۈپ قالماستىن، ئادەتتىكى ئاۋام پۇقرامۇ ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى پۈتىدىغان هالەت شەكىللىنىپ، هەممە ئائىلىدە نەسەبنامە بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن.

نەسەبنامە ئەجدادلارنىڭ مۇقەددەس بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاۋام ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيىتىنىڭ گۇۋاهچىسى سۈپىتىدە ئىلگىرى جەمەت تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كىشىلەر ئارا ئەخلاقىي مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسا، كېيىنچە جەمئىيەت قانۇنى ۋە تۈزۈمىنىڭ تولۇقلىمىسى بولغان. هازىرقى دەۋردە ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈك بولۇش بىللە بىلەن، ئەدەبىي، ئىجتىمائىي، تارىخىي قىممىتى جەھەتتىنمۇ ئالاهىدە ئەهمىيەتكە ئىگە. جۇڭگودا نەسەبنامىنىڭ بارلىققا كەلگەن يىل دەۋرى هەققىدە هەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر جۇ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن دېسە، بەزىلەر يېغىلىق دەۋرىدىكى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن دېيدۇ، بەزىلەر سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن دېسە، بەزىلەر جۇ دەۋرىدىن ئاۋۋالقى چىغىناق - تاغاق دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن دېيدۇ. تارىخىي ۋەسىقىلەر ۋە شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى بولغان يىن خارابىسى (هازىرقى خېنەنىنىڭ ئەنياڭ تەۋەسىدە)دىن 1899 - يىلى تېپىلغان چىغىناق - تاغاق يېزىقىغا ئاساسلانغاندا، ئېلىمىزدىكى ئەڭ دەسلەپكى نەسەبنامە شاڭ، جۇ دەۋرىدە بارلىققا كەلگەنلىكى بىرقەدەر ئېنىقلىق. جۇڭگودا نەسەبنامە ئوخشاش فامىلىلىكلەرنى پەرقلەندۈرۈشتىمۇ مۇهىم رول ئوينىغان كەلگەن.

نەسەبنامە بىر جەمەتنىڭ تارىخىي خاتىرىسى بولۇپ، بۇ خاتىرە ئارقىلىق بىز ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى دەۋر روهىنى، جەمئىيەت ئىستىلىنى بىرقەدەر هەقىقىي چۈشىنەلەيمىز، شۇ تارىخىي دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەهۋالىدىن خەۋەردار بولىمىز. ئۇمۇ هەقىقىي تارىخىي خاتىرىلەر ۋە يەرلىك تەزكىرىدەكلا مۇهىم تارىخىي دەستۇر، تارىخشۇناسلىقنىڭ مۇهىم تەركىبىي قىسمى، قىممەتلىك ماتېرىيال ئامبىرى. بۇ ئامباردىن جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، مۇزېيشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، نوپۇسشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات، سىياسىي، دىنشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، فامىلىشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزىگە خاس ئوزۇق هەم تەتقىقاتىغا ماتېرىيال تاپالايدۇ.

نەسەبنامە گەرچە مۇئەييەن نەسەبكە تەۋە بولغان ئائىلە جەمەت كىشىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلاد تۇغقانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ياشىغان دەۋر شارائىتى، تەقدىر - قىسمەتلىرى هەمدە كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئومومىيۈزلۈك تارىخىي خاتىرىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نوقۇل ئۆتمۈشكە تەۋە ئىشلارنىڭ خاتىرىسى هەمدە ئىزنالىرى سۈپىتىدە ئۆتمۈشكىلا تەۋە ئىشلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئائىلە - جەمەت كىشىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ۋە مەنىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، نەسەب ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلگۈسىگە يول ئاچىدىغان ئەينىكى ۋە روهىيەت ئارخىپىدۇر.

نەسەبنامە يېزىشنىڭ ئومۇملىششى بىر مىللەت مەدەنىيلىكىنىڭ، ئىجتىمائىي ئۇيۇشۇشچانلىقىنىڭ روشەن ئالامىتىدۇر.

ئائىلە - جەمەت نەسەبى بىر پۈتۈن مىللىي توپنىڭ يادروسى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك هۈجەيرىسى. نەسەبنامە يەنە ئۆز نۆۋىتىدە مىللەت تارىخىنىڭ كىچىكلىتىلگەن بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئورگانىك بىرلىك هاسىل قىلىدۇ.

نەسەبنامە ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ نەسىل - نەسەبى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك كۈچلۈك نەسەب ئېڭى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەت روهىنىڭ ئىنكاسى بولۇش بىلەن بىرگە، نەسەب تەۋە بولغان خەلق تۈركۈمىنىڭ مەۋجۇدلۇق تەرەققىياتىنى هەم ئۇنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

پەيلاسوپ ئەبۇ نەسىر فارابى (950 — 870 - يىللار) «ئاتا ئۆز باللىرىنىڭ ئالدىدا جاۋابكار

بولغىنىدەك، ھەر بىر خەلقمۇ ئۆز تارىخى ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق ھەر بىر ئېتنىك تۈركۈمگە تەۋە قانداشلىقتىن ئىبارەت نەسەب سالاھىيىتىگە ئىگە ئائىلە - جەمەت كىشىلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت دىققەت ئېتىبارى بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك نەسەب مەسئۇلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەنىدى.

ئائىلە ئادەتتە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاساسلىق تەشكىلىي بىرلىك بولۇپ، ئۇ نەسەب ئۇيۇللۇقىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق چەمبىرىكىدىكى باشلامچى تۇغقانلار دەپ ئاتىلىدىغان ئەجداد تۇغقانلار ئائىلىنىڭ ئېتنىك تۈركۈمى ۋە يىلتىزى بولۇپ، ئۇ بىر پۈتۈن نەسەب ئۇيۇللۇقىنى ھاسىل قىلىدىغان ئاتا - بوۋىلار ۋە ئانا - مومىلارنىڭ كۆپ قاتلاملىق ۋاقىت ھالقىغان ئىجتىمائىي توپىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئائىلە - جەمەتنىڭ ئەجداد تۇغقانلىرى مانا مۇشۇنداق مەنبەلىك ماھىيىتى ۋە ئېتنىك تارىخى جەھەتتىن ئائىلىنىڭ ئەسلىي قېنى، يىلتىزلىق گېنى ۋە مەنىۋى تۆۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن نەسەبنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنىنى، ھازىرى بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرۇپ بېرىدىغان مۆنەۋۋەر كىشىلەردۇر.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئەجدادلار ياققان نەسەب چىرىغىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئەۋلادمۇئەۋلاد پەرلەش يولى ئارقىلىق ئەجدادلارغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتەك نەسەبداشلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئەجدادلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە روھىغا ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن.

شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئەجدادلارغا ۋە ياكى ئۆزىنىڭ نەسىل - نەسەبىگە ۋارىسلىق قىلىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغان ۋاستە ئائىلە - جەمەت ۋە نەسەب تارىخى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە تۆۋرۈكلۈك روھ، ئائىلە نەسەبىگە باغلانغان سەمىمىي سۆيگۈ بىلەن ئائىلە جەمەتنىڭ نەسەبنامىسىنى ياكى شەجەرە تارىخىنى يېزىپ چىقىش ۋە ئۇنى ئەنئەنە سۈپىتىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

بازار ئىگىلىكى مېخانىزمىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى مەيدانغا كەلگەن بۈگۈنكى تارىخىي شارائىتتا، ۋارىسلىق قىلىشتەك ئەنئەنىۋى روھ ۋە يېڭىلىق يارىتىشتەك ئىجادىي روھ بىلەن نەسەب ئۆزلۈكى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇق تەرەققىياتىنى ئۈزۈلكىسىز داۋاملاشتۇرۇش يولى ئارقىلىق «ئەجداد ئۈچۈن ياش تۆك، ئەۋلاد ئۈچۈن تەر تۆك»تىن ئىبارەت نەسەبنىڭ گارمونىيەلىك ھاياتلىق رىتىمى تۈز سىزىقنى بويلاپ، دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان زامانىۋى دەۋرگە قەدەم قويۇش نۆۋەتتىكى مۇھىم مەنىۋى تاللىشىمىز ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىمىز بولۇپ قالدى.

كىشىلەرنىڭ ياشاش ۋە مەۋجۇدلۇق تەرەققىيات بېسىمىنىڭ ئارتىپ بېرىشى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىششى، ماددىي ئېھتىياج ۋە تەلەپنىڭ كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلىشىپ، كۈچلۈك رىقابەت تۈسىگە ئىگە تۇرمۇش شەكلىگە ئايلىنىشى قاتارلىق ئۆزئارا گىرەلەشكەن بىر قاتار مۇرەككەپ ئامىللار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەب ئېڭى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتە كېلىپ چىققان تەتۈر تاناسىپلىق مۇناسىۋەت بوشلۇقىنى تېخىمۇ چوڭايتىۋەتتى. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن شىرەم تۇغقانلىرىنى، ئەجداد تۇغقانلىرى بىلەن ئەۋلاد تۇغقانلىرىنى تەدرىجىي ئۇنتۇپ كېتىشتەك ناچار پىسخىك چۆكمە ھاسىل قىلغۇچى ئۇنتۇش روھىيىتى تۈپەيلىدىن ئۆز نەسەبىنىڭ رېلىسىدىن چىقىپ كەتكەچكە، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتتە ياتلىشىپ كېتىشتەك غەيرىي تەبىئىي ئىجتىمائىي ئادەت شەكىللەندى.

ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق زەنجىرى قىسقىراپ كەتكەن بۈگۈنكى ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ ئەقەللىيسى ئۆزىنىڭ ئۈچىنچى ئەجداد ئۇلۇغ ئاتا ۋە ئۇلۇغ مومىسىنىڭ ئىسىم - شەرىپلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خاس ئاتىلىشناملىرى رەت تەرتىپى قاتارلىقلارنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى

ئەجەبلىنىشكە تېگىشلىك ئىش بولماي قالدى.

ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇش روھىيىتى نەسەب تارىخى تەبىئىي ئۈزۈلۈپ قالغان ۋە نەسىل - نەسەبدىن ياتلىشىپ كەتكەن كىشىلەر تۈپىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ خىل كىشىلەر خۇددى ئۆزلىرىنىڭ نەسىل - نەسەبىنى ئۇن - تىنسىز ئۇنتۇپ كەتكىنىدەك، كەلگۈسىدە ئۇلارنى ئەۋلاد سۈپىتىدە ئۇنتۇماي ياد ئېتىدىغان ئائىلە - جەمەت ياكى نەسەب كىشىلىرىمۇ بولمايدۇ.

ئەھمىيەتلىك ۋە ئىبرەتلىك تارىخىي كەچۈرمىشلەر ۋە ھېكايەتلەر مۇجەسسەمى بولغان نەسەبنامىدىن بىر ۋاقىت ھالقىغان بىر قانچە قاتلام ئەجداد تۇغقانلارنى، يېقىن ۋە يىراق تۇغقانلار بىلەن ئەۋلاد تۇغقانلارنى بىلىش ئارقىلىق بىر خىل سېھرىي تارتىش كۈچىگە ئىگە قانداشلىق تۇغقانچىلىق مېھىر - مۇھەببەتتىن ئىبارەت مەنىۋى تەسەللىيگە ئېرىشىپلا قالماي، بەلكى روھىمىزنى، رېئاللىقىمىزنى ئۆزگەرتىشكە كېرەكلىك زۆرۈرىي ئىچكى ھاسىلىۋى ئېنېرگىيەگىمۇ ئېرىشىپ، بىر پۈتۈن نەسەبنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى مەركەز قىلغان، نەسەبنىڭ مەۋجۇدلۇق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىممەتلىك پۇرسەتكىمۇ ئېرىشەلەيمىز.

بىز ئائىلە - جەمەت ۋە نەسەب تارىخى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەسەبنامە يېزىش ئارقىلىق، ئائىلە - جەمەت ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆمۈر ئىزلىرىنى پارلاقلىققا ئىگە قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن روھىيەت ئارخىپىدىن نەسەب ئابىدىسى تىكلەپ، ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇق تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئالغا سىلجىتىشىمىز، زامانىۋى ئاڭ بىلەن ئۆزىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

نەسەبنامە يېزىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان تۆۋەندىكى ئىككى مۇھىم نۇقتىنى ئالدىنئالا ئەستايىدىل ئويلىنىش ۋە ئۇنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم.

## 1. كۆپ خىل تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلارنىڭ قاتلام ۋە بۆلەكلىرىنى باشلىنىش نۇقتىسى ۋە يىپ ئۇچى قىلىش مەسىلىسى

نەسەبنامە يېزىشتا قانداق باشلاش ۋە ياكى ئۇنى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قايسى قاتلام ۋە قايسى بۆلىكىدىن باشلاپ يېزىش مەسىلىسى پەقەت ئادەتتىكى يېزىش ماھارىتىگە دائىر تېخنىكىلىق مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ نەسەبنامە شەكلىنىڭ پۇختا بولۇش - بولماسلىقى، بىر پۈتۈن مەزمۇنىنىڭ ھەر قايسى تۇغقانچىلىق باغلىنىشى سىستېمىسىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە رەتلىك، مۇكەممەل بايان قىلىنىش - قىلىنماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

نەسەبنامە يېزىشنىڭ بەلگىلىك مۇقىملاشقان شەكلى ۋە قېلىپى بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك نەسەبنامە يېزىشتا ھەر كىم ئۆز خاھىشى ۋە تاللىشى بويىچە قانداق ۋە قەيەردىن باشلاپ يازسا بولىۋېرىدۇ، دېگەنلىكمۇ ئەمەس.

ئەگەر نەسەبنامە يېزىشتا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۆپ قاتلاملىق، زەنجىرسىمان ئىچكى باغلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈشتە، مەركىزىي ھالقا ۋە يادرولۇق قاتلام بولغان ئائىلىۋى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق مەزمۇن قاتلىمى يىپ ئۇچى سۈپىتىدە باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ يېزىلسا، نەسەبنامىنىڭ قۇرۇلما شەكلىنىڭ پۇختا بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، كۆپ قاتلاملىق مەزمۇننى ئېنىق، سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل بايان قىلىپ بېرىش مەقسىتىگىمۇ يەتكىلى بولىدۇ.

مۇشۇ خىل تەبىئىي تەرتىپ سىستېمىسىنى ئاساس قىلىپ، ئالدى بىلەن ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى (ئۇرۇقىنى) يازغاندا، ئاندىن تەبىئىي تەرتىپ بويىچە «ئاتا»نىڭ بىرىنچى قاتلاملىق ئەجدادى بولغان «بوۋا» ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يازغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپ «بوۋا» ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يازغاندا، تەبىئىي تەرتىپ ۋە ئىچكى باغلىنىش بويىچە «ئاتا»نىڭ ئىككىنچى

قاتلاملىق ئەجدادى بولغان «ئۇلۇغ ئاتا» ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى يازغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ يازغاندا، ئاندىن بالا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى، شۇنداقلا ئەۋلاد تۇغقانلارنىڭ قاتلاملىق باغلىنىش مۇناسىۋىتىگە بولغان نەۋرە، ئەۋرە، چەۋرە، پەينەۋرە، پەيئەۋرە، پەيچەۋرە، كۈنەۋرە، كۆكۈنئەۋرە ۋە كۆكۈنچەۋرە قاتارلىقلارنى تەبىئىي رەت تەرتىپى بويىچە ئۆزئارا باغلاشتۇرۇپ يازغىلى بولىدۇ.

«ئاتا»دىن ئىبارەت تۇغقانچىلىق قاتلىمىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى سىستېمىسىدىكى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشتەك مۇھىم رولىنى مۇنداق كۆرستىشكە بولىدۇ.

تەگ بوۋا ئاتىنىڭ ئون بىرىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
تەگ ئاتا ئاتىنىڭ ئونىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
تۈپ بوۋا ئاتىنىڭ توققۇزىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
تۈپ ئاتا ئاتىنىڭ سەككىزىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
كۆك بوۋا ئاتىنىڭ يەتتىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
كۆك ئاتا ئاتىنىڭ ئالتىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
ئوغۇش بوۋا ئاتىنىڭ بەشىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
ئوغۇش ئاتا ئاتىنىڭ تۆتىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
ئۇلۇغ بوۋا ئاتىنىڭ ئۈچىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
ئۇلۇغ ئاتا ئاتىنىڭ ئىككىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
بوۋا ئاتىنىڭ بىرىنچى قاتلاملىق ئەجدادى
ئاتا باشلىنىش نۇقتىسى
بالا ئاتىنىڭ بىرىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
نەۋرە ئاتىنىڭ ئىككىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
ئەۋرە ئاتىنىڭ ئۈچىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
چەۋرە ئاتىنىڭ تۆتىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
پەينەۋرە ئاتىنىڭ بەشىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
پەيئەۋرە ئاتىنىڭ ئالتىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
پەيچەۋرە ئاتىنىڭ يەتتىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
كۆكۈنەۋرە ئاتىنىڭ سەككىزىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
كۆكۈنئەۋرە ئاتىنىڭ توققۇزىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى
كۆكۈنچەۋرە ئاتىنىڭ ئونىنچى قاتلاملىق ئەۋلادى

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەجداد ۋە ئەۋلاد تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى ئىزچىل تۈردە بىردەك تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى سىستېمىسىدا باشلىنىش نۇقتىسى ۋە يىپ ئۇچى قاتلىمى بولغان «ئاتا»غا بىۋاسىتە ياكى ۋاقىت چېكىنى ئاساس قىلغان قاتلاملىق باغلىنىش ئاساسىدا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

نەسەبنامە يېزىشتا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى سىستېمىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق قانۇنىيەتلىك ئىچكى باغلىنىش رەت تەرتىپى ۋە روشەن يىپ ئۇچى قاتلىمى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ يېزىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ناۋادا كىشىلەر تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى سىستېمىسىنىڭ تەبىئىي رەت تەرتىپىنىڭ يىپ ئۇچى قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدىغان «ئاتا» ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ئىبارەت يادرولۇق قاتلامنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ يازماي، پەقەت ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشى ۋە بىر تەرەپلىمە تەسىرلىنىشتىن شەكىللەنگەن پىسخىك قىزغىنلىققا تايىنىپ، ئۆزى خالىغان تۇغقانچىلىق قاتلىمىنى باشلىنىش لىنىيەسى قىلىپ يازسا، نەسەبنامىنىڭ قۇرۇلمىسى ياكى تۈزۈلۈش شەكلى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ ـ دە، يازغانلىرىنىڭ قىممىتى ۋە سۈپىتىگە تەسىر كۆرستىدۇ.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان مۇنداق نەسەبنامىلەرنىڭ مەزمۇن ۋە ئۇچۇر جەھەتتە نامايەن قىلىدىغان قىممىتى تۆۋەن بولۇش بىلەن بىرگە، يېزىلىش ئۇسۇلى، قۇرۇلما شەكلى جەھەتتىمۇ تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى تەبىئىي.

## 2. كۆپ قاتلاملىق ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى قانداق ئاتاش ۋە قانداق يېزىش مەسىلىسى

ئوخشاش بولمىغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىشتا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتىماي، بەلكى قۇرۇلما شەكلى ئوخشاش بولغان بىر خىل سۆز شەكىللىرى ئارقىلىق ئاتاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئوخشىمىغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى ئۇلارنى پەرقسىز مۇناسىۋەت شەكىللىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇنداقلا تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى دەل جايىدا، ئىخچام سۆز شەكلى ۋە خاس ئاتاش ئۇسۇلى بىلەن توغرىدىن ـ توغرا ئاتىماي، بەلكى ئىزاھلاش ۋە

ئىنقىلاش سۆزلىرىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاتاشتەك ئۇسۇلنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ.

نەسەبنامىدە ئوخشىمىغان مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى مۇمكىنقەدەر ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ، خاس ئاتاش ئۇسۇلى بويىچە ئاتاشمۇ مۇھىم پرىنسىپ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئوخشىمىغان مۇناسىۋەت تۈرلىرىنى ئىپادىلەشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى، ئائىلىۋى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى: ئاتا (دادا)، ئانا (ئاپا)، ئاكا (ئاغا)، ئىنى (ئۇكا)، ئاچا (ئاپلا، ئىگىچە، ھەدە)، سىڭىل، خوتۇن، كېلىن، كۈيئوغۇل قاتارلىقلار.

ئاكا (ئاغا) بىلەن ئىنى (ئۇكا) ۋە ئاچا ـ سىڭىلنىڭ بالىلىرى «جىيەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

جىيەن تۇغقانلار ياش پەرقى ۋە جىنس ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن جىيەن ئوغۇل، جىيەن قىز، جىيەن ئاكا، جىيەن ئىنى، جىيەن ئاچا، جىيەن سىڭىل دەپ ئاتىلىدۇ. نەۋرە قېرىنداشلارنىڭ بالىلىرى «نەۋرە جىيەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

«مەن»گە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاكا ـ ئىنىنىڭ خوتۇنلىرى «يەڭگە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەڭگىلەر ئۆزئارا «ئىپيەڭگە» دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنداقلا ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئەرلىرى «يېزنە» دەپ ئاتالسا (ئاچىسىنىڭ ئېرى «يېزنە ئاكا»، سىڭلىسىنىڭ ئېرى «يېزنە ئىنى»)، يېزنىلەر ئۆزئارا «باجا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئائىلىۋى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىشتا، ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكلىگە ئىگە يۇقىرىقىدەك خاس ئاتالغۇلىرىنى قوللىنىش لازىم.

«جىيەن» سۆزىنىڭ ئورنىغا ئاكام ـ ئىنىم ياكى ئاچام ـ سىڭلىمنىڭ بالىسى دېگەنگە ئوخشاش ئىزاھلاش سۆزلىرىنى قوللىنىشقا، «خوتۇن» دېگەن خاس ئاتالمىنىڭ ئورنىغا «يولداش» سۆزىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ.

ئىككىنچى، يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى:

ئۇيغۇرلاردا يېقىن تۇغقانلار ئادەتتە ئاتا ۋە ئانىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسىنى ۋە ئاچا ـ سىڭلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

تاغا ـ چوڭ تاغا، كىچىك تاغا، چوڭ دادا، كىچىك دادا.

ھاما ـ چوڭ ھاما، كىچىك ھاما، چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا.

تاغا ۋە ھاممىلارنىڭ بالىلىرى «بىر نەۋرە» دەپ ئاتىلىدۇ، بىر نەۋرىلەرمۇ ياش پەرقى ۋە جىنس ئايرىمىسىغا ئاساسەن، نەۋرە ئاكا، نەۋرە ئاچا، نەۋرە ئىنى، نەۋرە سىڭىل دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن بۇلارنى ھەرگىزمۇ ئىزاھلاش سۆزى ئارقىلىق ئاتاشقا بولمايدۇ.

نەۋرە تۇغقان ـ نەۋرە ئاكا، نەۋرە ئاچا، نەۋرە ئىنى، نەۋرە سىڭىل... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا تاغىنىڭ ئايالى «تاغا ھاما» دېيىلسە، ھاممىنىڭ ئېرى «ھاما تاغا» دېيىلىدۇ.

شۇنداق دېمەي بولمايدۇكى، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن يېقىن تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئاتاش ئۇسۇلى ئەنئەنىسى ۋە ئاتاش ئۇسۇلى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئېنىقسىزلىق ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇنىڭدا ئاتا ۋە ئانا تەرەپتىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتنى ۋە باغلىنىش شەكلى ھېچقانداق پەرقلەندۈرۈلمەي، بەلكى قۇرۇلما شەكلى ئوخشاش بولغان سۆز شەكىللىرى ئارقىلىق بىر خىل ئاتالغان.

دادىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسى بىلەن ئانىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈلمەي بىردەك تاغا ياكى چوڭ دادا، كىچىك دادا دەپ ئاتالسا، دادىنىڭ ئاچا ـ سىڭلىسى بىلەن ئانىنىڭ ئاچا ـ سىڭلىسى بىردەك ھاما ياكى چوڭ ئاپا، كىچىك ئاپا دەپ ئاتالغان.

ئوخشىمىغان تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىپادىلەشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

نەسەبنامىدە يېقىن تۇغقانلارنى يازغاندا، ئۇلارنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇن تىرناق ئېچىپ، تىرناق ئىچىگە پەرقلەندۈرۈش سۆزلىرىنى يېزىپ قويسا ياكى ئىزاھلاپ قويسا بولىدۇ.

تاغا (ئاتا تەرەپتىكى تۇغقان – ئاتاغا)

ئاغا (ئانا تەرەپتىكى تۇغقان- ئاناغا)
ھامما (ئاتا تەرەپتىكى تۇغقان - ئاتاچا)
ھامما (ئانا تەرەپتىكى تۇغقان - ئاناچا)
دېگەندەك. . .

ئۇچىنچى، قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى :

قۇدا بولۇشقان ئائىلىنىڭ ئەرلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىنى «قۇدا» دەپ ئاتايدۇ. ئاياللىرى بىر - بىرىنى «قۇدىغۇي» دەپ ئاتايدۇ. ئۆزئارا قىز بېرىپ - قىز ئېلىشقان ئائىلىلەر «قايچا قۇدا» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆزئارا توي قىلغان ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ تۇغقانلىرى قېينئاتا، قېينئانا، قېينئاكا (قېينئاغا)، قېينئاچا، قېينىئىنى، قېينسىڭىل دېگەندەك سۆز شەكىللىرى ئارقىلىق ئاتىلىپ كەلمەكتە.

تۆتىنچى، ئەۋلاد تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى :

ئادەتتە ئەۋلاد تۇغقانلار «بالا»دىن باشلىنىدۇ. «بالا»نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ سانىغاندا، ئەۋلاد تۇغقانلارنىڭ تەبىئىي رەت تەرتىپى بويىچە ئاتىلىشى: بالا، نەۋرە، ئەۋرە، چەۋرە، پەينەۋرە، پەيئەۋرە، پەيچەۋرە، كۆكۈنەۋرە، كۆكۈئەۋرە، كۆكۈنچەۋرەدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاش ئۇسۇلىدا ئەزەلدىن ئوغۇل تەرەپ ۋە قىز تەرەپتىن بولغان ئەۋلادلار پەرقلەندۇرۇلمەي ئاتالغان، بۇ ھالەت ئەجداد ئاتالغۇلىرىدىمۇ شۇنداق.

نەسەبنامىدە ئەۋلاد تۇغقانلىرىنى يازغاندا، پەرقلەندۇرۇپ ئاتاش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا، ئىرناق ئىچىگە ئوغۇل تەرەپتىن ياكى قىز تەرەپتىن دېگەندەك ئىزاھلاش سۆزلىرىنى قوشۇپ قويسا بولىدۇ.

ئەگەر ئەۋلاد تۇغقانلاردىن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنى «نەۋرە كۈيئوغۇل»، «ئەۋرە كۈيئوغۇل» ياكى «نەۋرە كېلىن»، «چەۋرە كېلىن» دېگەندەك سۆز شەكىللىرى بىلەن ئاتىسا بولىدۇ.

بەشىنچى، ئەجدادلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى :

نەسەبنامە يېزىشتا، ئەجداد تۇغقانلارنى يېزىش بىر قەدەر قىيىن مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئەجداد تۇغقانلار مۇئەييەن ۋاقىت چېكى ۋە تارىخىي قاتلاملارنى ھاسىل قىلىدىغان «مەن»گە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە تەۋە بولغان تۇغقانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى يېزىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرلاردا ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ۋە تارىخىي ئامىللارنىڭ رول ئوينىشىدىن كېلىپ چىققان چېكىنىش ۋە مەنىۋى ئۆزۈكچىلىك سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن كۆپ تەرەپلىمە ئامىللار تۈپەيلىدىن ئۇچىنچى ئەجداد بوۋىدىن ئىلگىرى ياشىغان ھەرقايسى قاتلام ئەجداد تۇغقانلارنىڭ ئىسىم - شەرىپلىرى بىلەن ئاتىلىش ناملىرى ئاساسەن ئۇنتۇلغان.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي نەسەبنامە يېزىشتا، ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق مۇمكىنقەدەر يەتتە ئەجداد تۇغقانلارنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىنى تولۇق يېزىپ چىقىشتەك ئاساسىي تەلەپنى ئورۇنلاشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

ھازىرقى ئىجتىمائىي ئالاقىدە قوللىنىلىۋاتقان ئەجداد تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرىنى «ئاتا»نى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ۋاقىت قاتلىمى ۋە ئەجداد رەت تەرتىپى بويىچە ئاتاپ كۆرسەتكەندە، ئۇلار: ئاتا - ئانا، بوۋا - موما، ئۇلۇغ ئاتا - ئۇلۇغ ئانا، ئۇلۇغ بوۋا - ئۇلۇغ موما. . . دېگەندەك تىزىلىدۇ. لېكىن 5 - ، 6 - ۋە 7 - ئەجداد تۇغقانلارنىڭ قانداق سۆز شەكىللىرىدە قانداق ئاتىلىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم بولغاچقا، قەدىمكى ۋەسىقىلەردە ئۇرۇق - ئەجداد مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «كۆك، ئوغۇش، تۈپ، تەگ» دېگەندەك ئاتالغۇ - سۆزلەملەرگە «ئاتا، بوۋا» ياكى «ئانا، موما» سۆزلىرىنى قوشۇپ ئىپادىلىسەكمۇ بولىدۇ، ئۇلاردىن يۇقىرىسىنى مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلەشكە كۈچىمەي، رەقەم شەكلى ئارقىلىق مانچىنچى ئەجداد، مانچىنچى ئەجداد تۇغقان دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

نەسەبنامە يېزىشتا، پەقەت ئاتا تەرەپ ئەجداد تۇغقانلارنى يېزىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئانا تەرەپ ئەجداد تۇغقانلارنى يېزىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن بىر پۈتۈن تۇغقانچىلىق زەنجىرىدىكى ھەرقايسى قاتلام تۇغقانلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى نەسەب ئادىتى ۋە قائىدە ـ يوسۇنىدا «يەتتە ئاتا»نى بىلىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. بۇ تۇغقانچىلىقنى بىلىش ئېگى ۋە نەسەبىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى دەپ قارىلىدۇ. «يەتتە ئاتا» ئادەتتە پەقەت ئاتىنىڭ ئاتا جەمەتىدىن بولغان ھەرقايسى قاتلام ئەجداد تۇغقانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. نەسەبنامە يېزىشتا، «يەتتە ئاتا»نىڭ ئىسىم ـ شەرىپلىرى ئەجداد تەرتىپى ۋە ئاتىلىش نامى بويىچە تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە يېزىلسا بولىدۇ:

ئەجدادلار ئىسمى ئەجداد تەرتىپى ئاتىلىش نامىلىرى

توختاخۇن 1 ـ ئەجداد ئاتا

مەتشېرىپ 2 ـ ئەجداد بوۋا

قۇناخۇن 3 ـ ئەجداد ئۇلۇغ ئاتا

سەلەي 4 ـ ئەجداد ئۇلۇغ بوۋا

ئابدۇللا 5 ـ ئەجداد كۆك ئاتا

روزباي 6 ـ ئەجداد كۆك بوۋا

مامۇت 7 ـ ئەجداد ئوغۇش ئاتا

...

بىر قىسىم كىشىلەر ئەجدادلارنى ئىپادىلەشتە دادامنىڭ ئاپىسى، ئاپامنىڭ چوڭ ئاپىسى، چوڭ دادامنىڭ چوڭ دادىسى دېگەندەك ناتوغرا ئاتاش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ھالبۇكى بۇنداق ئىپادىلەپ كۆرسىتىش ئەجداد تۇغقانلارنى ئۆزئارا ئورگانىك مۇناسىۋەتكە ئىگە مەزمۇن تەرتىپى بويىچە تەپسىلىي ئىپادىلەشتەك ئاتاش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن بولمىغان بىر تەرەپلىمە ئاتاش ئۇسۇلىدۇر.

نەسەبنامە يېزىشتا ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى توغرا ئاتاپ، توغرا قوللىنىشقاندا، ئۇ مىللەتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالمىلىرى تۈزۈمىنىڭ ئاتاش ئەندىزىسى ۋە ئاتاش تىپىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە خەلقىمىزنىڭ بىر پۈتۈن مىللىي گەۋدىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن، تىل مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ يارقىن ئىزنالىرىنى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتىمۇ ئۇنۇملۇك رول ئوينايدۇ.

## پايدىلانمىلار:


1. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۈزگەن: «تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە تەتقىقات»[M] (2 ـ لايىھە) (ئىچكى ماتېرىيال)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2010.
2. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»[M] . مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ: 2007.
3. [كورىيە] يۇڭ سۇڭلى: «تۈرك تىلىدىكى ئەقرەبالىق ئاتلارى»[M]. تۈركىيە ئىستانبول، 1999.
4. Yong songli: “turk tillarida akrabalik adlari” turkiye, sumrug, Istanbul, 1999 .
5. غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار: ««بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت›تىكى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا نەزەر»[J]. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 2010(4) ۋە 2011(1).
6. غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار، ئىمامھەسەن ياقۇپ: ««ئۈزلاتنامە›دىكى ئەجداد (ئابا) ئاتالغۇلىرىنىڭ سۆز ياساش شەكىللىرى»[J]. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 2013(3).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 08 - 055 - 03(2017) 5878 - 1005

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئات ۋە ئات بەيگىسى ھەققىدە*

ياسىنجان مەمەت

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى، بېيجىڭ، 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئات ۋە ئات بەيگىسىگە دائىر مەزمۇنلار، يەنى ئاتلارنىڭ خاس ئىسمى، رەڭ - تۈسى، ئاتقا مۇناسىۋەتلىك ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر بىر قەدەر ئەتراپلىق بايان قىلىنغان. بۇ ماقالىدە ئاتنىڭ ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىدە ئوينىغان رولى، شۇنداقلا ئەينى دەۋردىكى ئات بەيگىسى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** تۈركىي تىللار دىۋانى؛ ئات ؛ ئات بەيگىسى

## 论《突厥语大辞典》中的马与赛马

亚森江 · 买买提

**摘要：** 文章论述《突厥语大辞典》中有关马与赛马的内容，即马的专名，毛色，有关马的谚语格言。本文指出马对古时代文化的作用以及简单论述了赛马及其种类。

**关键词：** “突厥语大辞典”；马；赛马

**Abstract:** This paper mainly discusses contents of horses and horse racing in “The Great Dictionary of Turkic”, such as proper nouns of horse, hair color and proverbs about horses. Meanwhile, points out the varieties, roles of horse and horse racing activities in the culture of Uyghur ancestors.

**Keywords:** “The Great Dictionary of Turkic”; horse; horse racing

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H21　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ـــ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىر بۈيۈك ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن بىزنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى، خەلق ئەدەبىياتى، سەنئىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە پەلسەپەۋى قاراشلىرى، تېبابەتچىلىكى، ھەربىي ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى، پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە ئالاقىدار نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئەسەر بىزگە ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىگە ئائىت مول ۋە ئىشەنچلىك پاكىتلارنى يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى بىلەن جۇڭخۇا تارىخىي مىراسلىرى مۇنبىرىدە ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەسەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تىلىدىن ئېلىنغان 7500 دىن ئارتۇق سۆزنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تۈرلۈك تېمىدىكى 20 دەك ئەپسانە - رىۋايەت، 200دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر، 300 پارچىدىن كۆپرەك شېئىر - قوشاق بېرىلگەن[1].

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنى كۆپ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، بىزنى ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىدىغان مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەزكۇر ئەسەردە ئەجدادلارنىڭ ھەرخىل ھايۋانلار ۋە مۇسابىقە تۈرلىرى جۈملىدىن ئات ۋە ئات بەيگىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئات ـــ قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىدە ئىنتايىن

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ياسىنجان مەمەت (1991- يىلى 12 - ئايدا تۇغۇلغان)، قوش تىل سېلىشتۇرۇش ۋە خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

مۇھىم ئورۇندا تۇرغاچقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئاتقا ئائىت كەلىمىلەر خېلى چوڭ سالماقنى ئىگىلىگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئاتقا مۇناسىۋەتلىك 108 سۆزلەم بار بولۇپ، ئەسەردىكى بۇ سۆزلەملەرنى مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىش مۇمكىن: ئاتلارنىڭ خاس ئىسمى، رەڭ تۈسى، ئالاھىدىلىكىگە ئائىت بايانلار؛ ئات جابدۇقلىرى ۋە ئاتلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ناملىرى ھەققىدىكى بايانلار؛ ئات ۋە ئات مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر. تۆۋەندە ماقالىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەملەر مىسال كەلتۈرۈلىدۇ.

## 1. ئاتلارنىڭ خاس ئىسمى، رەڭ تۈسى، ئالاھىدىلىكىگە ئائىت سۆزلەملەر

1) or at ئورۇل ئات، توق قىزىل بىلەن سېرىق رەڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئات. (1 ـ توم، 63 ـ بەت)

2) üg at يېشى تۆت ياشتىن ئاشقان يەنى ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان ئات. (1 ـ توم، 63 ـ بەت)

3) oy at قارا تورۇق ئات. (1 ـ توم، 67 ـ بەت).

4) oğur at قاشقا ئات. (1 ـ توم، 72 ـ بەت).

5) ozuk at ئۇزار ئات، بەيگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا باشقا ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات. (1 ـ توم، 90 ـ بەت).

6) ärik at ئويناق ئات. (1 ـ توم، 95 ـ بەت)

7) ala at ئالا ئات. (1 ـ توم، 132 ـ بەت)

8) äq at ئاق بوز ئات(1 ـ توم، 132 ـ بەت)

9) artut at بەگلەرگە تارتۇق قىلىنىدىغان ئات. (1 ـ توم، 148 ـ بەت)

10) Izinqu at يوك ئارتىلماي ئۆز ئىختىيارىچە قويۇپ بېرىلگەن يىلقا. (1 ـ توم، 180 ـ بەت)

11) ïqï laq at شوخ، يۈگرۈك ئات. (1 ـ توم، 187 ـ بەت)

12) azïğliğ at ئېزىق چىشلىق ئات. (1 ـ توم، 200 ـ بەت)

13) sip ئىككى ياشقا ماڭغان تاي. (1 ـ توم، 418 ـ بەت)

14) kïr at بوز ئات. (1 ـ توم، 425 ـ بەت)

15) bul at ئاق پاچاق، پېشانىسىدە قاشقىسى بار ئات. (1 ـ توم، 437 ـ بەت)

16) Tum kara at تۇم قارا ئات. (1 ـ توم، 440 ـ بەت)

17) tumturuğ at تۇم تورۇق ئات. (1 ـ توم، 440 ـ بەت)

18) çaqïr at چېقىر كۆز ئات. (1 ـ توم، 457 ـ بەت)

19) kukuz at پېشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات، قاشقا ئات. (1 ـ توم، 473 ـ بەت)

20) toruq at تورۇق ئات. (1 ـ توم، 483 ـ بەت)

21) bulaq at (1 ـ توم، 492 ـ بەت) (بويى قىسقا، ئۇچىسى كەڭ ئات).

22) tutuk at پىچىۋېتىلگەن ئات. (1 ـ توم، 492 ـ بەت)

23) Saşug at يېشىل ئات، بوش ئات. (1 ـ توم، 505 ـ بەت)

24) Kaval at يورغا ئات. (1 ـ توم، 515 ـ بەت)

25) Tusun at مىنىلمىگەن تاي. (1 ـ توم، 523 ـ بەت)

26) quğğa at تېز يۈرەر پوچتىچىنىڭ يولدا ئالماشتۇرىدىغان ئېتى، مەلۇم مەنزىلگە بارغاندا، ئورنىغا باشقىنى مىنىپ كېتىدۇ. (1 ـ توم، 553 ـ بەت)

27) salqa at ئاغزى قاتتىق ئات. (1 ـ توم، 554 ـ بەت)

28) Tulak yilhki تۈلىگەن يىلقا. (1 ـ توم، 554 ـ بەت)

29) Kaşka at قاشقا ئات، پېشانىسىدە ئېقى بولغان ئات. (1 ـ توم، 555 ـ بەت)

30) qilgü at شىرغا ئات. (1 ـ توم، 560 ـ بەت)

31) kätki at توشلۇق ئات، بېلى ئىنچىكە، تۆشى كەڭ ئات. (1 ـ توم، 560 ـ بەت)

32) qïndan at جەدە ئات. (1 ـ توم، 562 ـ بەت)

33) Munduzyorqa at يورغىلاشتىن باشقا يۈرۈشى بولمىغان ئات. (1 ـ توم، 599 ـ بەت)

34) tuğzağ at ئۇرۇش ۋاقتىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ، ئۇرۇش تۈگىگەندە

قايتۇرۇۋېلىنىدىغان ئات. (1 - توم، 603 - بەت)

35) Kisrak at تۇغمىغان بايتال. (1 - توم، 619 - بەت)

36) Buktal at ساغرىسى كەڭ ئات. (1 - توم، 628- بەت)

37) Bašğilyilki at ئاقباش يىلقا. (1 - توم، 628- بەت)

38) Bgrul at ئىككى بېقىنى ئاق ئات. (1 - توم، 628 - بەت)

39) Qïzğul at قىزىل بورۇل ئات. (1 - توم، 629 - بەت)

40) Tarğil at تاغىل يىلقا، دۈمبىسى ئالا - تاغىل يىلقا. (1 - توم، 629 - بەت)

41) kälargan at قورسىقى ئېسىلىدىغان ۋە تولا يېتىۋالىدىغان ئات. (1 - توم، 678 - بەت)

42) burqakliğ at كۆكۈلىلىق ئات. (2 - توم، 403- بەت)

43) yaolz at قوڭۇر ئات، قارا تورۇق ئات. (3 - توم، 11 - بەت)

44) Yapitak at ياۋداق ئات. (3 - توم، 64 - بەت)

45) tiš at قاشقا ئات، قاشقىسى كۆزىگىچە بارغان، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، بۇرنىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات. (3 - توم، 173 - بەت)

46) tiğ at قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات. (3 - توم، 176 - بەت)

47) Kogyilki بېشى بوش قويۇۋېتىلگەن يىلقا. (3- توم، 180 - بەت)

48) Kuba at قۇلا ئات، رەڭگى سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى ئات. (3 - توم، 299 - بەت)

49) Sanragu at ماڭقا ئات، بۇرنىدىن ماڭقا ئېقىپ تۇرىدىغان ئات. (3 - توم، 528 - بەت)

يۇقىرىقى ناملار مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىگىچە خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغان ئاتنىڭ تۈرىگە ئائىت خاس ئىسىملارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمى تىلىمىزدا ھازىرغىچە ئىستېمال قىلىنىپ كېلىنمەكتە. مەسىلەن: toruq at تورۇق ئات، Kaška at قاشقا ئات( پېشانىسىدە ئېقى بولغان ئات).

11 - ئەسىردىن كېيىن ئىگىلىك شەكلىدىكى ئۆزگىرىش يەنى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن تېرىقچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈش كىشىلەرنىڭ ئات مەدەنىيىتىگە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى تەدرىجىي سۇسلاشتۇرۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ناملارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىن چۈشۈپ قالغان ياكى خاس ئىسىملار ئىزافەتلىك بېيىل شەكلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن: Tarğil at تاغىل ئات، دۈمبىسى ئالا - تاغىل يىلقا، ھازىر تاغىل ئات دەيمىز.

## 2. ئاتقا ئالاقىدار ماقال - تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلەر

(1). quš kanatïn är atïn (قۇش قاناتىن، ئەر ئاتىن)

قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن. (1 - توم، 48 - بەت)

(2). Uluq yağïrï oğulka qalï (ئۇلاغ ياغىرى ئوغۇلغا قالىر)

ئۇچا يېغىرى ئوغۇلغا قالار، چۈنكى ئاتنىڭ ئۈچىسىدىكى يېغىر ئاسان ساقايماس. (1 - توم، 92 - بەت)

(3). Arpasï at ašumas arqasïz alp qärik sïyumas (ئارپاسىز ئات ئاشۇماس، ئارقاسىز ئالىپ قارىك)

ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس. (1 - توم، 167 - بەت)

(4). Alp ärig yavrïtma ïqïlaq arqasïn yağrïtma (ئالىپ ئەرىگ ياۋرىتما، ئىقىلاچ ئارقاسىن ياغرىتما)

باتۇرلارنى خور قىلما، يۈگرۈك ئاتنى يېغىر قىلما. (1 - توم، 187 - بەت)

(5). aŋdüz bolsa at ülmäs (ئەندىز بولسا، ئات ئۆلمەس)

ئەندىز - بىرخىل دورىلىق ئۆسۈملۈكنىڭ نامى. (1 - توم، 156 - بەت)

(6). Izlik bolsa är uldïmas iqlik bolsa at

yağrïmas (ئىزلىك بولسا ئەر ئۇل دىماس، ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس)

چورۇق بولسا ئادەم ھارماس، ئىچلىك بولسا ئات يېغىر بولماس. (1 - توم، 141 - بەت)

(7). dämä it ïsïrmas at täpmäs (ئىت ئىسىرماس، ئات تەپمەس دېمە)

ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە. (1 - توم، 258 - بەت)

(8). it çaqïrï atqa tägir at çaqïrï ïtqa (ئىت چاقىرى ئاتقا تەگىر، ئات چاقىرى ئىتقا تەگمەس)

چېقىر كۆز ئىت ئاتقا تەگ كېلەر، چېقىر كۆز ئات ئىتقىمۇ تەگ كېلەلمەس. (1 - توم، 470 - بەت)

(9). Arslan kukräsä at azaqï tuşalri (ئارسلان كۆرسە، ئات ئازاقى تۇشالرى)

ئارسلان ھۆركىرىسە، ئات ئايىغى كالۋالىشار. (1 - توم، 207 - بەت)

(10). Kïz birlä küräşmä qïsrak birlä yarïşma (قىز بىرلە كۈرۈشمە، قىسراق بىرلە يارىشما)

قىز بىلەن چېلىشما، تۇغىدىغان بايتال بىلەن چېپىشما. (1 - توم، 619 - بەت)

(11). Yund başdïn yularlap käŋildï (يۇند باشتىن يۇلارلاپ كەڭىلدى)

ئاتنىڭ بېشىنى نوقتىلاپ يە (3 - توم، 10 - بەت)

(12). Qulan quduqqa qüxsä qür baqa ayğir bolür (قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، قۇر باقا ئايغىر بولۇر)

قۇلان قۇدۇققا چۈشسە، پاقا ئايغىر بولۇر. (3 - توم، 169 - بەت)

(13). Taz at taqarqi bolmas (تاز ئات تاقارچى بولماس)

چىپار ئات يۈك كۆتۈرەلمەس. (3 - توم، 204 - بەت)

(14). tişi süzläšu yilqï yïdlašu (كىشى سۆزلەشۇ، يىلقى يىدلاشۇ)

كىشى سۆزلىشىپ بىر - بىرىنى چۈشەنگەندەك، يىلقىلارمۇ بىر - بىرىنىڭ ھىدىنى پۇراپ چۈشىنىدۇ. (3- توم، 142 - بەت)

شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەخسۇس زوئولوگىيەلىك ياكى بىيولوگىيەلىك ئاتالغۇلارنى لۇغەت تەرزىدە بايان قىلىشنى نىشانلىغان ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر قامۇس سۈپىتىدە، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئائىت سۆزلەرنى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلۇبىدا شەرھلەش ئارقىلىق «تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش» مەقسىتىدە تۈزۈلگەن دەستۇردۇر[2]. شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن تاللاپ ئېلىنغان يۇقىرىقى سۆزلەملەرنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىدىكى ئاتقا ئائىت كەلىمىلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمى دەپ پەرەز قىلىشىمىز مۇمكىن، لېكىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىچىدە ئاتنى ئۆزەك قىلغان مەزمۇنلارنىڭ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق مەدەنىيەت ئاساسى ۋە مەنىۋى يىلتىزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇمكى، ئات ئەڭ دەسلەپ «يايلاق مەدەنىيىتى» نىڭ سەركەردىلىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تەرىپىدىن قولغا كۆندۈرۈلگەن[3]. بۇ دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان قاراش. شياڭ يىڭجيېيەنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە، بايان قىلىنىشىچە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 10 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە باشلانغان ئاتقا مىنىش تېخنىكىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىگىلىكنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولغانلىقىدەك پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

يۇقىرىقى قاراشنى رايونىمىزدا بايقالغان نۇرغۇنلىغان «قىيا تاش رەسىملىرى» تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ[4]. بۇ قىيا تاش رەسىملىرىدە گەۋدىلەنگەن ئات ئوبرازلىرىدىكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا ئاتنىڭ ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: دۇنخۇاڭ بۇددا مىڭئۆيىنىڭ 055 - نومۇرلۇق غارىغا بىر كۆك بۆرە، ھەيۋەتلىك بىر كالا ۋە چاپچىپ تۇرغان بىر ئىلاھىي

سۈپەت ئارغىماقنىڭ گىرەلەشكەن سۈرىتى سىزىلغان. بۇ رەسىم قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئاتنىڭمۇ كۆك بۆرىگە ئوخشاش ئاساسلىق توتېم ئوبيېكتى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە»دىمۇ، يول باشلىغۇچى كۆك يايلىلىق كۆك بۆرىدىن باشقا ئوغۇز خاقانىنىڭ ئالا چىپار ئايغىرى ئىلاھىي سۈپەتتە گەۋدىلىنىدۇ. دېمەك بۇلاردىنمۇ ئاتنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «دۇلدۇل»، «تۇلپار» توغرىسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق ئەپسانە - رىۋايەت ۋە ھېكايەتلەر بار. ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان بۇ خىيالىي «دۇلدۇل» لار تەبىئىيكى، ئاتنىڭ ئىلاھىي ئوبرازىدۇر. دېمەك، ئاتنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دۇنيا قاراشلىرىنىڭ نېگىزى بولغان «يورۇقلۇق» (ئاق رەڭ) چۈشەنچىلىرىنىڭ كونكرېت بەلگىسى سۈپىتىدە قىيا تاش رەسىملىرىدە، مىڭئۆي سىزمىلىرىدا، ئارخېئولوگىيەلىك يادىكارلىقلىرىمىزدا ھەتتا يازما مەنبەلەردە ناھايىتى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

## 3. ئات بەيگىسى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان مۇسابىقىلەردىن ئات بەيگىسى، كۈرەش (چېلىش)، چەۋگەن، توپ بىلەن ئوينىلىدىغان ئويۇنلار، ئوق ئېتىش ۋە يا قۇرۇش مۇسابىقىلىرى بولۇپ، تۆۋەندە ئات بەيگىسى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمەن.

**1) ئات بەيگىسى**

ئات تارىختىن بېرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقى مەلۇم. شۇنىڭدەك تەبىئىي ھالدا ھەرخىل ئاتلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقى مەلۇم بولماقتا.

بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن تاپقان ئىزاھلارغا قارىغاندا، بەيگە ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلگەن ئاتلار «قوشاق» (qoşaq)، يەنى چېپىشقا تەييارلانغان، بۇنداق ئۆگىتىش، كۈندۈرۈش ئىشلىرى «يارانماق» (3- توم، 112 - بەت) دېيىلەتتى. «ئات يارانىدى» ( at yarandï)دېگەن سۆز، بەيگىگە چۈشىدىغان ئاتنىڭ تەييارلانغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي مۇسابىقە ئۈچۈن مەخسۇس ئېسىل نەسىللىك يۈگۈرۈك ئات يېتىشتۈرۈلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بەيگىلەردە، كۆپرەك ئۇتۇپ چىققان ئاتلارنى «ئارقۇن» (arqun) (1 - توم، 146 - بەت) دېيىتتى. بۇخىل نەسىللىك ئات «ياۋايى ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلاتتى». مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا 11 - ئەسىردە ئات بەيگىسى دېگەن مەنىدە ھازىرقىدەك «ئات يارىشماق» (at yarïşmaq) (3 - توم، 11 - بەت) دېگەن ئىبارىدىن باشقا يەنە «ئات ئۈزۈشمەك» دېگەن سۆزمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقى مەلۇم. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «مۇسابىقىلىشىش» دېگەن مەنىدە يەنە «ئۆچەشمەك» (üçäşmäk) (1 - توم، 83 - بەت) دېگەن سۆزنى ئۇچرىتىمىز. لېكىن بۇنىڭ ئات مۇسابىقىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان - ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىغا دائىر بىرەر ئىزاھنى ئۇچرىتالمايمىز.

مەلۇم بولۇشىچە، ئات بەيگىلىرىدە مۇسابىقە ئورنىدا بىر تانا تارتىلاتتى ۋە «تالاس» (talas) (1 - توم، 353 - بەت) ياكى «تاسال» (tasal) (1 - توم، 510- بەت) دېيىلىدىغان بۇ تانىغا تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئۇرغان ئات شۈبھىسىز بىرىنچى بولاتتى. مۇسابىقە جەريانىدا بىرى يەنە بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىش ئەھۋالىنى «ئول ئانى يارىشتا قالدۇردى» (1 - توم، 273 - بەت) (ئۇ، ئۇنى مۇسابىقىدە ئارقىدا قالدۇردى، ئۆتۈپ كەتتى) دېيىتتى. ئات بەيگىسىدە ئەلۋەتتە بىرمۇنچە مۇكاپاتلار بېرىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئىككى ئادەم ئوتتۇرىغا توشقاننى تاشلاپ مۇسابىقىلەشكەنلىكلىرى ھەققىدىمۇ يازىدۇ. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆتكۈزۈلگەن بەيگىلەردىن تاشقىرى شەخسلەرمۇ ئوتتۇرىغا بەزى نەرسىلەرنى قويۇپ، مەلۇم مەقسەتتە مۇسابىقە قىلىدىغانلىقىنىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇچرىتىمىز. بۇلارمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئاتنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا مەھمۇد كاشغەرىي ئات ھەققىدە توختىلىپ: «قۇش ئۆز غايىسىگە قاناتلىرى بىلەن، ئىنسان ئۆز مۇرادىغا ئېتى بىلەن ئېرىشىدۇ» (1 ـ توم، 45 ـ بەت) دېگەن بىر ماقالىنى مىسالغا كەلتۈرىدۇ، «ئات ئەرنىڭ قانتىدۇر» (1 ـ توم، 67 ـ بەت) دېگەن سۆزلىرى بۇ قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلىيالايدۇ، شۇنداقلا ئاتنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئوينىغان رولىنى ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

لېكىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، ئات بەيگىسىنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى، ئات بەيگىسىنىڭ قانداق تۈرلىرى بارلىقى، ئات بەيگىسىگە قانداق تەلەپلەر قويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن، پەقەت ئات بەيگىسىنىڭ ئىنتايىن ئەۋج ئالغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان بىر مۇسابىقە تۈرى ئىكەنلىكى ھەققىدىلا مەلۇمات بېرىلگەن.

**2) بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى ئات بەيگىسىگە نەزەر**

ئات بەيگىسى ئات بىلەن ئادەم ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان، تارىخى ئۇزۇن، مۇسابىقە شەكلى كۆپ خىل بولغان بىرخىل ئات ماھارىتى مۇسابىقىسى.

ئەڭ دەسلەپكى ئات بەيگىسى، يەنى ئىپتىدائىي شەكىلدىكى ئات مۇسابىقىسى قەدىمكى رىم ۋە گرېتسىيەدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، رىم ئىمپېرىيەسىدىكى ئىككى چاقلىق جەڭ ھارۋىسى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ[5].

مىلادىيەدىن 7 ئەسىر ئىلگىرى قەدىمكى ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە، تۆت ئات قېتىلغان ئات ھارۋىسى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەقىقىي تۈردىكى يەنى ئات ۋە ئات ماھىرى بولغان مۇسابىقە بارلىققا كەلگەن. يەنە بەزىلەر، 1174 ـ يىلى لوندوندىكى سىمىس ئات بازىرىدا، تۇنجى قېتىم بىرقەدەر ئۆلچەملىك ئات بەيگىسى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرگە تارقالغان، بولۇپمۇ 13 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، پۈتكۈل ياۋروپا چوڭ قورۇقلۇقىدا ئات بەيگىسىگە بولغان قىزىقىش بارلىققا كەلگەن. ئۈچ مىڭ يىلدىن تارتىپ ھازىرقى ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت II ۋە شاھزادە چارلىزغىچە ئات بەيگىسى ئاق سۆڭەكلەر ئەڭ ياقتۇرىدىغان تەنتەربىيە پائالىيىتى بولۇپ قالغان دەپ قارايدۇ[6].

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ بارلىق خەلقلەرگە ئورتاق بولغان، ئادەتتىكى پۇقرالارمۇ قاتنىشالايدىغان مۇسابىقە تۈرىدۇر.

ئات بەيگىسى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا مەۋجۇت دەپ قارىلىدۇ. يەنى چاغئەن شەھىرىنىڭ خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان تام رەسىملىرىدە، ئات بەيگىسى رەسىملىرى بايقالغان. لېكىن بۇ يەردىكى تام رەسىمدىكى بولسا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ توپ ئويناش مۇسابىقىسىدۇر. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا بەيگە مۇسابىقىسى ئاز دېگەندىمۇ 1300 يىلدەك تارىخقا ئىگە. بۇمۇ ياۋروپادىكى ئات بەيگىسىگە ئوخشاش دەسلەپتە ئاق سۆڭەكلەر بىلەنلا چەكلەنگەن. جۇڭگودىكى تۇنجى ئات بەيگىسى مەيدانى 1850 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك كۆچمەن خوگ (W. Hogg) تەرىپىدىن ياسالغان. 1937 ـ يىلغا كەلگەندە، جۇڭگودىكى ئات بەيگىسى مەيدانى سانى 17 گە يەتكەن.

2000 ـ يىلغا كەلگەندە، بەزى ئات بەيگىسى مەيدانلىرى شاللىنىپ، بەزىلىرى تاللىنىپ 20 دىن ئارتۇق ئات بەيگىسى مەيدانى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەملىك ئات بەيگىسى مەيدانىمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ داڭلىق بولغىنى شاڭخەي ئات بەيگىسى مەيدانى بولۇپ، 1982 ـ يىلى جۇڭگو خەلقئارالىق ئات بىرلەشمىسىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن. 1995 ـ يىلى جۇڭگو ئات بىرلەشمىسى ھەر يىلدا بىر قېتىم ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلغان[7].

ھازىرقى زاماندىكى ئات بەيگىسى ئاساسلىقى: تۈزلەڭلىكتە ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى، توساقتىن ئاتلاش مۇسابىقىسى، ئات ھارۋىسى مۇسابىقىسى، ئات ماھارىتى مۇسابىقىسى، ئارىلىق ئات مۇسابىقىسى، ئۇنىۋېرسال ئات ماھارىتى مۇسابىقىسى، ئات ئۈستىدە توپ ئويناش مۇسابىقىسى، ئات ئۈستىدە ماھارەت

كۆرسىتىش مۇسابىقىسى دەپ سەككىز تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، شۇنداقلا ئەڭ مودا بولۇۋاتقىنى تۇزلەڭلىكتە ئات چاپتۇرۇش مۇسابىقىسى، توساقتىن ئاتلاش مۇسابىقىسى، ئات ھارۋىسى مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، ئات مۇسابىقىسىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ تېخىمۇ ئاشماقتا. ئات بەيگىسى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قىزغىن قارشى ئېلىنماقتا. چۈنكى ئات بەيگىسى بىر خىل مۇسابىقە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان كىشى ئات مىنىشتىن ئىبارەت بىر يېڭى قىزىقىشنى يېتىلدۈرمەكتە. بەزى ئەللەردە ئات مىنىش ئارقىلىق پالەچ كېسەللىكلىرى داۋالانماقتا. گەرچە جۇڭگودا تېخى سىناق قىلىنمىغان بولسىمۇ باشقا دۆلەتلەر بۇ ئۇسۇلنى بۇرۇنلا قوللىنىپ ياخشى ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى.

يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گەرچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئات ۋە باشقا مىللىي تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە ئائىت سۆز - ئاتالغۇلار كۆپ ئەمەس، شۇنداقلا ئەينى دەۋرنىڭ مىللىي تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بېرىلمىگەن بولسىمۇ لېكىن، ئەينى دەۋردە بىزلەرگە قىممەتلىك مىراسلارنى قالدۇرغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ ئاپتورى ئەھمەد يۈكنەكى ۋە شۇنداقلا مۇشۇلار بىلەن ئوخشاش زاماندا ياشاپ ئۆتكەن بىر تۈركۈم ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئەينى دەۋردە مىللىي تەنتەربىيە پائالىيىتىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىق ئەھۋالىدىن يېتەرلىك ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ بېرەلەيدۇ.

دېمەك، ئات قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن، مىسلىسىز كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە يېڭىچە بىر مەدەنىيەتمۇ ئاتا قىلدى. ھاياتلىق تىرىكچىلىكى ئۈچۈن سۇنماس قانات بولدى. ھايات - ماماتلىق جەڭلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشىغان بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئەسىرىدە ئەجدادلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ماددىي ۋە مەنىۋى قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئات ۋە ئات بەيگىسى توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى يېزىپ قالدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۇچۇرلار ئاتنىڭ رولى ئاجىزلىشىپ، ئات مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى زاماندا جۇڭخۇا مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھلار:

[1] غاپپار روزى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى ئەدەبىي نەمۇنىلەردە ئىپادىلەنگەن ئىلىم - مەرىپەت قارىشى»[J]، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2003( 3).
[2] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[J]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981( 1ـ توم): 5، 7، 8.
[3] [4] ئابدۇكېرىم راخمان: ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›تە ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى»[C]، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، 2010(4).
[5] [6] [7]王铁权，中国塞马历史资料，2001年. 北京赛乘育马研究会/百度文库。

## پايدىلانمىلار:

1. ئادىلە قاھار: ««تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ھايۋانات مىساللىق ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە»[J]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2012(2).
2. ئابدۇكېرىم راخمان: ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›تە ئات ۋە ئات مەدەنىيىتى»[c]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، 2010(4).
3. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، توملار[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981، 1983، 1984.

4. شىنجاڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›»[c]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008.

5. ياڭ شېڭمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998(8).

6. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006.

7. 王铁权. 中国塞马历史资料[M].北京赛乘育马研究会, 2001.

8. 王莉. 古代突厥语民族的民间竞技与游戏——以《突厥语大词典》和《福乐智慧》为例. 新疆大学人文学院, 2006 .

9. 亚夏尔 · 阿布里米提, 索菲娅 · 赛甫里. 维吾尔等突厥语民族传统体育文化渊缘与传承[J]. 成都体育学院学报,2009(1).

10. 百度文库

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 15 - 063 - 03(2017) 5878 - 1005

# كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى توغرىسىدا*

جاڭ ۋېيگو

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق مائارىپ ئىنستىتۇتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** دۆلىتىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى - خەنزۇ تىلى - ئىنگلىز تىلىدىن ئىبارەت «ئۈچ خىل تىل ئوقۇتۇشى» ئادەتكە ئايلاندى. بۇ ئوقۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش بولسا ھەممە ئادەم كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتا بولماقتا. بۇ ماقالىدە «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» ئىدىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، زېڭ چۈنباۋ ئەپەندىنىڭ «ئىنگلىز تىلى جۈملە شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرىنى يىغىنچاقلاش» دېگەن ئەسىرىنى تەتقىقات ئاساسى قىلىپ تۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل جۈملە شەكىللىرىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەللىك جۈملىنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بۇ تىللاردىكى شۇ جۈملىلەرنى ئىپادىلەشتىكى تەپەككۇر، لوگىكا، ئىپادىلەش ئىدىيەسى، ئىپادىلەش شەكلى جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە يەكۈن چىقىرىلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** كۆپ خىل تىل؛ جۈملە شەكىللىرى؛ سېلىشتۇرۇش؛ تىل ئوقۇتۇشى

## 关于多语句型对比研究

张卫国

**摘要：** 在中国，少数民族民族语 - 汉语 - 英语“三语教学”已是常态，为其服务的多语对比研究成为关注的焦点。本文提出了“多语句型对比”研究的理念，并以曾春宝《英语句型种类的归纳》为对比蓝本，把其中代表各种句型的 50 个句子翻译成汉语、维吾尔语、哈萨克语，并比较每个句子在四种语言表述中思维逻辑、表达理念、表现形式的异同，得出初步结论。

**关键词：** 多种语言；句型；对比；语言教学

**Abstract:** Recently, trilingual education (ethnic Minority languages, Chinese and English) has become a steady phenomenon in China , and contrast research on multilingual sentence patterns for its service has become the focus of attention. By adapting the method of contrasting sentence patterns, the author translates 50 sentences from English sentence types by Ceng Chunbao into Chinese, Uyghur and Kazakh respectively, and then compares each sentences in the expression of logic, philosophy and form of expression.

**Keywords:** multilingual; sentence form; contrast; language teaching

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H215　ماتېرىيال بەلگىسى: A

«دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىشكە ئەگىشىپ، قوش تىللىق بولۇش ھادىسىسى بارغانسېرى ئومۇملىشىپ بارماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بەزىبىر رايون ۋە مىللەتلەردە ئۈچ خىل تىل ئۆگىنىش ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇشتەك ئەھۋاللار ئومۇملاشماقتا. شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئانا تىلى ۋە دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگىنىشتەك قوش تىللىق مائارىپ ئوقۇتۇشىدا ئۈچىنچى بىر تىل ئۆگىنىش يەنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشتەك ئوقۇتۇش مەزمۇنى تەدرىجىي قوشۇلماقتا. «كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش» بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزگە سىڭىپ كىرمەكتە. ھەر مىللەت خەلقى كۆپ تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ «ئۈچ خىل تىل ئۆگىنىش»، «ئۈچ خىل ئوقۇتۇش» تەرەپلەردىكى مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. لېكىن كۆپ خىل تىلنى قانداق سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش تېخى بىر بوشلۇق.

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** جاڭ ۋېيگو (1959 - يىلى تۇغۇلغان) ، دوتسېنت، خەنزۇ تىلى يېزىقچىلىقى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شۇڭا بۇ ماقالىدە «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتىدىكى نەزەرىيەۋى كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## 1. كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ يولغا قويۇشچانلىقى

دۇنيادىكى تىللارنىڭ تۈرى كۆپ، تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، بۇ جەھەتتە مەزھەپ ـ ئېقىملار كۆپ، لېكىن ئاساسلىقى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، تۈرلەر سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى ۋە تىل ئوقۇتۇشى، تەرجىمە ئوقۇتۇشىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئاساسلىقى ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ ياكى ئوخشاش تىللارنىڭ ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان پەن بولۇپ، بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تىللارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. تۈرلەر سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقتا ئاساسلىقى ھەر خىل تىللارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈپ تەتقىق قىلىنىدۇ. ئىككىنچى تىل ئوقۇتۇشى ۋە ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى تەرجىمە جەريانىدا كىشىلەر تۈرلەر سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى ئاساسىدا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىككى خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ تەرەققىياتى مۇكەممەل بولۇپ، فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكا، تىل ئىشلىتىش، تېكىست، مەدەنىيەت قاتارلىق قاتلاملاردىكى سېلىشتۇرۇش سىستېمىسى شەكىللەنگەن، روشەنكى بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى كۆپ خىل تىللارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كۆپ تىلنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتىغا سېلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

شىنجاڭدا ئوخشاش بولمىغان تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش تارىخىنى ناھايىتى ئۇزۇن دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە تىللارنى سېلىشتۇرۇش، خەنزۇ تىلى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىق قوش تىل سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىراق، كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشتە تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىككى خىل تىلنى ئۆگىنىشتىن خېلىلا مۇرەككەپ بولىدۇ. كۆپ خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى خۇددى ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتتىكىدەك تەپسىلىي، سىستېمىلىق ھالدا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى زور، مەشغۇلاتى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، كۆپ خىل تىلنى ئۆگىنىش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىشقا قولايسىز.

كۆپ خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ئېنىق بولۇپ، تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەتقىق قىلىش يولغا قويۇشقا بولىدىغان، شۇنداقلا ئەھمىيەتلىك ئىش. شۇڭا بۇ ماقالىدە «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

(1) ئوخشاش بىر جۈملىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى ئىپادىلىنىش شەكلىنى سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش»تا ئالدى بىلەن مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، ئوخشاش بىر جۈملىنى ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ئىپادىلەشتە تەپەككۇر ۋە لوگىكا قاتلىمىدا بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. ئىپادىلىنىش شەكلىدە يۈزلىنىشچانلىققا ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى سېلىشتۇرۇش شەكلى كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇش قوللانمىسى بولىدۇ. بۇنداق قوللانمىدا دائىم قوللىنىدىغان سۆزلەرنى بىر نەچچە تىلغا تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر جۈملە سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە تىلدا ئىپادىلىنىش شەكلىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشكە قولايلىق يارىتىلىدۇ. شۇ تىلنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىنىشكە كىرىشكەنلەرنىڭ نىشانلىغان تىل مۇھىتىدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ

كېتەلەيدۇ. لېكىن بۇ تىلدىكى چوڭقۇر قاتلاملىق سېلىشتۇرما ئەمەس. شۇڭا ئوخشاشمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا تىللار ئارىسىدىكى بۇ ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ خۇلاسە چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

(2) ئوخشاش بولمىغان تىللار جۈملە شەكلى قاتلىمىدا ماسلىققا ئىگە. روشەنكى، ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ ئىپادىلەش شەكلىدە نۇرغۇن پەرق بولىدۇ، لېكىن بارلىق تىللاردا جۈملىلەرنى ئانالىز قىلىپ چىققىلى بولىدۇ. ھەربىر تىلنىڭ جۈملىلىرى ئاددىي جۈملە ۋە مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئايرىلىدۇ. ئاددىي جۈملىلەر جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيەسىگە قاراپ بايان جۈملە، سوراق جۈملە، بۇيرۇق جۈملە، ئۈندەش جۈملە قاتارلىق تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە جۈملىلەردىكى لوگىكىلىق مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسەن ئاددىي جۈملىلەرنى بايان جۈملە، تەسۋىرىي جۈملە، ساقلام جۈملە، ھۆكۈم جۈملە دېگەن تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تىلدىكى ئوخشاش جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بىرقەدەر كۆچلۈك ئۇدۇللىچانلىققا ئىگە.

(3) ئوخشاش بولمىغان تىللار جۈملە قۇرۇلما شەكلى قاتلىمىدا ماسلىققا ئىگە. ئوخشاش بولمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا جۈملە شەكلى جەھەتتە بىر قەدەر كۆچلۈك ماسلىققا ئىگە بولۇپلا قالماي، جۈملىنى ھاسىل قىلغۇچى تەركىبلەرمۇ بىر قەدەر كۆچلۈك ماسلىققا ئىگە. ئاپتورنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئوخشاش بولمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش بىر جۈملىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىنىڭ (ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى) مەيلى سېمانتىكىلىق جەھەتتىن ياكى ئىپادىلەش جەھەتتە بولسۇن ناھايىتى زور دەرىجىدىكى جىپسىلىشىشچانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن جۈملىلەردىكى ئىككىلەمچى تەركىبلەر (ئېنىقلىغۇچى، ھالەت، تولۇقلىغۇچى) لار مورفولوگىيە جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلىدىن ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە بىر قەدەر چوڭ پەرققە ئىگە بولىدۇ.

بۇ ماقالىدە «كۆپ خىل تىلدىكى جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

## 2. كۆپ خىل تىللارنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتى ئۈستىدىكى سىناق

ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى جۇڭگودىكى چەت ئەل تىللىرى ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. ئىنگلىز تىلى جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ناھايىتى چوڭقۇرلاشقان بولۇپ، توردا ئېلان قىلىنغان زېڭ باۋچۈن يازغان «ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملە شەكىللىرىنىڭ تۈرلىرى» دېگەن ماقالىدە جۈملىلەرنى ئىشلىتىش مەقسىتىگە ئاساسەن بايان جۈملە، سوئال جۈملە، بۇيرۇق جۈملە ۋە ئۈندەش جۈملە دەپ ئايرىپ چىققان، گىراماتىكىلىق شەكلىگە ئاساسەن يەنى جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسلىنىپ، ئىنگلىز تىلىدىكى جۈملىلەرنى ئاددىي جۈملە، تەڭداش قوشما جۈملە ۋە مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئايرىغان. ئاددىي جۈملىلەرنىڭ جۈملە تەركىبىنىڭ ماسلاشتۇرۇش شەكلىگە ئاساسەن، ئالتە خىل ئاساسىي جۈملە شەكلىنى رەتلەپ چىققان، يەنى ئىنگلىز تىلىدىن 50 تىن ئارتۇق تىپىك مىسال ئېلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، كۆپ خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشتا بىزنى بىر قەدەر ئىشەنچلىك جۈملە تۈرلىرى ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ ماقالىدە بۇ جۈملە شەكلىنىڭ تۈرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان 50 نەچچە جۈملە مىسال قىلىنغان. بۇ جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن ئاساسەن تەڭ قىممەتتىكى خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىلىدىكى جۈملە شەكلىدە تەرجىمە قىلىندى ھەم ھەربىر جۈملىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىلدىكى تەپەككۇر لوگىكىسى، ئىپادىلەش ئىدىيەسى، ئىپادىلەش شەكلىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئاساسىي خۇلاسە چىقىرىلدى. ئوخشاش بىر جۈملە سۆزنى ئوخشاش بولمىغان تىلدا ئىپادىلەشتە ئۇنىڭ تەپەككۇر لوگىكىسى، ئىپادىلەش

ئىدىيەسى ئوخشاش بولىدۇ، ئىپادىلەش شەكلىدىكى پەرقلەر تەڭ ۋە قانۇنىيەتلىك بولىدۇ، ئوخشاش بولمىغان تىللار ئارىسىدا ئوخشاش بىر جۈملە سۆزنىڭ ئىپادىلەش شەكلىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالنى ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

ئىپادىلەش شەكلى جەھەتتە: ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش كېلىدىغان جۈملىلەر، پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس جۈملىلەر، پەرق بىر قەدەر زور بولغان جۈملىلەر. بۇ ماقالىدە مىسال قىلىپ ئېلىنغان 50 جۈملىنىڭ ئىچىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بەزىبىر جۈملىلەر تەھلىل قىلىنىپ، ماقالىنىڭ ئاساسى قىلىندى.

ماقالىدە جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەر قوللىنىلدى. ئىگە «═»، خەۋەر «__»، تولۇقلىغۇچى «▁»، ئېنىقلىغۇچى «......»، ھالەت «- - -»، تولدۇرغۇچى «﹏» ۋە باشقىلار. ھەر بىر خىل تىلنى تەتقىق قىلىشتا ئۆزىنىڭ كەسپى ئاتالغۇلىرى سىستېمىسى بار بولغاچقا، ماقالىدە تۆت خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشتا پەقەت مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش مەقسەت قىلىندى، ئىزدەنمەكچى بولغان مەسىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، جۈملە تەركىبلىرىنى ئايرىپ چىقىشتا ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپلارنى ئازايتىپ ئومۇملاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىندى، ئاساسىي جەھەتتىن بىردەكلىككە ئەھمىيەت بېرىلدى.

(1) ئىپادىلەش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان جۈملىلەر.

1- مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

Study, study and once more study.

خەنزۇ تىلى:

学习，学习再学习。

ئۇيغۇر تىلى: ئۆگىنىش، ئۆگىنىش يەنە ئۆگىنىش

قازاق تىلى: ۇيرەن، ۇيرەن جانە ۇيرەن

2- مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

stop crying, and wipe away tears your.

خەنزۇ تىلى:

停止哭泪，擦去你的泪水。

ئۇيغۇر تىلى: يىغلىماڭ، كۆز يېشىڭىزنى سۈرتۈۋېتىڭ.

قازاق تىلى: جىلاما، كوز جاسىڭدي ٴسورت.

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان بولۇپ، سۆز تەرتىپلىرى ئوخشاش يۆنىلىشتە كەلگەن، بۇ ئوخشاشمىغان تىللارنىڭ تەپەككۇر لوگىكىسى، ئىپادىلەش ئىدىيەسى جەھەتتە ئوخشاشلىقنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى: تىللارنىڭ مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەر بىر تىلنىڭ جۈملىلىرىدە شۇ تىلنىڭ مورفولوگىيەسى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن، 2 - مىسالدىكى بۇيرۇق جۈملە ئىنتوناتسىيە بويىچە ئىنگلىزچە «wip away» بولسا، خەنزۇچىدا «擦去»، ئۇيغۇرچىدا «سۈرتىۋېتىڭ»، قازاقچىدا «ٴسۇرت» بولۇپ ئىپادىلەنگەن.

ئىپادىلەش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق جۈملىلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس بولۇپ، تەھلىل قىلىنغان جۈملىنىڭ تەخمىنەن %10 تىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن بۇلاردا ئوخشاش بولمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا تەپەككۇر لوگىكىسى، ئىپادىلەنگەن مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش شەكلىدە ئوخشاشلىق يۈزلىنىشى بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوخشاشلىق ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىدە (فونېتىكا، لېكسىكا، گىرامماتىكا)، بولۇپمۇ جۈملە شەكلىنىڭ قاتلىمى جەھەتتە ئىپادىسىنى تاپىدۇ؛ بۇنداق ئوخشاشلىقلار ئاددىي جۈملىلەردىمۇ، مۇرەككەپ جۈملىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى ئىپادىلەش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان جۈملىلەردە مەۋجۇت، شۇنداقلا يەنە ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى ئىپادىلەش شەكلىدە پەرق بىر قەدەر زور بولغان جۈملىلەردىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تۈردىكى

ئوخشاشلىقلارغا دىققەت قىلىش، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە قوللىنىش بىزنىڭ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئاساسى بولىدۇ.

(2) ئىپادىلەش شەكلىدە پەرق چوڭ بولمىغان جۈملىلەر

ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى نۇرغۇن جۈملىنىڭ تەپەككۇر لوگىكىسى، ئىپادىلەش ئىدىيەسى جەھەتلەردە ئوخشاشلىق بولسىمۇ، بىراق تىل شەكلىدە يەنىلا روشەن پەرق بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ پەرقلەر كۆپ ھاللاردا تىل شەكلىنىڭ تېيىز قاتلىمىدا ئىپادىلىنىپ، شۇ تىلنىڭ مورفولوگىيەلىك سىستېمىسىغا مۇلازىمەت قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار بىر قەدەر كۆچلۈك سىستېمچانلىققا ئىگە بولىدۇ. تىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىك تەرەپلەر بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان ماسلىششچانلىققا ئىگە. مانا بۇلار بىزنىڭ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشىمىزدىكى مۇھىم نۇقتا. بۇ ماقالىدە مۇشۇ خىلدىكى جۈملىلەرنى «ئىپادىلەش پەرقى ئانچە زور بولمىغان جۈملىلەر» دەپ ئاتىدۇق. بۇنداق جۈملىلەر ماقالىدە ئانالىز قىلىنغان جۈملىلەرنىڭ 60 پىرسەنتىدىن ئاشىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى قانۇنىيەتلىكى بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان پەرقلەر بىزنىڭ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشىمىزدە ئالدى بىلەن ئىگىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بولغان قانۇنىيەت ۋە ماھارەتتۇر. بۇ جۈملىلەر ئاساسلىقى بايان جۈملە، سوئال جۈملە، ئىنكار جۈملە، ئىمكان جۈملە، ھۆكۈم جۈملە، رەۋىش، Bf پېئىللىق جۈملە، جۈملىدىكى ئىبارە قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ.

A. بايان جۈملە

3 ـ مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

The accident happened yesterday afternoon.

خەنزۇ تىلى:

故事发生在昨天下午。

ئۇيغۇر تىلى: ھادىسە تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىدى.

قازاق تىلى: ۋاقيعا كەشە تۇستەن كەيىن تۋىلغان

4 ـ مىسال :

ئىنگلىز تىلى:

She studies English

خەنزۇ تىلى:

她学英语

ئۇيغۇر تىلى: ئۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدۇ.

قازاق تىلى: ول اعىلشىن تىلىن ۇيرەنەدى.

5 ـ مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

He took his bag and left.

خەنزۇ تىلى:

他拿着书包离开了。

ئۇيغۇر تىلى: ئۇ سومكىسىنى ئېلىپ كەتتى.

قازاق تىلى: ول سومكاسىن الىپ كەتتىپ قالدى.

6ـ مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

My mother made me a new dressm.

خەنزۇ تىلى:

我母亲给我做了一件新衣裳。

ئۇيغۇر تىلى: ئايام ماڭا يېڭى كىيىم تىكىپ بەردى.

قازاق تىلى: شەشەم ماعان ىبىر جاڭا كيىم تىگىپ بەردى.

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملىلەرنىڭ تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان بولۇپ، سۆز تەرتىپىمۇ ئاساسەن بىردەك. بۇنىڭدا ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر، ئىپادىلەش جەھەتلەردە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىققا ئىگە ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن.

پەرقلىق تەرەپلىرى: تىل شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۆۋەندىكىدەك، ھەر بىر تىلدىكى جۈملىلەر ئۆزىدە شۇ تىلنىڭ مورفولوگىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولىدۇ. مەسىلەن، 9 ـ مىسالدىكى تولدۇرغۇچى «يېڭى كىيىم» ئىنگلىز تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا پېئىللىق خەۋەر «بەردى» نىڭ كەينىگە كەلگەن. Made me a new dress، لېكىن ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىللىرىدا بولسا تولۇقلىغۇچى سۆز «يېڭى كىيىم» خەۋەر «بەردى»نىڭ ئالدىدا كەلگەن. «يېڭى كىيىم تىكىپ بەردى»، «ىبىر جاڭا كيىم تىگىپ بەردى»

ئوخشاش بولمىغان تىللاردا گەرچە پەرق بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى تىللار شۇ تىلنىڭ مورفولوگىيە سىستېمىسىغا بويسۇنغان ھالدا تىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىك تەرەپلەر بىر قەدەر كۆچلۈك جىپسىلىشىپ كەلگەن. مانا بۇلار بىزنىڭ كۆپ خىل تىللارنى ئۆگىنىشىمىزدىكى مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى.

7 ـ مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

China and other countries in East Asia are developing rapidly.

خەنزۇ تىلى:

中国和东亚其它国家 正在 迅速地 发展。

ئۇيغۇر تىلى: جۇڭگو ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا.

قازاق تىلى: جۇڭگو مەن شىعىس ازياداعى باسقا ەلدەر ۇرتىس دامۋدا.

**تەھلىل:**

7 ـ مىسالدا كۆرسىتىلگەن جۈملىلەر بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان بايان جۈملە بولۇپ، بۇ بايان جۈملىنىڭ ئاددىي بايان جۈملىلەر بىلەن بولغان پەرقى ئانچە زور ئەمەس.

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملىنىڭ تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان بولۇپ، تىل تەرتىپى ئاساسەن بىردەك.

پەرقلىق تەرەپلىرى: تىلنىڭ مورفولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەربىر خىل تىلنىڭ جۈملىلىرىدە شۇ تىلنىڭ تىل مورفولوگىيەسى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. 7 ـ مىسالدىكى پېئىل ھازىرقى زامان شەكلىدە كەلگەن «正在迅速地发展» دېگەن سۆز ئىنگلىز تىلىدا «are developing rapidly» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن، خەنزۇ تىلىدا «رەۋىش + پېئىل» شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. «正在迅速地发展» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلى ۋە قازاق تىلىدا پېئىللارنىڭ قوشۇمچە تەركىبى قىلىپ ئىپادىلەنگەن. «ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا»، «ۇرتىس دامۋدا».

**B. سوئال جۈملە**

سوئال جۈملىنىڭ بۇ تۆت خىل تىلدىكى پەرقى بىر قەدەر كۆچلۈك سىستېمىلىق ۋە ماسلىشىشچانلىققا ئىگە.

(1) ئالاھىدە سوئال جۈملە

8 ـ مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

Wheve do you live?

خەنزۇ تىلى:

你住哪儿？

ئۇيغۇر تىلى: سىز قەيەردە تۇرىسىز؟

قازاق تىلى: سەن قاي جەردە تۇراسىڭ؟

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملىلەرنىڭ تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان، تىل تەرتىپىمۇ بىر تەرەپلىك بولغان.

ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى: تىللارنىڭ مورفولوگىيەسىدە پەرق بولغانلىقتىن ھەر بىر خىل تىلدا ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە سوئال جۈملىلەر شۇ تىلنىڭ مورفولوگىيەسى، گىراماتىكىلىق ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تىل تەرتىپى، سوئال ئالماش، جۈملە شەكلى جەھەتلەردە شۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. بىراق بۇ ئوخشىماسلىقتا بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان ماسلىشىشچانلىق ۋە قانۇنىيەت بار. مەسىلەن، سوئال ئالماشلاردىن ئىنگلىز تىلىدا: were، خەنزۇ تىلىدا: 哪儿، ئۇيغۇر تىلىدا: قەيەردە، قازاق تىلىدا: قاي جەردە.

(2) تاللاش سوئال جۈملە

9 ـ مىسال:

ئىنگلىز تىلى:

Do you want tea or coffee?

خەنزۇ تىلى:

你 是要 茶 还是 咖啡?

ئۇيغۇر تىلى: سىز چاي ئىچەمسىز ياكى قەھۋەمۇ؟

قازاق تىلى: سىزگە شاي كەرەكپە، الدە كوفە كەرەكپە؟

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان بولۇپ، تىل تەرتىپىمۇ رەتلىك، ھەتتا تاللاش خاراكتېرلىك ئۇلانمىلارمۇ كۆچلۈك ماسلىشىشچانلىققا ئىگە.

مەسىلەن:

ئىنگلىز تىلى: «or» خەنزۇ تىلى «还是»، ئۇيغۇر تىلى «ياكى»، قازاق تىلى «الدە» قاتارلىقلار ئوخشىمىغان تىللارنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر، ئىپادىلەش شەكلى ئاساسەن بىردەكلىكتە ئىكەنلىكىنى بولغان.

ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى: تىللارنىڭ مورفولوگىيەلىك پەرقى تۈپەيلىدىن، ھەر بىر جۈملە شۇ تىلنىڭ سوئال جۈملە سۆز تەرتىپى، جۈملە شەكلى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئەمەل قىلىپ، كونكرېت ئىپادىلەش شەكلىدىكى پەرقلەرنى ئىپادىلىگەن.

(3) قارىمۇ قارشى مەنىلىك سوئال جۈملە

10 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

He doesn't know her, does he?

خەنزۇ تىلى:

他 不认识 她，对不对?

ئۇيغۇر تىلى: ئۇ بالا بۇ قىزنى تونۇمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

قازاق تىلى: ول ونى تانىمايدى، سولاي مەسپە؟

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسەن جىپسىلاشقان، تىل تەرتىپىمۇ رەتلىك ئوخشاش بولغان.

ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى: مورفولوگىيەلىك پەرق سەۋەبلىك، ھەربىر خىل تىلدىكى جۈملىلەر شۇ تىل مورفولوگىيەسىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، قايتۇرما سوئال تىلى :

“ 是”, “这样吗？ ”

ئىنگلىز تىلىدا «does he»، خەنزۇ تىلىدا «对不对»، ئۇيغۇر تىلىدا «شۇنداقمۇ»، قازاق تىلىدا «سولاي مەسپە؟» قاتارلىقلار.

C. ئىنكار جۈملە

11 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

Don't forget it

خەنزۇ تىلى:

别忘了 它

ئۇيغۇر تىلى: ئۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

قازاق تىلى: ونى ۇمىتىپ قالما.

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملىنىڭ تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان، تىل تەرتىپىمۇ رەتلىك بىر يۆنىلىشتە كەلگەن.

ئوخشىمايدىغان پەرقلىق تەرەپلىرى: مورفولوگىيەسىدىكى ئوخشىماسلىق تۈپەيلىدىن ھەربىر خىل جۈملىدە شۇ تىلدىكى ئىنكار بۇيرۇق جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. «别忘了» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىنكار مەزمۇنى ئوخشىمىغان تىلدا ئوخشىمىغان شەكىلدە كەلگەن. مەسىلەن:

ئىنگلىز تىلى: do+not پېئىل “Don't forget

خەنزۇ تىلى: 别忘了 ئىنكار رەۋىش + پېئىل

ئۇيغۇر تىلى: «ئۇنتۇپ قالماڭ» 动词+否定附加成分 پېئىل + ئىنكار قوشۇمچىسى

قازاق تىلى: «ونى ۇمىتىپ قالما»动词+否定附加成分 پېئىل + ئىنكار قوشۇمچىسى

D. ئىمكان جۈملە

12 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

Can you finish the work in time?

خەنزۇ تىلى:

你能按时完成工作吗?

ئۇيغۇر تىلى: سىز خىزمىتىڭىزنى دەل ۋاقتىدا ئورۇنداپ بولالامسىز؟

قازاق تىلى: سەن جۇمىستى ۋاعىندا بىتىرە الاسىڭبا؟

**تەھلىل:**

بۇ مىسالدىكى جۈملىلەرنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: «能不能» نى ئىپادىلەشتە تۆت خىل تىلدىكى پەرقلەر بىر قەدەر كۈچلۈك سىستېمىلىققا، ماسلىششقا ئىگە بولۇپ، مىسال ئېلىنغان 12 ـ مىسالدىكى جۈملىلەرنىڭ تەركىبى ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشقان، سۆز تەرتىپىمۇ دېگەندەك جىپسىلاشقان.

پەرقلىق تەرەپلىرى: تىلنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكلى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەربىر خىل تىلدا شۇ تىلنىڭ مورفولوگىيەسى بەلگىلەپ بەرگەن

ھەرقايسى تىللاردىكى ئىمكان جۈملىنىڭ جۈملە شەكلى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلىگەن، لېكىن ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرى كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن:

ئىنگلىز تىلى:

can you ?

خەنزۇ تىلى:

你能？

ئۇيغۇر تىلى: بولالامسىز؟

قازاق تىلى: «بىترە الاسىڭبا؟»

E. ھۆكۈم جۈملە

13 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

Mr. Turner is an artist.

خەنزۇ تىلى:

特纳先生是位画家。

ئۇيغۇر تىلى: تېرنېر ئەپەندى رەسسام.

قازاق تىلى: تىنامىرزا سىۋرەتشى.

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسەن جىپسىلاشقان، تىل تەرتىپلىرىمۇ بىردەك يۆنىلىشتە كەلگەن.

پەرقلىق تەرەپلىرى: تىلنىڭ مورفولوگىيەسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى جۈملىدە شۇ تىلدىكى ھۆكۈم جۈملىلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكلى ساقلىنىپ قالغان، لېكىن بىر قەدەر كۈچلۈك مايىللىققا ئىگە. مەسىلەن: ئىنگلىز تىلىدا «is»، خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قازا تىللىرىدا بۇنداق جۈملە شەكلى يوق.

14 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

She became a lawyer

خەنزۇ تىلى:

她成了一名律师

ئۇيغۇر تىلى: ئۇ ئادۋوكات بولدى.

قازاق تىلى: ول ادۋاكات بولدى.

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشقان، تىل تەرتىپىمۇ بىر يۆنىلىشتە كەلگەن.

پەرقلىق تەرەپلىرى: تىللارنىڭ مورفولوگىيەسىدىكى پەرق تۈپەيلى، ھەرقايسى تىللار ئۆزلىرىنىڭ مورفولوگىيەلىك شەكلىنى ساقلاپ قالغان، لېكىن ئوخشىمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا بىر قەدەر كۈچلۈك جىپسىلىشىش كۆرۈلگەن. مەسىلەن:

ئىنگلىز تىلىدا \"became "، خەنزۇ تىلىدا بولسا «成了»، ئۇيغۇر تىلىدا «بولدى»، قازاق تىلىدا «بولدى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

F. رەۋىش

15 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

We never beat chidren

خەنزۇ تىلى:

我们从来不打孩子。

ئۇيغۇر تىلى: بىز ئەزەلدىن بالىلارنى ئۇرمايمىز.

قازاق تىلى: ءبىز ەجەلدەن بالانى ۇرمايمىز.

16 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

Nobody went

خەنزۇ تىلى:

没有人去。

ئۇيغۇر تىلى: ھېچكىم بارمايدۇ.

قازاق تىلى: ەشكىم بارمايدى.

**تەھلىل:**

بۇ جۈملىلەرنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشقان، تىل تەرتىپى ئاساسەن ئوخشايدۇ.

ئوخشاشمايدىغان تەرەپلىرى: ئىنگلىز تىلىدىكى Nobody never ئەسلىدىلا ئىنكار قىلىش مەنىسىدە كەلگەن بولۇپ، خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىللىرىدا پۈتۈنلەي تەڭ باراۋەر كېلىدىغان سۆزلەر يوق، شۇڭا ئۈچۈن سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىپ ئىپادىلەنگەن ھەمدە ئىنكار قىلىش شەكلىدە تەكىتلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن تىللار ئارىسىدا شۇنىڭغا توغرا كېلىدىغان سۆز بولۇپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن:

خەنزۇ تىلىدا:

从来不打·没有人去

ئۇيغۇر تىلىدا: «ھېچكىم بارمايدۇ، ئەزەلدىن ئۇرمايمىز» دەپ كەلگەن، قازاق تىلىدا « ەشكىم بارمايدى»، «ەجەلدەن ۇرمايمىز» بولۇپ كېلىدۇ.

قىسقا سۆزلەر جۈملە تەركىبى بولغان جۈملىلەر.

ئىنگلىز تىلىدا ئوخشاش بولمىغان قىسقا سۆزلەر جۈملىدە جۈملە تەركىبى بولۇپ كەلگەندە بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ خىل تىلدا ئىپادىلەش شەكلىدىمۇ ئوخشاشمىغان شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىيەت بولىدۇ.

17 ـ مىسال. جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

I don’t know what should do next.

خەنزۇ تىلى:

我 不知道 下一步该干什么。

ئۇيغۇر تىلى: ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدىم .

قازاق تىلى: مەن ەندىگى باسقىشتا نە ئىستەرىمدي بىلمەي قالدىم.

تەھلىل:

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان، تىل تەرتىپىمۇ ئوخشاپراق كەلگەن.

پەرقلىق تەرەپلىرى: قىسقا جۈملە «下一步该干什么» تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىللىرىدا شۇ تىللارنىڭ ئۆزىنىڭ مورفولوگىيەلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن پېئىللىق خەۋەر «不知道» نىڭ ئالدىغا كەلگەن. ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىللىرىدا پېئىللارنىڭ قوشۇمچە تەركىبى ئىچىدە كىشىلىك ئالماش بولغاچقا، جۈملە ئىچىدىكى ئالماش ئىگە «我» چۈشۈپ قالغان.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمىدىم.

18 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

Her father bought her a dictionary as a birthday present .

خەنزۇ تىلى:

她爸爸给她买了一本词典作为生日礼物。

ئۇيغۇر تىلى: ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتىغا بىر لۇغەت ئېلىپ بەردى.

قازاق تىلى: ونىڭ اكەسى تۋىلغان كۇن تارتۋ ىرەتىندە وعان ءبىر سوزدىك سىيلادى.

تەھلىل:

تىللاردىكى ئوخشاش تەرەپلىرى:

(1) جۈملە تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان، سۆز تەرتىپىمۇ ئوخشاپراق كەلگەن.

(2) «作为» دېگەن بىر سۆز تۆت خىل تىلدا مۇناسىپ ھالدا ماس كېلىدىغان ھالەتتە ئىپادىلەنگەن. ئىنگلىز تىلىدىكى «as»، خەنزۇ تىلىدىكى «作为»، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا بېرىش ـ كېلىش شەكلىدە «سوۋغىتىغا»، قازاق تىلىدا «ىرەتىندە» بولۇپ كەلگەن.

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى:

(1) ئىسىم تولدۇرغۇچى «一本词典» سۆزى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىدا شۇ تىللارنىڭ مورفولوگىيەلىك تەلىپىگە ئاساسەن، پېئىللىق خەۋەر «买了» نىڭ ئالدىغا كەلگەن.

(2) قىسقا سۆز «作为生日礼物» مەقسەت ھالەت بولۇپ خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىللىرىدا ھەرىكەت «买了一本词典» نىڭ كەينىگە كەلگەن. ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىللىرىدا بولسا ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا كەلگەن.

19 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

His father told him not to play in the stree

خەنزۇ تىلى:

他父亲告诉他不要在街上玩。

ئۇيغۇر تىلى: ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا كوچىدا ئوينىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

قازاق تىلى: ونىڭ اكەسسى وعان جولدا ويناماۋدى تاپسىردى.

تەھلىل:

بۇ جۈملىنىڭ ھەرقايسى تىللاردىكى ئوخشاشلىق تەرەپلىرى جۈملە تەركىبلىرى ئاساسەن جىپسىلاشقان، سۆز تەرتىپىمۇ ئوخشىشىپ كەتكەن.

پەرقلىق تەرەپلىرى: قىسقا سۆز «不要在街上玩» جۈملىدە پېئىل «告诉» نىڭ تولدۇرغۇچىسى بولۇپ كەلگەن، شۇ ئارقىلىق ئوخشىمىغان تىللاردا ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلىدىكى «not - to» دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىدا سۆز تەرتىپى، ئۇيغۇر قازاق تىللىرىدا بولسا پېئىللىق قىسقا سۆز قوشۇلغان ئىسىملاشقان تولدۇرغۇچى قوشۇمچە تەركىب «جولدا ويناماۋدى»، «كوچىدا ئوينىسا بولمايدىغانلىقىنى» بولۇپ شەرھلەنگەن.

**(3) ئىپادىلەش شەكلىدە پەرقلەر بىر قەدەر زور بولغان جۈملىلەر**

سۆزلۈكلەر قاتلىمىدا بىر تىلدىكى بەزىبىر سۆزلەر باشقا تىللاردا مۇشۇ تىل مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر مەنە ۋە گىراممatikلىق مەنىسىدە تەڭ كەلمەيدىغان، ئوخشاشمىغان تىللار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تەڭ كەلمەيدىغان، ئوخشاشمىغان تىللار بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەشتە ئوخشىمىغان بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىپادىلەش شەكلىدە پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىبىر ئالاھىدە جۈملە شەكىللىرى ئوخشاش بولمىغان تىللاردا بايان قىلىنىشتا ئوخشاشماسلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ئوخشاشماسلىقلار بىزنىڭ كۆپ تىل ئۆگىنىشىمىزدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك قىيىن نۇقتىلارنىڭ بىرى. ۋاھالەنكى مۇشۇنداق پەرقلەر بىرقەدەر زور بولغان جۈملىلەر بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ جۈملىلەرنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى يەنىلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بىراق قىسمەن تەرەپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشى ئوخشىمايدۇ. مۇشۇنداق ئىپادىلەش شەكلىدە پەرقلەر بىر قەدەر زور بولغان جۈملىلەر مۇشۇ ماقالىدا تەھلىل يۈرگۈزگەن جۈملىلەرنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ.

1. مۇشۇنداق جۈملىلەردە بەزىبىر سۆزلەر ئوخشاشمىغان تىللاردا سۆز مەنىسى بىلەن گىراممatikلىق مەنىسى تەڭ كەلمىگەچكە، ئىپادىلەش شەكلىدىمۇ پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

20 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

.The food was good, but he had little appetite

خەنزۇ تىلى:

。食物很精美，但他却没有什么胃口

ئۇيغۇر تىلى: يېمەكلىك ناھايىتى ئېسىل، لېكىن ئۇنىڭ پەقەتلا ئىشتىھاسى يوق.

قازاق تىلى: تاعام وتە دامدى ەكەن دەسەدە ونىڭ تابەتى تارتپاي تۇر.

**تەھلىل:**

ئوخشاش تەرەپلىرى:

(1) جۈملىنىڭ توپ يىلتىزى ئوخشاپ كېتىدۇ.

«食物很精美，但...»

(2) «转折» ئۇلانما «但» نىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ جىپسىلىشىش شەكلى بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان. مەسىلەن: ئىنگلىز تىلىدىكى «bat» خەنزۇ تىلىدىكى «但»، ئۇيغۇر تىلىدىكى «لېكىن»، قازاق تىلىدىكى «دەسەدە» دېگەندەك.

پەرقلىك تەرەپلىرى: تارماق جۈملىدىكى « ئۇنىڭ پەقەتلا ئىشتىھاسى يوق » ئوخشىمىغان تىللاردا ئوخشاشمىغان شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. ئىپادىلەش شەكلىدىكى پەرقلەر مۇنداق:

ئىنگلىز تىلىدا:

“He had little appetite” «他有不大的胃口»

خەنزۇ تىلىدا: «他没有什么胃口» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا: «ئۇنىڭ پەقەتلا ئىشتىھاسى يوق» «他简直没有胃口» دېيىلىدۇ.

قازاق تىلىدا: «ونىڭ تابەتى تارتپاي تۇر»، «他的食欲引不起来» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

مانا مۇشۇ خىلدىكى جۈملىلەرنىڭ ئوخشاش مەنىدىكى سۆزلەر ئوخشىمىغان تىللاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىكى ئوخشىماسلىقلار كۆپ خىل تىللارنى ئۆگىنىشتىكى قىيىن نۇقتىلار بولۇپ قالىدۇ.

21 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

He looked worried just now.

خەنزۇ تىلى:

他刚才看上去有些焦急。

ئۇيغۇر تىلى: ئۇ بايا قارىماققا تىت ـ تىت

بولۇۋاتقاندەك كۆرۈندى.

قازاق تىلى: ول جاڭا ا بىرجىپ كەتكەندەي كورىندى.

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبى ئاساسەن جىپسىلاشقان، سۆز تەرتىپى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان.

پەرقلىك تەرەپلىرى: ئىنگلىز تىلىدىكى ھالەتنى ئىپادىلەيدىغان بەزىبىر پېئىللار يەنى: Be، look، seem، semlL، taste، sound، keep قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇقىم ئىپادىلەش شەكلى بار، يەنە «显得» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ. خەنزۇ تىلى، ئۇيغۇر تىلى، قازاق تىللىرىدا بولسا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان، ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر يوق، شۇڭا بۇلارنى ئىپادىلەشتە سۆز بىرىكمىسى ئارقىلىق بۇ بىر جۈملىنىڭ مەناسىنى بىلدۈرىدۇ.

22 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

The tree has grown much taller than before

خەنزۇ تىلى:

这棵树 比以前 长得高多了。

ئۇيغۇر تىلى: بۇ دەرەخ بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى ئېگىز ئۆسۈپتۇ.

قازاق تىلى: بۇل اعاش بۇرىنعىسىنان بىيىكتەپ قالىپتى.

جۈملە ئۈستىدە تەھلىل:

بۇ جۈملىلەرنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى، جۈملىدىكى ئىگە، خەۋەر، ھالەتلەر ئاساسەن جىپسىلاشقان بولۇپ، تىل تەرتىپىمۇ ئوخشاپراق كېتىدۇ.

پەرقلىك تەرەپلىرى: ئىنگلىز تىلىدىكى ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەيدىغان بەزىبىر پېئىللار، مەسىلەن، become، turn، get، grow، go قاتارلىقلار ئادەتتە «变得越来越...» دېگەننى ئىپادىلەشتە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچىغا تەرجىمە قىلىشتا ئوخشاش بولمىغان بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىدۇ.

(2) بەزى جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئوخشىمىغان تىللاردىكى ئىپادىلەش شەكىللىرى بولىدۇ ھەم ئوخشىمىغان شەكىللەردە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، شۇڭا بۇنىڭدا پەرق بىر قەدەر زور. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**(1) ئۈندەش جۈملە:**

23 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

What good news it is!

خەنزۇ تىلى:

多好的信息啊！

ئۇيغۇر تىلى: نېمە دېگەن ياخشى خەۋەر ـ ھە!

قازاق تىلى: ۋا، نەدەگەن جاقسى خابار!

**تەھلىل:**

ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە تەركىبلىرى ئاساسەن جىپسىلاشقان، سۆز تەرتىپىمۇ ئوخشاپ قالىدۇ، ھەتتا ئۈندەش سۆزلەرمۇ ئوخشاش ئورۇنغا كەلگەن. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى «啊»، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھە»، قازاق تىلىدىكى «ۋا» لار ئۇدۇل كەلگەن.

پەرقلىك تەرەپلىرى: ئىنگلىز تىلىدىكى بۇ جۈملە شەكلى باشقا ئۈچ خىل بىلەن بولغان پەرقى بىر قەدەر زور بولىدۇ، شۇڭا بۇ مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك.

(2) ئىنگلىزچىدىكى «there be+主语+其它» دېگەن بۇ قۇرۇلما «某地有某物» دېگەن مەنانى ئىپادىلەيدۇ.

24 ـ مىسال جۈملە:

ئىنگلىز تىلى:

There are two girls and a boy running on the playground.

خەنزۇ تىلى:

有两个女孩和一个男孩 在操场上 跑步。

ئۇيغۇر تىلى: ئىككى قىزچاق بىلەن بىر ئوغۇل بالا مەيداندا يۈگۈرۈۋاتىدۇ.

قازاق تىلى: ەبىر ۇل ەكى قىز مايداندا جۈگىرىپ جۈر

**تەھلىل:**

بۇ جۈملىلەرنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرى: جۈملە

تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان، سۆز تەرتىپىمۇ ئاساسەن ئوخشاش كەلگەن.

پەرقلىق تەرەپلىرى: ئىنگلىز تىلىدىكى «there be+主语+其它» خىلىدىكى بۇ خىل جۈملە شەكلىگە ئۇيغۇر تىلى ۋە قازاق تىلىدا ئوخشاش كېلىدىغان ئىپادىلەش شەكلى قوللانمىغان. پەقەتلا «ئىككى قىز بالا بىلەن بىر ئوغۇل بالا مەيداندا يۈگۈرۈۋاتىدۇ» . «两个女孩和一个男孩在跑步» دەپلا بىر تەرەپ قىلىنغان.

ئۇيغۇر تىلىدا: «ئىككى قىزچاق بىلەن بىر ئوغۇل بالا يۈگۈرۈۋاتىدۇ» دېيىلگەن.

قازاق تىلىدا «ٴبىر ۇل ەكى قىز جۇگىرىپ جۇر»

**خۇلاسە:**

بىز كۆپ خىل تىللارنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىشتىن بۇرۇن، ئوخشاش بىر جۈملە سۆزنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى ئىپادىلىنىشىدە ناھايىتى زور پەرقلەر بار بولۇشى، ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدۇق. بىز بۇ تىللارنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق.

(1) كۆپ ساندىكى جۈملىلەر ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ئىپادىلىنىشتە جۈملە تەركىبلىرى ئاساسىي جەھەتتىن جىپسىلاشقان بولۇپ، تىل تەرتىپىمۇ ئوخشاش، بۇ ئوخشىمىغان تىللارنىڭ لوگىكا، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

(2) تىل شەكلىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، كۆپ ساندىكى جۈملىلەر ئوخشاش بولمىغان تىللاردا ئىپادىلىنىشتە، تىل شەكلىدە پەرقلەر مەۋجۇت بولغان بولىدۇ، بىراق بۇ خىل پەرقلەر تىللارنىڭ تېپىز قاتلىمىدا تۇرۇپ، ھەرقايسى تىللارنىڭ مورفولوگىيە سىستېمىسىغا بويسۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان سىستېمىچانلىققا ئىگە بولىدۇ. تىللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل پەرقلىك تەرەپلەرنىڭ بىر قەدەر كۆچلۈك بولغان تەگداشلىق تەرىپى بولىدۇ. تىللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ئوخشىماسلىقتەك پەرقلەر بىزنىڭ تىل ئۆگىنىشىمىزدە ھەل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئاساسىي بولمىغان زىددىيەتلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

(3) ئوخشاش بولمىغان تىللاردىكى تىل قاتلىمى بىر قەدەر چوڭقۇر، پەرقلەر بىر قەدەر زور بولغان جۈملە شەكىللىرىنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، بۇلار ئوخشاش بولمىغان تىللار مۇناسىۋىتىدىكى تىل مەنىسى بىلەن گىراماتىكىلىق قاتلىمى جەھەتتە پەرقى بىر قەدەر زور بولغان سۆز ۋە جۈملە شەكىللىرى «كۆپ خىل تىل ئۆگىنىش» تىكى قىيىن نۇقتا. مانا مۇشۇنداق جۈملىلەرمۇ ئاساسىي گەۋدىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## 3. «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتىنىڭ ئەھمىيىتى

كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىدىكى پەرقلەر ناھايىتى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى كىشىلەر بۇ دېگەن بىر ئاددىي ساۋات، ئانچە سىرلىق ئەمەس، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغان، يەنە باشقىچە پوزىتسىيە تۇتىدىغانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار كۆپ خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىق تەرەپلىرى سىرلىق، مۇرەككەپ چىگىش مەسىلە. شۇڭا، قايسى جەھەتتىن قول سېلىپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ دەپ قارىغان. بۇ ماقالىدە كۆپ خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق بىلەن پەرقلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن بىر قەدەر مۇۋاپىق كەلگەن نۇقتىدىن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان تونۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان تىل جۈملە شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا قانچىسى ئوخشايدىغانلىقى، قانچىسى ئوخشاشمايدىغانلىقى دېگەن مەسىلىگە دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بېرىلدى. شۇنداقلا يەنە بۇ كۆپ خىل تىللارنىڭ جۈملە شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىق

نىسبىتى، قانداق جەھەتلەردە ئوخشاشلىقى بولغان؟ قانداق ئوخشىماسلىقلار بار؟ بۇلار قانداق جايلاشقان؟ تاقابىل تۇرۇش تاكتىكىسى قانداق؟ داۋاملىق تەتقىق قىلىش نىشانى؟ قاتارلىق مەسىلىلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بېرىلدى. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

**1) «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكلىنى سېلىشتۇرۇش» نىڭ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشتىكى قىممىتى**

كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشنىڭ يوللىرى ھەر خىل، كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش — كۆپ خىل تىلنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بىز تۆۋەندە پەقەت ئۈچ خىل تىلنىلا ئۆگىنىشنى مىسال قىلىپ سۆزلىدۇق ھەم ئۈچ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇشنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئۈچ خىل تىلنى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردۇق. ئۈچ خىل تىلنى ئۆگىنىشتە تۆۋەندىكىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

(1) مەقسەتلىك تىل مۇھىتىدا بىرىنچى خىل تىل ئارقىلىق ئىككىنچى بىر خىل تىلنى ئۆگىنىش، ئىككىنچى خىل تىلنى ئەمەلىيەتتە ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىككىنچى خىل تىل ئارقىلىق ئۈچىنچى خىل تىلنى ئۆگىنىش كېرەك. مەسىلەن، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى، خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق ئۈچ خىل تىلنى ئۆگىنىش بولۇپ، بۇ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۈچ خىل تىلنى ئەمەلىي ئىگىلىۋېلىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن يەنە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىل تىل ئىقتىدارىنى تولۇق يېتىلدۈرۈشكىمۇ پايدىلىق. مانا بۇ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشتىكى بىر قەدەر ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك بولغان يولدۇر. بۇ ئۈچ خىل تىلنى ئۆگىنىشتە «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكلىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى كۆپ خىل تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن نەزەرىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان تىللارنىڭ جۈملە شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق بىلەن پەرقلىق تەرەپلەرنى سىستېمىلىق ھالدا ئېنىقلاپ چىقىشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۈچ خىل تىل ئۆگىنىشتىكى تەشەببۇسكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئۈچ خىل تىلنى ئائىلىق ھالدا تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشكە ياردىمى بولىدۇ.

(2) بىرىنچى خىل تىل ئارقىلىق ئىككىنچى خىل تىلنى ئۆگىنىش، ئاندىن يەنە بىرىنچى خىل تىل ئارقىلىق ئۈچىنچى خىل تىلنى ئۆگىنىش، ئەگەر بۇنداق كۆپ خىل تىل ئۆگىنىش مەقسەتلىك تىل مۇھىتىدا ئېلىپ بېرىلسا، ئۈچىنچى خىل تىلنىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. بىراق، ئەگەر ئىككىنچى خىل تىل بىلەن ئۈچىنچى خىل تىل ئوتتۇرىسىدا پەرق ناھايىتى زور بولسا، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بۇ ئىككى خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۆتۈشۈشنى ۋە تىللار ئارا تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ئىگىلىشى تەسكە توختايدۇ. «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» جەھەتتىكى تەتقىقات بۇ ئۈچ خىل تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئىككىنچى تىل بىلەن ئۈچىنچى خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىشىغا، سېلىشتۇرۇش ئېنىقىنى تىكلەشكە، ئۈچ خىل تىل ئوتتۇرىسىدا تىللارنى بىلىش، ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ.

(3) مەقسەتسىز تىل مۇھىتىدا بىرىنچى خىل تىل ئارقىلىق ئىككىنچى بىر خىل تىلنى ئۆگىنىش، ئىككىنچى خىل تىلنى ئەمەلىي ئىگىلەپ كېتەلمەي تۇرۇپلا بىرىنچى خىل تىل ئارقىلىق ئۈچىنچى خىل تىلنى ئۆگىنىش - ئۈنۈمى ياخشى بولمىغان ئۈچ خىل تىل ئۆگىنىش يولىدۇر. بۇنداق ئۆگەنگەندە مۇنداق ئىككى خىل ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بىرى، ئەمەلىيەتتە بىر خىل چەت ئەل تىلىدىن ۋاز كېچىپ، يەنە بىر خىل چەت ئەل تىلىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش؛ يەنە بىر خىلى، ئىككى خىل چەت ئەل تىلىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆگىنىش، لېكىن بۇنداق قىلغاندا ئىككىلا تىلنى ياخشى ئۆگىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇ خىلدىكى كۆپ خىل تىل ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئىنسانلارنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئاساسىي پىرىنسىپىغا مۇخالىپ بولۇپ، ئۈچ خىل تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تىللارنى ئۆگىنىشىدە زېھنىي كۈچى، دىققىتى، بىلىشى بىر - بىرىگە كاشىلا

قىلىپ، ئۇچ خىل تىل ئۆگىنىشتە نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا مەغلۇب بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۇچ خىل تىلنى ئۆگىنىشتە «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكلىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى كۆپ خىل تىللارنى ئۆگىنىشتە ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىشتەك ئەھۋاللارنى ئازايتىدۇ، تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئوخشىمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدا بىر پۈتۈنلۈكنى بەرپا قىلىش، سىستېما جەھەتتە پەرقلەندۈرۈش ئېڭىنى تۇرغۇزۇشقا ياردىمى بولىدۇ. ئۇچ خىل تىلنى ھەقىقىي ئىگىلىۋېلىش ئۈچۈن كۆپ خىل تىلنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپلا قالماستىن يەنە كۆپ خىل تىلنى ئىشلىتىش ئەمەلىيىتىدە ئۇچ خىل تىل بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى تىل ئۆگىنىشتىكى مەقسەت تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش بولۇپ، نوقۇل ھالدا بىلىم ئىگىلەش ئەمەس، خالاس.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكلىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى ئۇچ خىل تىل ئۆگىنىشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچىنچى خىل تىلنى ئۆگەنگەن ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆگەنگەن ئىككىنچى خىل تىل ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، بەلكى يەنە ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئۇچ خىل تىل ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۆتۈنۈش، ئۆزئارا تەرجىمە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.

**2) «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكلىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتىنىڭ كۆپ خىل تىل ئوقۇتۇشىدىكى قىممىتى**

(1) «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا بىر يول ئېچىپ بېرىدۇ.

كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ چىقىشتا نىشان قىلىنغان تىللار كۆپ بولۇپ، سېلىشتۇرۇش مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ، شۇڭا قوش تىلنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتەك ئەنئەنىۋى ئەندىزە بويىچە تىللارنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە ئومۇميۈزلۈك سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش زىيادە چېچىلاڭغۇ ۋە مەقسەتچانلىقى ئاجىزراق بولىدۇ. بۇ ماقالىدىكى «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكلىنى سېلىشتۇرۇش» ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقنى نىشان قىلغان بولۇپ، جۈملە شەكلىنى سېلىشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنگەن ھەم ئاددىيلاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇلغان، كۆپ تىلنى سېلىشتۇرۇشنىڭ يېڭى بىر يولىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

(2) «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان تەتقىقات رامكىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى مۇھىم نۇقتىنى تىلنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش بىرلىكى بولغان جۈملىگە قويغان بولۇپ، سېلىشتۇرۇلغان جۈملىلەر تەركىبىنىڭ قايتىلىنىش نىسبىتى، تىل تەرتىپىنىڭ ئوخشاش بولۇشى قاتارلىقلار ئاساسىي ئوبيېكت قىلىندى. تەپەككۇر لوگىكىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىق ئۇچ قاتلام بويىچە سېلىشتۇرۇلدى. سېلىشتۇرۇش جەريانىدا «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى پەقەت تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى بايقاش، يەنى «مۇسىيى يۆتكىلىش» بولماستىن، بەلكى ئالدى بىلەن تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشىمىغان تىللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق تەرەپلەرنىمۇ تەھلىل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. شۇ ئارقىلىق تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشتە كۆپ خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش نۇقتىلاردىن پايدىلىنىش، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلارنى پەرقلەندۈرۈپ، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۆپ خىل تىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ، كۆپ خىل تىلنى ئىشلىتىش، كۆپ خىل تىل ئىگىلەش، ئۆگەنگۈچىلەرنى تاق تىل ئۆگىنىشتىن كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشكە كىرىشىشكە يېتەكلەيدۇ.

(3) «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى ئۆزگىچە باب كېلىدىغان تەتقىقات ئۇسۇلى ئۇستىدە ئىزدەنگەن.

«كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى

سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى ئوخشاش بولمىغان تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىدىن ئۈرنەك ئېلىپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈرلۈك جۈملە شەكىللىرىنى ئىپادىلەش شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغان جۈملىلەر، ئىپادىلەش شەكلىدە پەرق ئانچە زور بولمىغان جۈملىلەر، ئىپادىلەش شەكلىدە پەرق بىر قەدەر زور بولغان جۈملىلەر دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىدى. شۇ ئارقىلىق كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار بايقاپ چىقىلدى، كۆپ خىل تىل ئۆگىنىشتىكى قىيىن نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلدى.

بۇ «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى ئەمەلىي كۆتۈرۈلۈۋاتقان «ئۈچ خىل تىل ئوقۇتۇش» تىكى تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

(4) «كۆپ خىل تىل جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانى.

كۆپ خىل تىلنى سېلىشتۇرۇشتا ئوخشىمىغان نىشان بەلگىلەشكە، ئوخشىمىغان ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. بۇ ماقالە پەقەت كۆپ خىل تىللارنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئىزدىنىشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۇ بىر باشلىنىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك تەتقىقاتلار يەنىلا ناھايىتى كۆپ. «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ» تەتقىق قىلىشنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشكە، تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، كونكرېتلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تىل ئۆگىنىش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن تەتقىقاتنىڭ نەتىجىلىرىنى يىغىنچاقلاپ خۇلاسىلەپ، تېخىمۇ توغرا، دەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. «كۆپ خىل تىلنىڭ جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇش» تەتقىقاتى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۈچ خىل تىل ئوقۇتۇش» دا تىل سېلىشتۇرۇش تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم شەكلى بولۇپ قېلىشىدا، چوقۇم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

## پايدىلانمىلار:

[1] 张贞爱.少数民族多语人才资源开发与三种语言教育体系构建[J].延边大学学报(社会科学版), 2007(6).

[2] 曾丽,李力.对“三语习得”作为独立研究领域的思考[J].外语与外语教学, 2010(2).

[3] 郑英魁.俄语教学中的多语对比翻译效应[J].中国俄语教学,2013(1).

[4] 《中国大百科全书》(语言文字卷), 252.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم، ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 13 ـ 078 ـ 03(2017) 5878 ـ 1005

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنىڭ قىسقا بايانى ۋە تەھلىلى*

تىلتېكىن يۈسۈپ ئىگەمبەردى

(قەشقەر ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىللىرى ئىنستىتۇتى، قەشقەر. 844008)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە تىلچىلىق، سۆزلەمشۇناسلىق نەزەرىيەلىرى مەۋقەسىدە، قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ھازىرقى تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، تىل پاكىتلىرىغا تايىنىلغان ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنىڭ قاتلىمى ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنىڭ قويۇلۇشى، نامىلىنىشى ۋە تۈرى تەھلىل قىلىنغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى، بەزى لەقەملەرنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ھەققىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تىلى؛ قەشقەر شېۋىسى؛ لەقەم

## 浅谈现代维吾尔语喀什话(土语)里的的绰号

趯黎铁肯 · 玉苏甫 · 依格穆

**摘要：** 文章立足语言学、词汇学的理论，以历史文献与现代语料为基础分析现代维吾尔语喀什话(土语)里的维吾尔人的外号、绰号的层次，以及现代维吾尔语喀什话(土语)里的维吾尔人的外号、绰号来源以及命名、词源、分类等问题。还探究现代维吾尔语喀什话(土语)里的维吾尔人的外号、绰号的修辞功能，以及一些外号、绰号的某些语音特征。

**关键词：** 维吾尔语；喀什话(土语) ；绰号

**Abstract:** By applying linguistics, lexicology, historic documents and modern Uyghur corpus, this paper studies nicknames of Kashgar dialect, from the aspects of language levels, origins, classifications, rhetorical function and language features of nicknames.

**Keywords:** Uyghur language; Kashgar dialect; nicknames

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** H215　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

«لەقەم» (لقب) تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز. بىزدە ئەسلىسى «ئاياغ»مۇ دېيىلگەن. «لەقەم» سۆزىنىڭ مەنىسى «ئىككىنچى نام، يەنە بىر نام». يەنە بۇ سۆزنى كۆپ خىل ئىزاھلاشقا بولىدۇ: 1. باشقا نام، كىشىنىڭ، شەيئىلەرنىڭ ئۆز ئىسمى، ئەسلىي نامىدىن باشقا، كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان نامى؛ 2. بىرەر خۇسۇسىيەتكە كۆرە، كىشىگە ھەزىل ياكى مەسخىرە قىلىپ بېرىلگەن قوشۇمچە نام، شۇنىڭدەك مەلۇم مەقسەتتە ئۆزگەرتىۋېلىنغان نام ؛ 3. تەخەللۇس (بۇرۇن بولغان، ھازىر ئۇنداق مەنە يوق) ؛ 4. جەمەت نامى، تەگئات؛ 5... » دەپ ئىزاھ بېرىشكە بولىدۇ.

بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئىسىم قويۇلسا، ئوتتۇز يىل ئىچىدە لەقەم قويۇلۇپ بولىدۇ. دېمەك، ئىسىم دەسلەپكى ئەۋۋەلىي ئىجتىمائىي تونۇشنىڭ مەھسۇلى بولسا، لەقەم كېيىنكى ئىجتىمائىي تونۇشنىڭ مەھسۇلى. لەقەمنىڭ قويۇلۇشى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، كەچمىشى، ئۇلار يولۇققان بىرەر ۋەقە، ھۈنەر ـ كەسىپ تۈرى، فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى... قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بەلگىلىك بىر ئىجتىمائىي توپ ئىچىدىكى ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەر بەزىدە لەقەم بىلەنمۇ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. يەنى لەقەم ئوخشاش ئىسىملىكلەر كۆپ بولغان، رەسمىي تەگئات قوللانمىغان شارائىتتا كۆپ بولىدۇ. تىلىمىزدىكى ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ لەقەمگە ئايلىنىشى ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ

*بۇ ماقالە 2016 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** تىلتېكىن يۈسۈپ ئىگەمبەردى (1974ـ يىلى 10ـ ئايدا تۇغۇلغان) ، ماگىستىر، لېكسىكولوگىيە، لۇغەتشۇناسلىق، قەدىمكى ئەسەرلەر ھەمدە خەت سەنئىتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خاس ئىسمغا، كىشى ئىسمىغا ئۆزگىرىشىدۇر. مەلۇم رايوندىكى كىشىلەرنىڭ لەقەملىرىنىڭ تەتقىقاتى شۇ رايوندىكى ئەدەبىي تىل سۆزلىرى بىلەن دىيالېكت، شېۋە، يەرلىك تەلەپپۇز سۆزلىرىنىڭ ھەرخىل پەرقى، ئىشلىتىش قېتىم سانىنى بەلگىلەپلا قالماي، يەنە شۇ رايوندىكى كىشىلەرنىڭ تارىخى، تەزكىرىسى... قاتارلىقلارنىڭمۇ تەتقىقاتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنى يەنە ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئەدەبىي تىلدا بىر مەنىلىك؛ شېۋىدە، يەرلىك تەلەپپۇزدا كۆپ مەنىلىك؛ ئەدەبىي تىلدا يوق، لېكىن شېۋە، يەرلىك تەلەپپۇزدا بار، ئەدەبىي تىلدا ئىستېمالدىن قالغان ياكى تارىخىي سۆزگە ئايلانغان، لېكىن يەرلىك تەلەپپۇز ۋە شېۋىدە ئىستېمالدا بار؛ ئەدەبىي تىلدا بار بولسىمۇ بىر - ئىككى تاۋۇش جەھەتتىن پەرقلىق تەلەپپۇزغا ئىگە بولغان شېۋە، يەرلىك تەلەپپۇزلۇق لەقەم... دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

لەقەملەر يەنە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئىشلىتىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بويىچە شەخس لەقەملىرى، جەمەت لەقەملىرى ۋە يۇرت لەقەملىرى دەپمۇ ئايرىشقا بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار ئېتىبارى بىلەن تۆۋەندە ئاساسلىقى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لەقەملىرى خۇسۇسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز:

## 1. قەشقەردىكى لەقەملەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى

### 1) لەقەم سۆز تەركىبىدىكى ئالاھىدىلىكلەر

(1) ئەدەبىي تىلى سۆزلىمىدە ئۇچرىمايدىغان سۆزلۈك لەقەملەر. گودۇز (گور بىلەن ھەپىلىشىدىغان كىشى)، گورۇز (قاچقۇن)، گادۇك (پاكار ھەم ۋىجىك كىشى)، مىقى (يىغلاڭغۇ)، گاڭگۇك (باتۇر)، كۇكۇر (پاكار، جۈغى كىچىك)، پالكۆز (كۆزى چېقىر كىشى)، پېنەك (ئۇزۇن يۆگەلگەن نەشە ياكى موخۇركا)، چاپىستەك (قىمارنىڭ بىر خىل تۈرى)، ياغاق (ئورۇق، سۆڭەكلىرى بۆرتكەن)، ئەتكەل (سېمىز)، مىجمەرۇق (ئاجىز، جانسىز)، ئىنجىمەرۇق (ئاۋاق، كۈچسىز)، ساران (پىخسىق)، موخو (كۆزى كۆرمەس)، كۇپ (پەللە، مارالبېشى چىغانچولدا)، كالاكۆز (پۈلتىيىپ چىققان كۆزلۈك ئادەم)، سىمۇق (يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا، بۇغدايىنىڭ قارىمۇقى)، گاركى ~ گاكى (ئاۋازى گارىلداپ ئېنىق چىقماس كىشى)، سوتاڭ (سوت، سوراق)، قاڭقا (قاغا پوقى)، ئۆپكە (ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم)، ۋىتىۋالاق (بۆدۈنىنىڭ كىچىكى، كۆپ سۆزلەيدىغان كىشى)، تۇرمىكەش، تويچى (توي ئوينايدىغان يىگىت)، لاۋزا (تېتىقسىز)، سىركايە (پىيالە)، چۆپچى (تېتىقسىز، سۈيۇق ئادەم)، قۇمقازى (كۆپ سۆزلەيدىغان ئادەم)، قوداڭ (ھەمىشە خاپا ئادەم)، دىندۇرەك (باتۇر، قورقماس، نىيە ناھىيەسى، قەشقەر شەھىرى)، مەستەك (تورغاي ۋە بۆدۈنىنىڭ چىشىسى)، كاكا (قۇشلارنىڭ تۇخۇمى، پېئىل شەكلى «كاكىلىماق»)، قەھقەھ (لەگلەكنىڭ بىر خىل تۈرى، چوڭ رەڭلىك لەگلەك)، چايخور (چاينى كۆپ ئىچىدىغان ئادەم)، چايچى (چايچىلىق قىلىدىغان ئادەم)، پېلىچەك (ساپال پىيالە)، قوماچ (كۆممە قوناقنى ئېتىلدۇرۇپ ياسىغان يېمەكلىك)، قادىرقوناق (كۆممە قوناقنى ئېتىلدۇرۇپ ياسىغان يېمەك بولۇپ، قوماچ بىلەن ئوخشاش)، سىلغا (دوسكا ئۆچۈرگۈچ)، قالاق (كۈيلەش مەزگىلىدىكى كەپتەر)، چارا كۆز (كۆزى يوغان ئادەم، «چارا» ھىجىردىن چوڭ سوزمىدىن كىچىك قاچا)، چىڭگىز (پىخسىق ئادەم)، كۈمەك (ئارپا، شالىنىڭ قارىمۇقى)، مەچەك (قويىنىڭ قوزىسى، ئۆچكىنىڭ ئوغلىقى) بۇ سۆز ھەققىدە قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا مۇنداق قوشاق بار :

1 - قوشاق:

باغدا باققان مەچىكىم،
ئوت سەپ بەرسەم يېمەيدۇ.
يېڭى كەلگەن كېلىنچەك،
زاغرا ناننى يېمەيدۇ. [1]

2- قوشاق:

مەچىكىم مەچەك،
ئوتتۇرىسى دۈمبەچەك.
سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى،
ئۆمىلەپ قېچىپ كەتتى.

(2) لەقەملەردىكى شېۋە سۆزلىرى. بىرىنچى،

ئەدەبىي تىلدا ئىستېمالدىن قالغان، تارىخىي سۆزلەرگە ئۆزگەرگەن، لېكىن قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەردە ساقلىنىۋاتقان سۆزلەر: سالۇك (ئەگەشكۈچى)، سوكور (ئەگەشكۈچى)، گۇندا (ئېغىر ياغاچ ياكى تاش، جىنايەتچىنىڭ پۇتىغا باغلىنىدىغان ياكى بويىنىغا سېلىنىدىغان قورال، يىپ ئېگىرىدىغان چاقنىڭ يەرگە دەسسەپ تۇرغان قىسمى ۋە يەنە جۇۋازنىڭ ئېغىر قىسمى)، كېتىۋال (كېتىۋالدى. قەدىمكى، يېقىنقى دەۋرلەردىكى شەھەرچە، قەلئە باشلىقى)، چەكەدى (كېچىسى تاك ـ تاك ئۇرغۇچى، كېچىلىك قاراۋۇل)، چەپەر (ئەسلىسى «چاپەر» 1950ـ يىللاردىكى ئالاقىچى، پوچتىكەش)، دارازا (ئۇزۇن، ئېگىز بويلۇق ئادەم)، شاپ (ئۆسۈملۈك نامى)، دادخاھ (ئەرزدار)، مۆھۈرگەر (مۆھۈر ئويغۇچى، قەشقەر شەھىرى زەرگەرلەر كوچىسى)، شاتۇر (يۈگۈرۈك ئالاقىچى)، داكچى (1950ـ يىللاردىكى پوچتاكەش، يامچى)، تۆرەم (قەشقەر شەھىرى ئارسلانخاندا)، مەدەك (مەكتەپ: ئېيىق بالىسى؛ قەشقەر شەھىرىدە: كۆممە قوناق قالدۇقى)، چاقىر (ئەۋلاد)، قوتۇرما (قەشقەر شەھىرى يۇمۇلاقشەھەردە)، سىرەج (يىلىم، قەشقەر شەھىرى يۇمۇلاقشەھەردە)، قاتاڭ (قېرى، قەشقەر شەھىرى يۇمۇلاقشەھەردە)، سىكەپىياز (زىيادە ئىنچىكىلەيدىغان كىشى)، تاۋى نازۇك (ئاسان خۇيلىنىپ قالىدىغان كىشى)، سەگەز، ياتاڭ، سەرراپ .

ئىككىنچى، ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەردىن تەلەپپۇزدا بىر ـ ئىككى تاۋۇش بىلەن پەرقلىنىدىغان لەقەم سۆزلىرى: قىژمەت (قىممەت)، تىماق (تىرناق، بىرىنچى بوغۇندىكى «ئى» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق)، ساچقان (چاشقان)، ئەچكۈ (ئۆچكە)، زىينەت (زىننەت)، ئاژناپ (تويماس)، ئۈژۈم (ئۈجمە)، گىژدە (گىردە)، قىژماق (قازاننىڭ ئاستىدا قالغان ئاش يۇقى)، قۇشقاچ، قومۇچ، ھەلەم (كىچىك تۇغ، ئەلەم)، سېرىغ (سېرىق)... بۇ خىل لەقەملەردە سۆزلەردىكى تاۋۇش ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ماس كېلىدۇ.

(3) تاۋۇشتا قوش بىسلىق لەقەملەر. بۇنداق لەقەملەر شەخسنىڭ ئىسمىغا تىلىمىزدىكى مەلۇم بىر قاپىيەداش سۆزلەرنى قاپىيە (ئۇيقاش) ياكى تەجنىسلىك قىلىپ قويۇلغان لەقەملەردۇر. كىشى ئىسمى تەركىبىدىكى بىر ـ ئىككى تاۋۇش ياكى ھەرپنى ئۆزگەرتىپ تاۋۇشلۇق مەنە ھاسىل قىلىپ لەقەم قويۇشتۇر. بۇنداق ھالدىكى سۆزنىڭ بىر، ئىككى تاۋۇشىنى ئۆزگەرتىپ لەقەم قىلىش ھازىرمۇ بار. مىساللار:

| ناتوغرىسى | لەقەم | توغرىسى |
| --- | --- | --- |
| مىر ئەخمەت | مىر ئەخلەت | مىر ئەھمەد |
| مەخمۇت | مەخلۇق | مەھمۇد |
| مامۇت | مامۇق | مەھمۇد |
| مىجىت | مىجىق | مەجىد |
| گۈلمىھرى | پۈلمېھرى | گۈلمېھرە |
| ھامۇت | ئامۇت | ھامىد |
| نامەت | نامەرد | نارمۇھەممەد |

بۇنداق لەقەملەرنىڭ شەكىللىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر كىم ئۆز نام ـ شەرىپىنى توغرا ئىملالىق، ئۆلچەملىك يېزىشى ۋە تەلەپپۇز قىلىشى لازىم.

(4) ئىدىيوماتىك بىرىكمىلەردىن پەيدا بولغان لەقەملەر. مىساللار: ئىچى كۆيەك، چاپان سالدى...

بۇنىڭدىن سىرت، گورداڭ ( گور+داڭ)، ئۆكتەم (قەشقەر شەھىرىدە)، ئاجاق (ئەسلىسى «ئاجراق»، «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» تە «ئاجرىق»)، چوگۇن (ئەسلىسى «چايگۇن»)،

شوۋا (ئەسلىسى «شورپا»)، سەگەز، چاۋار، مىتە، قايماق، گىلدىڭ، ھۆپۈپ، تۇمۇچۇق، تورغاي، يۆگەم، سوپۇن، كۆمەك (مارالبېشى ناھىيە شاقۇر يېزىسىدا)، مەخلۇق (قەشقەر شەھىرىدە)، خالىس (قەشقەر شەھىرىدە)، سۆز، پەرتىپەرت (قەشقەر شەھىرىدە)، لەغمەن (قەشقەر شەھىرىدە)، لەغمەنىي، پوخاق (يەكەندە)، ئۇنۋان (قەشقەر شەھىرىدە)، شالغۇت (قەشقەر شەھىرىدە)، پاختەك (قەشقەر شەھىرىدە)، كاتاڭ، كاشلا (قەشقەر شەھىرىدە)، ساپايى، چالا، سۆسەر، قۇلاق، قوشۇماقاش، تۇڭلۇك، تاختا، ئاقىچى (ئەسلىسى ئاغىچى)، شاپتۇل (ئاسان ئېزىلىپ كېتىدىغان)، چۈلە (مىجەزى سۇيۇق)، چىلگە (تېز قېرىغان كىشى)، تاۋۇز (ھەر تەرەپكە دومىلايدىغان)، چاتراق، ھوشۇق، پايخان، پوكان، خام سۇ (يوچۇن كىشى، قەشقەر شەھىرىدە)، دەرىزە كۆز (كۆزەينەكلىك

كىشى)، هاممال (ئەسلىسى «هەممال»)، ياۋاش، سۈيۈقئاش، قايماق (قەشقەردە)، پور (سېمىز، قەشقەر شەهرىدە)، پىسە (بەرەس كېسىلى)، پىستەك (قەشقەر شەهرىدە)، قارا (نىشان، تېرىسى قارىدىغان كىشى)، بوسۇغا (باسۇرۇلغان كىشى، پوسكامدا)، كۆپ ( مارالبېشى چىغانچولدا «سادىر كۆپ»، بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «پەللە» مەنىسىدە)، دۈگىلەك (قەشقەر شەهرىدە)، ۋەلەك (كەپسىز بالا)، چاهارشەنبە (جىندى، «بابۇرنامە»دە كىشى ئىسمى، قەشقەر شەهرىدە)، مونەك ئايىم (دوغىلاق ئايال)، هەمەك (نانىنىڭ چوڭراق، نېپىز يېپىلغىنى)، ژىماق (ئاچماق، تارماق)، سېرىقئېشەك (چايان)، چايان (ئاسانلا زەهەرىنى سانجىيدىغان كىشى)، ۋاپۇرۇش، سۆكە (بىر خىل ئاسما زىننەت بۇيۇمى)، غوجالدىرۋاق (شۇ ناملىق ئويۇندىكى قىلىقتەك ئىشلارنى قىلغۇچى، توققۇزاقتا)... قاتارلىق لەقەملەرمۇ بار.

**2) لەقەملەرنىڭ گراممـاتىكىلىق-فونېتىكىلىق ئالاهىدىلىكلىرى**

(1) جۈپلەنمە سۆزلەرنىڭ ھەربىر تەركىبىنى ئەدەبىي يازما تىلدا ئاجرىتىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، لېكىن لەقەملەردە ئايرىم ئىشلىتىلىدۇ. مىسالى :« مۇدۇر- چوقۇر»نىڭ «مودۇر» دېگەن تەركىبى.

(2) لەقەملەردە تەقلىدىي سۆزلەرمۇ كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مىساللار: رەپ - رەپ، پوك - پوك، موك - موك، كاپ - كاپ، گىلدىڭ، سابساپچى، پالكۆز، ۋاتۋات، كوتكوت، تاكىراڭ...

(3) كىشى ئىسملىرىنىڭ تەركىبلىرى تەرتىپىدە شەخس لەقەملىرى نىسبەتگە ئوخشاش كىشى ئىسمىنىڭ ئارقىسىدا بولىدۇ. هازىرقى «لەقەم» سۆزىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»نى ئەرەب تىلىدىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمىلىگۈچىلەر ئەينى دەۋردىكى «ئاياغ» سۆزىگە ئۇدۇللىغان. مىسال:

ئەسلىسى:

قوزغىل ماڭا ئاقىلىق،
بولسۇن ماڭا ئاياغا.
ئىزغىل مەنى توقۇشقا
يۇۋغىل ماڭا ئۇلاغا.

يەشمىسى:

بەرگىن ماڭا ئىختىيار،
مەردلىك بولسۇن لەقەمىم.
جۆنەت مېنى ئۇرۇشقا،
بەرگىن ماڭا ئۇلاغىم.

يۇقىرىقى قوشاقتىكى «ئاياغ» دەپ ئۇچرىغانلىقمۇ ئەينى دەۋردە لەقەم سۆزلىرىنىڭ شەخس ئىسمى ۋە ئاتا ئىسمىنىڭ ئارقىدا، ئايىغىدا كەلگەنلىكىدىن «ئاياغ» سۆزىنىڭ «لەقەم» دېگەن مەنىگە ئىگە بولغانمۇ؟ بۇنى يەنە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى قانداقلىكى بولسۇن ئۇيغۇر لەقەم سۆزى كىشى ئىسملىرىدىكى شەخس ئىسمى، ئاتا ئىسمى تەرتىپىدە پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى ۋە هازىرقى كىشى ئىسملىرىدە لەقەمنىڭ ئورنى، تەرتىپى «شەخس ئىسمى +شەخس لەقەمى»، «شەخس ئىسمى +جەمەت لەقەمى»، «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + ئاتىسىنىڭ لەقەمى»، «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + جەمەت لەقەمى»، «شەخس ئىسمى+شەخسىي لەقەمى +ئاتا ئىسمى»، «شەخس ئىسمى + شەخسىي لەقەمى +ئاتا ئىسمى+ئاتىسىنىڭ لەقەمى» شەكلىدە بولغان. يېقىنقى دەۋردىكى بەزى كىشىلەرنىڭ دەل «شەخس ئىسمى + جەمەت لەقەمى+ ئاتا ئىسمى» شەكلىدە تەگئات قوللانغان. مىسالى : مۇھەممەد ئوغۇز هەمراھ (تاشمىلىق يېزا)، هېچقانداق لەقەم شەخس ئىسمىنىڭ ئالدىدا كەلمەيدۇ.

(4) لەقەملەردە سان - سىفىرلار كىشى ئىسملىرىغا ئوخشاش ئۇچرايدۇ. مىساللار: سەكسەنخالتا، يەكچەشمە، تۆتكۆز، ئاتمىش، ئون بەش كۈن...

(5) كەسىپ-هۈنەر ناملىرى لەقەم بولغاندا سۆز ئاخىرىدىكى «- چى»، «- كەش»چۈشۈپ قالىدۇ. مىساللار: راۋاپچى - راۋاپ (ئوپال يېزا)، سېۋەتچى - سېۋەت (سەمەن يېزا)، قازانچى - قازان (قەشقەر شەهرى)، دوپپىچى - دوپپا (قەشقەر شەهرى)، تۇماقچى - تۇماق (قازىرىق كەنتى)، مانتىپەز - مانتا (قەشقەر شەهرى)، پولاپەز - پولا (پولۇ، قەشقەر شەهرى)، هارۋىكەش - هارۋا (قەشقەر شەهرى).

يەنە بىر ھۈنەر كاشىغەردە ساقلانغان بولۇپ «قاداقچىلىق» دېيىلىدۇ. تۆمۈر سىم، تۈنىكا بولقا بىلەن نېپىز ئۇرۇلۇپ چاك كەتكەن باسىن تەخسە، چىنىلەرگە قاداق قىلىنىدۇ. بۇنداق ئىشنى قىلغۇچىلار «قاداقچى» دېيىلگەن ھەم «قاداقچى»، «قاداق» لەقەمنى ئالغان، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، مارالبېشىنىڭ چىغانچول، ئاقتام يېزىلىرى سېغىز تۇپراقلىق بولۇشى قۇمساڭغۇ تۇپراقلىق يەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. سېغىز تۇپراقلىق بۇ يەرلەر ساپالچىلىق، كۇلالچىلىق سەنئىتىمۇ مەۋجۇد بولغان يەرلەردۇر. ساپالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ياكى تارقىلىشىنى ۋارۋارلىق جەمئىيىتى بىلەن ياۋايىلىق جەمئىيىتىنى ئايرىيدىغان چەك ـ چېگرا قىلىمىز[2]، ياۋايىلىق جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ـ ساپالچىلىق تېخنىكىسى ئىختىرا قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلىنىپ، كېيىنكى مەزگىلىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاياغلاشقان[3]. قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەرلىرىدە ساپالچىلىق، كۇلالچىلىق سۆزلىرىمۇ باشقا يەرلەردىكىدىن كۆپرەك ھەم لەقەممۇ بولىدۇ. مىساللار: كۇلال، كوزاباش (تاقىر باش)، چاراكۆز (كۆزى يوغان كىشى)، مەيكوزا (ھاراق كوزىسى)، سوزما (كۇلالچىلىق مەھسۇلاتى)...

(6) لەقەم سۆزلىرىدە يەنە بەزى سۆزلەملىك تەركىب، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. مىساللار: چىڭگىز (پىخسىق) دېگەن لەقەم سۆزىنى بىز «چىڭ » (مەھكەم) ۋە «گىز»دىن ئىبارەت ئىككى مورفېمغا ئاجرىتالايمىز. ئورال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردىن موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە قىرغىز تىلىنىڭ ئېتىبارىدىن قارىساق كېيىنكى مورفېما موڭغۇل ئىمپېراتورى چىنگىزخاننىڭ، قىرغىزىستان يازغۇچىسى چىنگىز ئايتماتوۋ (1928ـــ2008)نىڭ ئىسمىدا (ھازىرقى ئۇيغۇرچە «چىڭغىز» بولسا ئەسلىي ئاغزاكىي تىل شەكلى) ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىلگىز ئايتماتوۋنىڭ ئىسمىدا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، تىلىمىزدا «چىڭگىز (پىخسىق)» بىلەن «چىنگىز»نى پەرقلەندۈرمەك كېرەك. « ـــ لاق» سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، ئەدەبىي تىلدا تومۇلاق سۆزىدە ئۇچرايدۇ. قەشقەردە «قارالاق» (كىچىك قارا) دېگەن لەقەمدە ئۇچرايدۇ. بۇ قوشۇمچە سۆز مەنىسىنى كىچىكلەشتۈرۈش ۋە يېقىنچىلىق مەنىسىنى بېرىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار ئىدى. 1982ـ يىلقى قەشقەردىكى مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدىكى ئىزلىنىشلەردە رەسمىي ئوتتۇرىغا چىققان «ھەزرەتى موللام قەبرىگاھى ۋەخپنامىسى» دە «غوجەلاق» ئىسىملىك كىشىمۇ يېزىلغان[4]. يەنە «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» (1795) تىكى «ياپە فۇرچاق» دېگەن بىرىكمىدىكى «ياپە» سۆزى ھازىر ئايرىم ئىشلىتىلمىسىمۇ «ـــ لاق» قوشۇمچىسى قوشۇلغان ھالەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا «ياپىلاق» سۆزىدە ئۇچرايدۇ. ھازىرمۇ بۇ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئاغزاكى تىلدا بار. مىساللار: قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاغزىدا «ئۈۋۈا» دېيىلسە چوڭراق چاڭگىنى يەنى قاغا، سېغىزخاننىڭ چاڭگىسىنى، «ئۈۋۈالاق» دېيىلسە، كىچىكرەك چاڭگىنى يەنى قۇشقاچ، سۇڭگۇچ، تۇمۇچۇق، تورغاي چاڭگىسىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر « ـ لاق» قوشۇمچىسى يەنە ھازىرقى ئۆزبېك تىلىدا «قىزەلاق» (قىزچاق)، چەقەلاق (بوۋاق)، ھازىرقى قىرغىز تىلىدا «مامالاق» (ئېيىق بالىسى) دېگەن سۆزلەردە ئۇچرايدۇ. «ئەپچىلەم»، «گەپچىلەم» دېگەن لەقەملەردىكى «ـ ـ لەم» مۇ سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرگە ئۇلىنىدۇ. بۇنىڭ يەنە بىر«ـــ ىلەم» ۋارىيانتى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرگە قوشۇلىدۇ. مىساللار: باغىلەم (ئاقسۇدا سەھنىيە سىستېمىسىدىكى ئايال ئىسمى). خەلق ناخشىسىدا مۇنداق: «... روزىلەم، قوينىڭ بالىسى قوزىلەم».

(7) ئەدەبىي تىلدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشى بولغان بەزى سۆزلەر شېۋىلەردە قىسقا سوزۇقلۇق بولىدۇ. مىسالى: ئەدەبىي تىلدا «لا:زىم» بولغان سۆز تۇرپان شېۋىسىدە بەزىدە «لايىزىم»دەپ قىسقا سوزۇقلۇق، بەزىدە «لا:زىم» دەپ ئۇزۇن سوزۇقلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بەزى شېۋە سۆزلىرى ئەدەبىي تىلدىكىگە ئوخشاش بولغان ۋە بولمىغان ھالدا قىسقا ۋە ئۇزۇن سوزۇق پەرقىگە ئىگە. يۇقىرىقى مىساللاردىكى بەزى

لەقەم سۆزلىرىدە سوزۇق تاۋۇش ئۇچرايدۇ. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەردىمۇ شۇنداق[5]. مىساللار: گو:دۇز، گو:رۇز، گا:دۇك، مىقى (بىرىنچى بوغۇمدىكى «ئى» ئۇزۇن سوزۇق)، چا:پىستەك، يا:غاق، مىجمە:رۇق، ئىنجىمە:رۇق، سو:تاڭ، قو:ماچ، مە:چەك، سا:لۇك، چە:كە:دى، مە:دەك، قا:تاڭ، كا:دىر، سە:گەز، يا:تاڭ، تىماق (بىرىنچى بوغۇمدىكى «ئى» ئۇزۇن سوزۇق)، قىزىلپا:چاق، ماتاسا:هىب، جىنقا:زى، موتو:كەش، پولا:پەز، ئا:شىق، چا:پىستەك، قا:غا، پە:لەڭ، جىسا (بىرىنچى بوغۇمدىكى «ئى» ئۇزۇن سوزۇق)، قو:داڭ، چو:گۇن، شو:ۋا، قو:ماچ، يۆ:گەم، بوسۇ:غا، تا:ۋۇز، سۆ:كە، ئا:شىق، جا:رۇپكەش، ها:فىز، سە:گەز، كا:دىر، چو:كان، پە: تەك

**3) لەقەملەردىكى سۆز ئىستېمال ئالاھىدىلىكى**

(1) هازىرقى ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن پەرقلەنگۈچى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزى بولغان لەقەم سۆزلىرى ئۇچراپ قالىدۇ. مىساللار: ئولتۇرام ~ ئوتۇرام (ئۆلدرۈم) ، ياغدان ـ ياغدام، كالان پاي ـ كالامپاي، ساران (پىخسىق، ئاخىرقى «ن» تاۋۇشى بەزىدە «ڭ» غا ئۆزگىرىدۇ).

(2) بەزى لەقەم سۆزلىرى كىشىنىڭ پىسخىكىسى، فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىدىكى سۆزلىرى بىلەن قويۇلۇپ قالىدۇ. مىساللار: ناچار كىشىگە «ئوبدان»، چۈس مىجەزلىك ياكى بىنورمال پىسخىكىلىق كىشىگە «ئوڭلۇق»، كۆپ سۆزلەيدىغان كىشىگە «كەم سۆز»، پىخسىق كىشىگە «قولى ئوچۇق»، جىم يۈرىدىغان كىشىگە «كەپسىز»، ئېگىز كىشىگە «پەتەك»، پاكار كىشىگە «دارازا»، ۋىجىك كىشىگە «يوغان»، تەمبەل كىشىگە «كىچىك»، ياخشى كىشىگە «يامان»، يامان كىشىگە «ئېسىل»، كەسكىن كىشىگە «ژىلمان» (ئىلمان)، قىزغىن كىشىگە «سوغاق» (سوغۇق)، سېمىز كىشىگە «ئاۋاق»، ئورۇق كىشىگە «بورداق~بودەك»...

(3) لەقەملەردە سۆزلەرنىڭ ئوقۇم مەنىسىگە قارىغاندا قوشۇمچە مەنىسى يەنى بۇ قوشۇمچە مەنە ئىچىدىكى مىللىي ھېسسىي مەنە، شەخسىي ھېسسىي مەنە، تىمساللىق مەنە كۈچلۈك بولىدۇ. يەنە تىلچىل مەنىگە قارىغاندا ئىمبەچىل مەنە(言语意义) كۈچلۈك بولىدۇ. لېكىن، لەقەملەردە تىلچىل مەنە كۈچلۈك سۆزلەردىكى ھېسسىي مەنە ۋە تىمساللىق مەنىنىڭ لەقەم سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەنىسى بولۇپ قالىدۇ. مىسالى : «كالايۈگى» دېگەن لەقەم «ھېچنەرسىگە كارغا كەلمەس، يارىماس» مەنىسىدە بولۇپ، قوي، ئۆچكىنىڭ يۈگىدىن تىۋىت ئالغىلى بولىدىغانلىقى، كالا يۈگىدىن پايدىلانغىلى، تىۋىت ئالغىلى بولمايدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

(4) لەقەم سۆزلىرىدىكى تىمساللىق مەنە يەنە بەزىدە ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدۇ. مىسالى: لەقەم بولغان «سېغىزخان» سۆزىنىڭ تىمساللىق مەنىسى «ساختىپەز». مەھمۇد كاشغەريي خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن نەقىل ئېلىپ: «شەھەرنىڭ يامىنى بارسىغان، قۇشنىڭ يامىنى ساۋىزخان» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇلئەزىز ھېزىمووۋنىڭ «مىڭ بىر مەسەل» (1ـ توم) ناملىق ئەسەرلەر توپلىمىدىكى «سېغىزخان» ۋە «سېغىزخان دەپتۇدەك» دېگەن ئىككى مەسەلدىكى سېغىزخاننىڭ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ئەنئەنە بويىچە ماڭغان. سېغىزخان سۆزىنىڭ تىمساللىق مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدا مىڭ يىلغىچە ئۆزگەرمىگەن؛

(5) لەقەملەر ھەزىل تۈسىنى ئالىدىغان بولغاچقا لەقەم سۆزلىرىنىڭ جىنس پەرقى كىشى ئىسىملىرىدىكىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ. مىساللار: مەلۇم بىر دېھقان ئەر بۇرۇن توخۇ باققانلىقى ئۈچۈن لەقەمى «مېكىيان» بولۇپ قالغان. قومۇلدا «ئايقىز» جەمەت لەقەمى[6] بولغانىدەك قەشقەردە يەنە «چوكان» لەقەملىك نورمال فىزىيولوگىيەلىك ئەرمۇ بار. مەلۇم بىر ئەركىشى پۈزۈر ياسىنىپ يۈرگەنلىك سەۋەبىدىن «سەتەڭ» لەقەملىك بولغان. يەنە قەشقەر شەھىرى ئاۋات يېزىلىق بىر نورمال فىزىيولوگىيەلىك ئەرنىڭ لەقەمى «كىچىك سەنەم». «زىبا ~ زىۋا» سۆزىمۇ ئەسلىي ئەرەب تىلىدا مۇئەننەس ئىسىم، ئۇيغۇرلاردا ئايال كىشى ئىسمى، لېكىن قەشقەر شەھىرى خانىدىە يېزا يۇقىرىقى مورتوم كەنتى ئەھمەدزىۋا مەھەللىسىدە جەمەت لەقەمى؛

(6) لەقەملەر ئاغزاكى تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ ھەم ياسىلىپ كىشىلەرگە قويۇلىدۇ. كىتابىي تىلدا، رەسمىي ئالاقە، سورۇنلاردا كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. بىرەسمىي ئالاقە، سورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، بەزى لەقەملەر رەسمىي ئالاقە، سورۇنلاردا جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت، تىل سەۋىيەسى ئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا ئالاقە، سورۇننىمۇ بەزىدە ماسلاشماي قالىدۇ. يەنە بەزىدە كىشىلەر ئارىسىدا شەخسلەرگە شەخس لەقەملىرىنى قويۇش ياخشى ئىش ئەمەس دەپ قارالغاچقا، «لەقەم ئۆيدىن چىقىدۇ» دېيدىغان گەپ بار بولسىمۇ كۆپىنچە شەخس لەقەم سۆزلىرى ئاغزاكى تىلدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. يازما تىلدا يەنى يېزىقتا كىشىلەر كۆپىنچە يېزىشنى، قەيت قىلىشنى خالىمايدۇ.

لەقەملەر يازما تىلدىكىگە قارىغاندا ئاغزاكى تىلدا كۆپ قويۇلىدۇ، ئۇچرايدۇ. يەنە بەزى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ژانىرلىرى بولغان چۆچەك، داستان ۋە لەتىپىلەردە ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا تا ھازىرغىچە سۆزلەر ئىجابىي، سەلبىي، دەبدەبىلىك مەنىلىك دەپ ئايرىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلچىلىق تەتقىقاتى سۆزلەر ئىجابىي، سەلبىي، دەبدەبىلىك سۆزلەر دەپ ئايرىلىدىغان قاراشتىن يىراقلاپ كېتەلمىگەن بولغاچقا، تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغىچە سۆزلەرنى ئىجابىي، سەلبىي، دەپ ئايرىش، تىل مۇھىتىنى تەھلىل قىلماسلىق سەۋەبىدىن لەقەم سۆزلىرىنى رەتلەشكە سەل قاراش پەيدا بولغان. ھەتتا بەزىدە لەقەملەر ئاھانەت، ھاقارەت سۆزى قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن. تىلدىكى سۆزلەر بەلگىلەر سىستېمىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەيئىي، ھادىسىلەرنىڭ نامى، خۇسۇسىيىتى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەردۇر. ھەرگىزمۇ شەيئىي، ھادىسىلەرنىڭ ئۆزى ئەمەس. سۆزلەرنى ئىجابىي، سەلبىي مەنىلىك دەپ چۈشىنىش تىل مۇھىتىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. ياخشى تىل مۇھىتىدا ئىشلىتىلگەن ھەرقانداق سۆز ئىجابىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. يامان، سەلبىي تىل مۇھىتىدا ئىشلىتىلگەن ھەرقانداق سۆز سەلبىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مىسالى: ئىككى كىشىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى بولسا، بىر ـ بىرىنى «ئىت» دېگەن لەقەم بىلەن چاقىرىشسا، كىشىلەر مەسخىرە قىلىشسا، ئىككى كىشى بۇچاغدا «ئىت» سۆزىنىڭ ئەڭ دىسلەپكى، يەنى «ئادەمنى قوغدىغۇچى، دوست» دېگەن تىمساللىق مەنىسى بىلەن چۈشەندۈرۈش بېرىپ، رىۋايەتلەر ئاساسىدا ئۇيغۇر تىلىدا «بېشىنى سىيلىماق» دېگەن ئىدىيومنىڭ پەيدا بولۇشى بويىچە رەددىيە بېرەلەيدۇ.

## 2. قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەرنىڭ تۈرلىرى

(1) ھۈنەر ـ كەسىپ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: چايچى، موتوكەش، پولاپەز، توخۇۋاز، مەدداھ، ئاشىق، قاداق، بېدىك، ئارىچى، تۇردىئاخۇن مۇقام (بۇلاقسۇ يېزا ـ يېڭىسار ناھىيە بازىرى)، قاسىمئاخۇن ئەلنەغمە ؛

(2) ئويۇن نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: شاھ، تۇز، ماتكا، ۋاللەي ـ ۋەللەي، ساللات، قىمار، چاپىستەك، ھوشۇق، لەك (قارتىنىڭ بىر ئويۇننىڭ نامى)... ؛

(3) ھايۋان نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: بۈركۈت، خوتەك، پىشپاقتاز، كىشكاكتاز، توخۇ، دەمدەر، قاغا، پەلەك (كەپتەرنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى)، قوتاز، توپاق، توكۇتوكۇياك (تۇمۇرتۇمشۇق)، چۇلدۇق، چۇغۇندەك...

(4) فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: نازۇككۇم (نازۇك قىزىم)، ئاقكىرپىك (1940 ـ يىللار)، قاڭشار، پاناق (ماناق)، چوقۇر، كالاكۆز، قورساق، قارا، قارالاق، ساقال، شاپ بۇرۇت، گاركى، پىسە، كۆك، جېگەر، سېرىغ، گاڭسا، جىسا، مودۇر، توپۇق، جىتتاق (ئەسلىسى «يىرتاق ـ جىرتاق»)، ماقال، پاخال، پاكار، يەركۆكۈرى...

(5) پىسخىك ئالاھىدىلىكنى ئاساس قىلىپ قويۇلغان لەقەملەر: مۆڭ، سوغاق، توك، مۇجمەل، زىل، قوداڭ، پور، ۋىرانىي، ئەبگار، كاشىلا، ھەردەم خىيال...

(6) قىياپەتكە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر، مۇساخان ياغباش (پاكىستان گېلگېت، ئەسلىي يەكەنلىك ئۇيغۇر)، ياغدان~ ياغدام (مارالبېشى

ناھىيە)...

(7) نەرسە، شەيئىيلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەر: توقام، دومبۇلاق (ئىشەك ھارۋىسى)، قەلەم، قوماچ، قادىرقوناق (بۇ نامۇ ئەسلىدە لەقەمدىن كەلگەن. قادىر ئىسىملىك ئادەم قوماچ ساتقاچقا، قوماچ قوناقتىن ئېتىلگەچكە «قادىر قوناق»مۇ دېيىلگەن)، يوپۇرغا (دېھقانچىلىق قورالى «سۈرەم»نىڭ يەنە بىر نامى)، بەكرى توقام (1980 - يىللار، 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ)، ياربيار (مارالبېشى، ① ئېگىز چاقلىق ھارۋا؛ ② «ئۆلەن» ناخشىسى).

## 3. قەشقەردىكى لەقەملەرنىڭ دائىرىسى

### 1) يۇرت - مەھەللە لەقەملىرى

مەلۇم بىر ۋەقە ياكى ھادىسە تۈپەيلىدىن بىر يۇرت - مەھەللىنىڭ كىشىلىرىگە ئورتاق قويۇلغان لەقەم يۇرت - مەھەللە لەقەملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مىساللار: ئالا تون، ئالاخورجۇن (ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40-يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىلى، چۆچەك، ئالتايغا چىققان ئۇيغۇرلارغا قويۇلغان لەقەم. سەپەردە كۆپىنچە بەقسەم تون كىيىپ، بەقسەم خورخۇن ئارتقاچقا شۇنداق لەقەم ئالغان). بۇندىن باشقا موللاباش (مارالبېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ)، جەۋلەر (ئەندىجان ئۇيغۇرلىرىنىڭ)، كەج، كەجخەر (يېڭىشەھەر ناھىيە قاراقىر بازارلىقلارنىڭ)، كالاڭلار (قەشقەر شەھەرلىكلەرنىڭ)، پاسالار (يەكەن ناھىيەلىكلەرنىڭ)، نەزىمەتلەر (پەيزاۋات ناھىيەلىكلەرنىڭ)[7]، پىچاقچى (يېڭىسار ناھىيەلىكلەرنىڭ)، ئابدال (يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ)، قايلامچى (يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان يېزىلىقلارنىڭ )، كۆكتاتچى (قەشقەر شەھىرى شامالباغ يېزىلىقلارنىڭ)، يانچى (ياندۇرما يېزىلىقلارنىڭ) بۇنداق يۇرت - مەھەللە لەقەملىرىنى تارىختىكى مەلۇم بىر ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. يېڭىسار ئۇيغۇرلىرىنى «پىچاقچى» دېيىش يېڭىساردا پىچاقچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ ئۇزۇن تارىخى بارلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ خىل ھۈنەر يېڭىسار ئۇيغۇرلىرىدا ئۇزاققىچە ساقلانغان. يۇرت لەقەملىرىنىڭ يوقىلىشى مەمۇرىي رايونلارنىڭ يېڭىدىن ئايرىلىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. «پىچاقچى» ئەسلىدە ھازىرقى يېڭىسار ناھىيەسىدىكىلەردىن باشقا ئاقتۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسەتكەن. 1954 - يىلى يېڭىسار ناھىيەسىدىن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئايرىلىپ باشقا ناھىيە بولۇشى بىلەن «پىچاقچى» دېگەن لەقەمنىڭ كۆرسىتىلىش دائىرىسى تارىيىپ، ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لەقىمى بولماي قالغان. ھەتتا ئاقتۇ ناھىيەسى دائىرىسىدىمۇ ھازىرقى يېڭىسارلىق ئۇيغۇرلارنى «پىچاقچى» دېيىدىغان بولغان.

شەخس لەقەملىرى پەقەت مەلۇم بىر كىشىگە قويۇلغان، ئەۋلادقا مىراس قالمىغان، جەمەتىدىكى باشقا قېرىنداش كىشىلەرگە كېڭەيمىگەن. شۇ بىر كىشىنىڭ مەلۇم خىل مىجەز - خۇلقى، كەسپى، فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى، قىياپىتى، ھاياتىدىكى مەلۇم بىر ۋەقە - كەچمىشىنى، ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئامراقلىقى، كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇش ياكى ياقتۇرماسلىقى... قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان لەقەملەردۇر.

قەشقەر ۋىلايىتى يېقىنقى دەۋردە نوپۇس كۆپ، ئاھالىنىڭ ئولتۇراقلىشىشى زىچ رايون بولغان. مىسالى: 1920 - يىلى ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئېلان قىلىنغان مەلۇماتتا «كاشغەر شەھىرىنىڭ 300 مىڭ، يېڭىشەھەرنىڭ 200 مىڭ، ياركەند شەھىرىنىڭ 200 مىڭ، ئاقسۇ ۋە خوتەن شەھىرىنىڭ 190 مىڭ» بولغان[8]. شۇڭا، سىرتتىن كوللېكتىپ كۆچۈپ كېلىش ئاساسەن يوق دېيەرلىك. شۇ سەۋەبتىن، قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە باشقا كۆجۈم ئولتۇراق تۇرمۇشىدىكى يۇرتلاردىكىگە ئوخشاشلا «كۆچمەن»، «كەلگۈندى» نامىدىكى ۋە شۇ سۆزلەرگە مەنىداش سۆزلەردىن پەيدا بولغان يۇرت لەقەملىرى ئاساسەن يوق.

### 2) جەمەت لەقەملىرى

جەمەت لەقەملىرى پەقەت بىرلا كىشىگە تەۋە بولمىغان، بىر نەچچە ئەۋلاد كىشىدە داۋاملاشقان ياكى تەگكۈردىكى ئۇرۇغ - تۇغقانلارنىڭ زور كۆپىگە ئورتاق بولغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. مىرزامۇھەممەد ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىي» دىمۇ شەخس

لەقەمنىڭ جەمەت لەقەمى بولغانلىقى ھەققىدىكى بايان ئۇچرايدۇ. مىسال : «تاشتېمۇر تۇغلۇق تەمۇرخاننى تاپقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىرلا كۆك ئۆچكىسى قالغان ئىدى، مۇشۇ سەۋەبتىن تاشتېمۇرغا كۆك ئۆچكە دەپ لەقەم قويۇلدى. ھازىرمۇ تاشتېمۇرنىڭ نەسلىدىن بىر جامە خالايىق بار. ئۇلارنىڭ لەقىمىمۇ ‹كۆك ئۆچكە›»[9]. يەنە مىسال: قەشقەر شەھىرى تۈمەن دەرياسىنىڭ (دۆلەتباغ يېزا) شەرق قىرغىقىدىكى ئەسكىسار دەپ قارالغان رايونلاردا 500 مو كېلىدىغان «بارىگاھ» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بىر تارىخىي ئورۇن بار، بۇ ئورۇنمۇ سېپىل بىلەن ئورالغان. بۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھ ئائىلىسى ۋە ئەمەلدار ئائىلە ـ تەۋەلىرى ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، بۇ يەردىمۇ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بولغانلىقى مەلۇم، بۇ ئورۇندا ئولتۇراقلىشىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار «بارىگاھ» نامىنى ئۇنتۇماسلىق ئۈچۈن ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «بارىگاھ»نى قوشۇپ ئىشلەتكەن. مىساللار: ئېيسا بارىگاھ، تۇرسۇنخان بارىگاھ، پاشاخان بارىگاھ، مامۇت (مەھمۇد) بارىگاھ...[10]. ھازىرقى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ رېئال جەمەت لەقەملىرىنى مىسال ئالساق: قاۋان (كۆچلۈكلۈككە تىمسال، مارالبېشى ناھىيە بازىرىدا)، چېچەك (قەشقەر شەھىرى قىزىلدۆۋە سوقىباش كەنتىدە، 10 ـ كەنت)، ئاق بەلباغ، سېرىق بەلباغ (ئوپالدا)، موللام تۇقۇمى (ئوپال ۋە ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە)، چاپاق، قاپاق (مارالبېشى چىغانچولدا)، قۇمچاقىر، قۇشقاچ چاقىر (يەكەن ناھىيە دۆڭباغ يېزىسىدا)، قاپباش (بەشكېرەم يېزىسىدا)، زىبا (قەشقەر شەھىرى خاندىھ يېزا يۇقىرىقى مورتومدا)، قومۇچ (قەشقەر شەھىرى يۇمۇلاقشەھەر كۆلبېشى، مەزكۇر «قومۇچ» لەقەملىكلەرنىڭ ھازىرقى ئەۋلادى ئا. ھامىدنىڭ ئېيتىشىچە بۇ لەقەم مىرزا قومۇچ ۋە باي قومۇچ ئاتلىق ئاكا ـ ئۇكىدىن كەلگەن)، بورىچى (مارالبېشى ناھىيە چىغانچول يېزا تەلەمەت دەريا بويىدا، پەيزاۋات ناھىيە ئۆردەكلىك يېزىسىدا، يېڭىشەھەر ناھىيە خانئېرىق يېزىسىدا). جەمەت لەقەمگە ئىگە كىشىلەرنىڭ بەزىدە ئورتاق جەمەت قەبرىگاھى بولغان. مىسالى: قەشقەر شەھىرىدىكى ئولاي لەقەملىكلەرنىڭ مۇرادبەخش ئاتام قەبرىگاھىدا بۇرۇن ئەگۇنلۇك ئولايلار زارەتگاھى بولغان. جەمەت لەقەملىرىنى يەنە ئاتا تەرەپ جەمەت لەقەمى ۋە ئانا تەرەپ جەمەت لەقەمى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

### 3) شەخس لەقەملىرى

دەۋرىمىزدىكى شەخس لەقەملىرىدىن مىسال ئالغاندا، «ئەلى قايتىش» (مارالبېشى چىغانچولدا)، بۇ كىشىنىڭ «قايتىش» لەقەمى ئەسلىي ×× شەھىرىدە قېلىپ ئىشلەش ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشماي قايتىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەر سۆزلۈك ۋە مەنە جەھەتتىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست ئۇيغۇرلىرىنىڭكىگە ئوخشاشلا تولىمۇ رەڭدار، خىلمۇخىلدۇر. ئوخشاشلىق كۆپ، پەرق ئاز.

تىلدىكى ئادەتتىكى سۆزلەرنىڭ لەقەمگە ئۆزگىرىشى خاس ئىسملىشىش جەريانى بولۇپ، مەنە دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدۇر. ئەدەبىي تىلدا تاق مەنىلىك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدە كۆپ مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن لەقەملەر: تومتاق (1950 ـ يىللاردىن ئىلگىرى قەشقەردە شۋېد، ئىنگلىزلارغا خىزمەت قىلغان كىشى. بۇ سۆزنىڭ «تومتاقلاشماق» دېگەن پېئىل شەكلىمۇ بار)، ئەپكەش (سۇ كۆتۈرىدىغان بالداق)، قازاق (ئەركىن يۈرگۈچى، تەۋەككۈلچى)، ئالاقانات (ئەتىيازدا ئۈزۈم تېلى ئارىسىدا يۈرۈپ يېڭى تال مايسىلىرىنى چوقۇپ بۇزغۇچى جۇغى كىچىك قۇش)؛ كەپلىك (كەپسىز سۆزنىڭ بولۇشلۇق شەكلى)، زىل (قوڭغىراق)، كارداڭ (كەپتەرنىڭ قېرىسى).

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەر ئومۇمىي تىلچىلىق، شېۋەشۇناسلىق نەزەرىيەسىدىن، يەنە كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى مەۋقەسىدىنمۇ تەھلىل قىلىنىدۇ.

## 4. لەقەملەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە رولى

### 1) لەقەملەرنىڭ ئۆزگىرىشى

(1) بەزى لەقەملەر يەر ـ سۇ نامىغا ۋە بەزى يەر ـ

سۈناملىرى شەخس لەقەملىرىگە ئايلىنىدۇ

«كۆزىتىشىمىزچە، يەر، سۇ ناملىرى جۇغراپىيەلىك ئورنىغا، يەر ـ جايلارنىڭ شەكلىگە، تەبىئىي ئالاھىدىلىكىگە، تارىخىي ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە، ئۇرۇغ ـ قەبىلىلەرنىڭ ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ناملىرىغا، جەمەتلەرنىڭ لەقەملىرىگە ئاساسەن قويۇلغان»[11]. قەشقەر شەھىرىنىڭ قىزىلدۆۋە 8 ـ كەنتىنىكى «چورۇقچى مەھەللىسى»، شامالباغ 2 ـ كەنتىنىڭ نامى «بۆشۈكچى» مەھەللىسى ھەممىدە بۇ كەنتكە يېقىن مەھەللىنىڭ نامى «گۆگۈتچى مەھەللىسى» بولۇپ، بۇ يەر ناملىرىنىڭ دەسلەپتە كەسىپ نامى بولغان لەقەملەردىن شەكىللەنگەن. ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى «بەدۆلەتنىڭ سېپىلى» ناملىق خارابە ئىزى، يەر نامى بولسا «بەدۆلەت» لەقىمىدىن كەلگەن. قەشقەر شەھىرىنىڭ تۈمەن دەرياسى بۇلاقبېشى مەھەللىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى چاۋاك مەھەللىسىنىڭ نامىمۇ «مۇھەممەد ئەمىناخۇن چاۋاك» دېگەن كىشىنىڭ لەقىمىدىن كەلگەن. قەشقەر شەھىرىدە يەنە «كۆنچى مەھەللىسى، باققال مەھەللىسى، تاغارچى كوچىسى» دېگەن يەر ناملىرىمۇ ئەسلىدە كەسىپ نامىدىن شەكىللەنگەن لەقەمدىن كەلگەن. قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى يەر ـ سۇ ناملىرىدىكى سۆز ئاخىرىدا «ـ لا(ر)، ـ لە(ر)» كەلگەنلىرى ئىچىدىكى «ئىشتىلا (بەشكېرەمدە)، قازاقلا (كوناشەھەر ناھىيەسىدە)» باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستتىكى شۇ خىل يەر ـ سۇ ناملىرىغا ئوخشاشلا جەمەت لەقەمدىن ئۆزگەرگەن. بىۋاسىتە شەخس لەقەمدىن كەلگەنلىرىگە يەر ـ سۇ ناملىرىدىن بىز مەكىت ناھىيەسىدىكى «بايچەك كوكۇلا، قەلەندەر زېلىكى، ھاجى قۇم، زوراخان كوكۇل، قاسىم ئوسىچى»... نى مىسالغا ئالالايمىز.

(2) يەر ـ سۇ ناملىرى بەزىدە لەقەمگە ئۆزگىرىدۇ. مىساللار: قەشقەر قازىرىق كەنتىدە پەرەڭ لەقەملىك كىشى بار. شەرقىي رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ نامى «فەرەڭ» بولغان، جۇڭگولۇقلارغا مىلادىيە 550 ـ يىللاردىلا ئايان بولغان مەزكۇر سۆزنى بۇخارا تىلى ۋە سوغدى تىلىدىكى «فروم» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇزى «پۇرۇم» بولغان. مانى دىنىدىكى سوغدىچە ۋەسىقىلەردە بۇ سۆز «بىرۇمۇك»مۇ بولغان[12]. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «فەرەڭ» ئىدى. رىم ئىمپېرىيەسى ئەمەس «ياۋروپا» دېگەن مەنىنى بەرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا قەشقەردە بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «پەرەڭ» بولۇپ كىشى لەقىمى بولغان. «پەرەڭ چاپان كىيگەن، پەرەڭ مىلتىق تۇتقان» ئادەملەرگە پەرەڭ لەقىمى قويۇلغان. يەنە مىسال ئالساق، كېرىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ قەشقەردىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەرخىل يازمىلار بىلەن ئىسپاتلانغاندىن باشقا، قاراقىر، چاسا... دېگەندەك ئوخشاش يەر ـ سۇ ناملىرى بىلەنمۇ ئىسپاتلاندى. كېرىيەدە يەنە «چاتاقلا (ر) كەنتى» دېگەن يەر بولۇپ، بۇ پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى «چاتاقلا(ر)» دېگەن جەمەت لەقەمگە ئىگە كىشىلەرنىڭ كېرىيەگە كۆچۈشىدىن پەيدا بولغان يەر ـ سۇ نامى بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى. قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى گالۋاڭ مەھەللىسىنىڭ نامىمۇ شەخس لەقەمدىن كەلگەن.

يەر ـ سۇ ناملىرىنىڭ لەقەملەرگە، شەخس لەقەملىرىگە ئايلىنىشى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا سودا قىلغان، ئىلىم تەھسىل قىلغان بولسا بۇنداق كىشىلەر ئۆز يۇرتىغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىن تۇرغان ياقا يۇرتلارنى، كۆرگەن يۇرت ـ مەھەللىلەرنى ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان كىشىلەر شۇ يۇرتلارنىڭ نامىنى لەقەم قىلىپ قويغان ئەھۋالمۇ بار. مىساللار: مۇھەممەدئەلىھاجىم شاڭخەي (1870 ـ 1952)، ھاشىماخۇن چوڭچىڭ (1940ـ 1930ـ يىللار)، يۈسۈپ قوقان (1950ـ يىللار). 1930 ـ يىللاردا سابىق س س س ر نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتى (ساگۇ) دا ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئەينى دەۋردە «تاشكەندچى»، «تاشكەندچىلەر» دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەشقەردە خىزمەت قىلغانلىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا بىۋاسىتە «تاشكەند» دېگەن سۆز قېتىلىپ لەقەم بولۇپ ئىشلىتىلگەن. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھىرى، يەكەن، قاغىلىق ناھىيەلىرىدە بۇرۇنقى دەۋرلەردە تىبەتنىڭ ئالى (ئۇيغۇرچە «قارايار» دېيىلگەن) ۋە

رىخاساغا، ھىندىستانغا قاتنايدىغان بىر بۆلۈك كارۋانچى ئۇيغۇرلارنى «تەۋەتچى» (ئەسلىسى «تەبەتچى ~تېبەتچى») دەپ ئاتىغان، بۇ ناموۇ كېيىن «ـ چى» چۈشۈپ قالغان ھالەتتە «تەۋەت» لەقەمى بولغان. يۈسۈپ تۇمەنكۆل (مارالبېشى چىغانچول يېزا، مائارىپچى) بۇ كىشىنىڭ لەقەمى قەشقەر شەھىرىدىكى «تۇمەنكۆل» نامىدىن كەلگەن. مەھمۇد خوتەن (1990ـ يىللار، مارالبېشى چىغانچول يېزا)

(3) لەقەملەر بەزىدە تەگئات (فاملە) قا ئۆزگىرىدۇ. مىسالى: نىزامىددىن نىياز شانلار (يەكەن ـ ئۇرۇمچى). «شانلار» ئەسلىدە جەمەت لەقەمى بولۇپ رەسمىي تەگئات قىلىنغان. يېقىنقى 20نەچچە يىلدىن بۇيان تىلچىلار جەمەت لەقەملىرىنى تەگئات قىلىپ قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە جەمەت لەقەملىرىنى توپلاش، رەتلەش ئىشىمۇ بەلگىلىك دائىرىدە، بەلگىلىك كۆلەمدە ئىشلەندى. «چېكە»، «قاپباش»... كەبى جەمەت لەقەملىرى تەگئات قىلىندى.

**2) لەقەملەرنىڭ رولى**

(1) لەقەملەر تەتقىقاتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەستەرلىك سۆزلىرى، ژارگونلىرى، كەسپىي سۆزلىرى ۋە شېۋە، يەرلىك تەلەپپۇز سۆزلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىلسەك، خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىللىرىنىڭ مۇشۇ ساھەسىدە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلگەن. 2008 ـ يىلى7ـ ئايدا شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتىدا رۇسچە ـ خەنزۇچە نەشردىن چىققان «رۇس تىلىنىڭ ئەستەرلىك سۆزلىرى لۇغىتى» تىپىك مىسال. لەقەملەر ژارگون تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. بىز ئۇيغۇر تىلىدىكى ژارگونلارنى لەقەملەردىن ئىستەپ تاپالايمىز. يۇرت ـ مەھەللە لەقەملىرىدىمۇ ژارگون بار. مىساللار: بىر توپ يېقىن مۇناسىۋەتتىكى كىشىلەر ئارىسىغا بىر تونۇش ياكى يوچۇن ئادەم كەلسە شۇ توپتىكى بىر ئادەم ئۇنى ئالدىن بىلسە، «يانچى كەلدى» دېسە، قالغانلار چوقۇم «ياندۇرمىلىق كەلدى» دەپ چۈشىدۇ. يەنە: «قۇرۇپ قاقشال بولاپ كەتتۇق، ئوتانچى ئاپىرىپ ساتسۇن. بىزنى يامان دېگەنلەر، ×× شەھىرىدىن تاپسۇن» دېگەن خەلق ناخشىسىدىكى «ئوتانچى» ( ئوتۇنچى) سۆزى بەزى تىل مۇھىتىغا ئاساسەن يۇرت ـ مەھەللە لەقەمى بولۇپ مارالبېشىلىقنى ياكى تازغۇنلۇقنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، يەنە قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ياندۇرمىلىق «يانچى»، تازغۇنلۇق «ئوتانچى»، خانئېرىقلىق «چوماقچى»، ياپچانلىق «قايلاپ تۇرغۇچى~ قايلامچى» دېگەن نەقىل بار.

يەنە «خالتا» لەقەمى «ئالدامچى»، «غالتەك» لەقەمى «بىر يەردە تۇرمايدىغان»، «گەدەن» لەقەمى «ھاكاۋۇر»، «تەخسە» لەقەمى «خۇشامەتچى»، «تۇمشۇق» لەقەمى «تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ كۆپ غۇدۇرايدىغان»، «پىت كۆز»، «پىت ئۇچەي» لەقەمى «پىخسىق»، «قاقباش» لەقەمى «ھىيلىگەر» دېگەن مەنىگە ئىگە. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەستەرلىك سۆزلەر لۇغىتى»نى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن لەقەم سۆزلىرى كەڭرى توپلىنىشى زۆرۈر؛

(2) لەقەملەر ئەدەبىي ئەسەرلەردە تىپ يارىتىش، پېرسوناژ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۇرۇشتە ۋە شېئىرىيەتنىڭ ھەجۋىيات ژانىرىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مىساللار: تەزكىرىچى دەۋلەتشاھ سەمەرقەندىي (1431؟ـ1495) نىڭ «تەزكىرەتۇششۇئەرا» («شائىرلار تەزكىرىسى») ناملىق ئەسىرىدە بابا سەۋدايى ئەبىۋەردىي (؟ـ 1449) نىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: بابا سەۋدايى (ئەبىۋەردىي) زامانىدا ئەبۇ سەئىد ئېشەك قازى، خاجە جەلال خېچىر تۇمەن ھاكىمى، سەدرىدىن ئىت دارۇغا ئىدى ۋە مۇھەممەد ئۆكۈز كاللا زاكاتچى ئىدى.

نەسرىي، تارىخىي ئەسەرلەردىن مىسال ئالساق، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە»دە كەمالىددىن بىنائىي (سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا دەۋرىدە يېتىلگەن شائىر، بەستەكار، دادىسىنىڭ نامى «سەربەننا» بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ لەقەمنى ئالغان 1512ـ يىلى شاھ ئىسمائىلنىڭ قەتلىئامىدا قازا قىلغان) بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئارىسىدىكى چاقچاق، ھەجۋىلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بىر كىشى ھەرقانداق ئىشتا بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارسا، ئۇنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن، ئۇنى‹ئەلىشىرى› دەيتتى. بەزىلەر تەنە قىلىپ ئەلىشىر بەگكە باغلايتتى. بىر قېتىم ئەلىشىربەگ قۇلىقى

ئاغرىپ قېلىپ قۇلىقىنى ياغلىق بىلەن باغلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، خوتۇنلارنىڭ كۆك ياغلىقنى قىيسىق باغلىشىغا [تەقلىد قىلىپ] ‹نازى ئەلىشىرى›دەپ ئات قويىدى. شۇ جۈملىدىن بەنىنائىي ھىرىدىن كېتىدىغان چاغدا ئېشىكىگە غەيرىي بىرخىل ئۈچلىق تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ‹ئەلىشىرى› دەپ نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن ‹ئەلىشىر پالانى› (ئەلىشىر ئۈچلىقى) دەپ ئاتالدى. ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىمۇ ئۆز مەقسەتلىرى بويىچە بەزى تىپ، ئوبرازلارنى لەقەم بىلەنمۇ ياراتقان. تېيىپجان ئەلىيېۋ (1930ـ1989)نىڭ «ۋالاقتەگكۈرووۋنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق شېئىرى ۋە ئالىمجان ئىسمائىلنىڭ «لەقەملەر سىرى» ناملىق ئەسىرىنى، يەنە قازاقىستان قۇددۇس خوجامياروۋ نامىدىكى جۇمھۇرىيەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر ئۆمىكى ئارتىستلىرى ئورۇنلىغان شاھىم شاۋايوۋنىڭ «لەقەم» ناملىق ئېتوتىدىكى لەقەملەرنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

(3) لەقەملەر جەمئىيەتتە پەيدا بولغان يېڭى ھادىسە، يېڭى شەيئىي، يېڭى ۋەقەلەرنىڭ تىلدىكى ئىسپاتى. شەخس لەقەملەر بولسا تىلدىكى سۆزلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ شۇنداق. شەخس لەقەملىرى كىشى ئىسىملىرىدىنمۇ بەكرەك دەۋر ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولىدۇ. مىساللار: سوبلىيۇر (1930 ـ يىللار، قەشقەر شەھىرى، سەھنىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ئاكتىيورلارنىڭ ئۇنتۇغان سۆز، جۈملىلىرىنى ئېيتىپ بەرگۈچى)، شتىلە (رۇسچە، 1930 ـ يىللار، قىزىقچى)، مالېنكا (رۇسچە، 1950 - يىللار. كىچىك)، ماتاساھىب (1940ـ1970ـيىللار، ماتانىڭ خوجايىنى)، پومۇك (پومېشچىك، 1950 ـ يىللار)، بايدېھقان (1950 ـ يىللار)، جىنقازى (1965 ـ 1975 - يىللار)، سېسىق توققۇز (1965 ـ 1975 - يىللار)، قارا يىپ (1965 ـ 1975 - يىللار)، گېزەندە (1965 ـ 1975 - يىللار)، دامىسكا (ئايالچە ۋەلسىپىت 1980 - يىللار)، ۋېچېركا (رۇسچە «كەچلىك»، 1980ـ يىللار، قاغىلىقتا)، سېپالكا (رۇسچە، ئورۇق تېرىغۇچ، 1950 ـ يىللار)، موتوكەش (2000 - يىللار، موتوسېكلىت بىلەن كىرا قىلغۇچى)....

(4) لەقەملەر بەزى قەدىمكى ئۆرپ - ئادەت ۋە يوسۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىساللار :«سېكىلەك» لەقەمى قەشقەردە قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىنىڭمۇ لەقەمى بولغان. چۈنكى، بۇ قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكا تۇغۇلغاندا ئاتا - ئانىسى چوڭىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، كىچىكىنىڭ سول تەرىپىگە كۆزتەگمەسلىك ئۈچۈن سېكەلەك (نىياز چاچ) ئۆستۈرۈپ قويغان ھەمدە بالىلىرىنى «سېكىلەك» دەپ چاقىرىشقان، «لەقەم ئۆيدىن چىقىدۇ» دېگەن گەپ بويىچە يات كىشىلەرمۇ بەزىدە «چوڭ»، «كىچىك» سۆزىنى قوشۇپ «چوڭ سېكىلەك»، «كىچىك سېكىلەك» دىيدىغان بولغان.

(5) قەشقەردىكى ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىدەك ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك شىنجاڭدىكى باشقا يۇرتلارغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مەھسۇلاتلىرى شىمالدىكى قازاقلار رايونىغىچە يېتىپ بارغاچقا، قازاقلار ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن «ئاپتۇۋا»نى «قاشقارشا» (ئەسلىسى «كاشغەرچە») دەپ ئاتىغان. قەشقەردە ھۈنەرۋەنلەر بىرقەدەر كۆپ. شۇڭا، ھۈنەر ۋە مەھسۇلات ناملىرىنى لەقەم قىلىشمۇ قەشقەر شەھىرىدە ۋىلايەتنىڭ باشقا ناھىيەلىرىدىكىگە قارىغاندا كۈچلۈك. مىسالى: زەرگەر، قەللاپ. مىسكەر، ساندۇق، چوگۈن، چايجۇش (1980ـ يىللار)..

(6) شەخس لەقەملىرى يەنە بىر ئائىلە ئىچىدىكى، بىر جەمەت ئىچىدىكى ئىجتىمائىي يۆتكىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئاساسەن ئاتا - ئانىسىنىڭ شۇغۇللانغان كەسپى، تىرىكچىلىكى بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ شۇغۇللانغان كەسپى، تىرىكچىلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ۋە شۇ كەسپىي ساھە سۆزلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. دادىسىنىڭ لەقەمى «سەگەز» بولسا، ئوغلىنىڭ لەقەمى «كادىر»، چوڭدادىسىنىڭ لەقەمى «مۇئەززىن» بولسا، نەۋرىسىنىڭ لەقەمى كەسىپ سۆزلىرىدىن ئېلىنىپ «تۇنىكىساز» بولغان؛

يۇقىرىقىلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسىدىكى لەقەملەر توغرىسىدا يۈزە ئىزلىنىشىم. لەقەملەر ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتى،

شېۋىلىرى بويىچە تېخىمۇ كەڭ ئىزلىنىشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئىزلىنىشلەر داۋامىدا يەنە تىل تەۋەلىكى مەۋقەسىدىن ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە، ئوردۇچە... دېمۇ ئايرىلىدۇ. تىلچى، لۇغەتچىلەرنىڭ دىيالېكت، شېۋە، يەرلىك تەلەپپۇزلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەكشۈرۈشى ئۈچۈن قەشقەر ۋە باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لەقەملىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ توپلىغاندىن باشقا، كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى لەقەملەرنىمۇ رەتلەشكە، تەتقىق قىلىشقا سەل قارىماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىزاھلار:

[1] «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ پېنسىيەچىسى، يازغۇچى ئابدۇللاھ ئەھمىدىي تەمىنلىگەن.

[2][3] لېۋىس ھېنرى مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»[M] (خەنزۇچىدىن باباخان تەرجىمىسى). 1 ـ كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992: 16 ـ 20.

[4] «قەشقەر ئەدەبىياتى»[J]، 1982(2).

[5] ئۇزۇن سوزۇقلارنى ئىپادىلەشتە ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ساھەسىدە ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا «:» بەلگىسى بىلەن «ئى» ۋە «ئې»دىن باشقا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ. خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەدە بولسا «:» بەلگىسى ياكى سوزۇق تاۋۇشنى تەكرار يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. مىسالى: قىسقا aنىڭ ئۇزۇن سوزۇق ۋارىيانتى :a ياكى aa بولغان.

[6] مېھرىئاي مۇھەممەدئەلى:«قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولى»[J]. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ، 1999(4): 43 ـ 46.

[7] مۇتەللىپ سىددىق قاھىرىي: «خەزىنىلەر ئاچقۇچى»[M]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006: 45.

[8] Ella.Sykes: Thtough Deserts And oases of central Asiia.,Mac Millan And.Co,Limited st Martins street,London.1920.240

[9] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان:«تارىخى رەشىدىي»[J]. (مۇھەممەت تۇردى مىرزا ئەھمەد نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا). شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ،2007: 49.

[10] ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدىي: «كۆيبالىق (خانئۆي) ۋە ئەسكىسار (قەدىمكى كاشغەر) شەھىرىنىڭ تارىخىي پەردىسىنى ئېچىش ھەققىدە مۇلاھىزە»[J]. «بۇلاق» ، 2006( 5): 61 ـ 62.

[11] جورجى پىنائۇلت: «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر»[J]. «تىل ۋە تەرجىمە»، 2009( 4): 33 (پىروفېسسور ئارسلان ئابدۇللاھ نۇتقىدىن ئېلىنغان نەقىل).

[12] س. گ. كىلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000: 207.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06 - 091 - 03(2017) 5878 - 1005

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دىكى قىز ئاتالغۇسى ھەققىدە*

ئىسرائىل مۇتىللا

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى. 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** قەدىمكى دەۋرلەردە قىز ئاتالغۇسى ھەرخىل مەنالارنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار تىلىمىزدىكى مەلۇم ئاتالغۇلارنىڭ بىر مەنبەدىن تارالغانلىقىدەك تىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىللە، يەنە شۇ دەۋرلەردە قىزلار قوللانغان نام ئاتاقلار ھەققىدىمۇ بەزى ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە بۇ ھەقتە بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ماقالىدە، شۇ ئۇچۇرلار ئاساسىدا شۇ دەۋرلەردىكى قىز ئاتالغۇسى ئەكس ئەتتۈرگەن مەنالار، قىزلارنىڭ قوللانغان ئاتاقلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك؛ قىز؛ مەنا؛ نام - ئاتاق

## 关于“突厥语大词典”中提到的«ķïz»名称的概述

伊斯热依力 · 木提拉

**摘要**：我们祖先用过古代语音中 «ķïz» “女”词在表示着各种各样的意思，这些内容不仅给我们提供关于我母语中的有些概念从一个根源传播，而且还给我们提供当代女性所使用的名称的有关信息。麻赫穆德 · 喀什噶里的“突厥语大词典”中已有关于这个的有关信息，该文章在上面所提的有关信息的基础上反应着关于 ķïz«名称的概念，并简单地介绍女人常用的有关名称。

**关键词**：突厥语大词典；女；名称

**Abstract:** In ancient times the word “Ķïz” had many other usages. The variety of this word keeps us wonder the origin and changing patterns of this word. Mahmud Kashgari’s “The Great Dictionary of Turkic” provides some clues for the subject. According to the findings, this paper studies the several meanings of “Ķïz” and briefly introduces other expressions describes female.

**Keywords:** female; meanings; names

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** H21　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

مەملىكىتىمىزنىڭ سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ«دىۋان»دەپلا ئاتىلىدۇ) دىكى ئاياللار ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاتاقلار شۇ دەۋردىلا ئەمەس، بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن قىممەت بىلەن تۇغقاندارچىلىق، نام- ئاتاق مەدەنىيىتىمىزنى جۇلالاندۇرۇپ تۇرماقتا. بىز تۆۋەندە «دىۋان»دىكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئاتاق، ناملار ئىچىدىكى قىز ئاتالغۇسى ھەققىدە توختىلىپ، شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولماقچىمىز.

«دىۋان»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، «قىز»ئاتالغۇسى شۇ دەۋرلەردە ئىنتايىن كەڭ مەنا قاتلاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جىنس، قېرىنداشلىق، چۆرە، قىممەت، ئىپپەت قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆزىگە يۈكلەپ كەلگەن. ئەمما ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغىنى بولسا بۇ ئاتاقنىڭ جىنس ۋە تۇغقاندارچىلىق مەنىسىدە كېلىشى بولۇپ، باشقا مەنىلىرىمۇ مۇشۇ مەنىلەردىن تارالغان ياكى بۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھېسابلانغان.

## 1. قىز - چۆرە مەنىسى

«دىۋان»دا قىز ئاتىقى سالاھىيەت نۇقتىسىدىن يەنە ھەرخىل كۆچمە مەنالاردا كەلگەن. «kïz» . قىز.

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئىسرائىل مۇتىللا (1976- يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان) ، لېكتور، تارىخ ئىلمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چۆرە، قىز قىرقىم ـ چۆرىلەر»(1 ـ توم، 427 ـ بەت) ئىبارىسىگە قارىغاندا، «قىز» ئاتالغۇسىنىڭ چۆرە دېگەن مەنىسىمۇ بولغان. بۇ ئاتالغۇنىڭ قانداق قىلىپ چۆرىلەرگە كۆچكەنلىكى تۆۋەندىكى ئىزاھاتتىن مەلۇم بولىدۇ. «قىز. مەنىڭ قىزىم ـ مېنىڭ قىزىم. ئۇۋ قىزى ـ ئۆي قىزى، يىنچكە قىز ـ بويىغا يەتكەن قىز»، بۇ سۆز ئازاد قىزلارغا قوللىنىلغاندەك، سېتىۋېلىنغان چۆرىلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە «بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز دېگەن بولىدۇ. باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ ئېيتىلىدىغان كۆچمە مەنىلەردۇر»(1 ـ توم، 427 ـ بەت) دېگەن بايانغا قارىغاندا، «قىز» ئاتالغۇسى بويىغا يەتكەن قىزلاردىن ئېلىنىپ، ھۆر قىزلارنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىشتىن باشقا، يەنە «چۆرە» دېگەن مەنىدىكى كۆچمە ئاتاقنىمۇ بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ ئاتالغۇنىڭ چۆرىلەرگە كۆچۈشىگە كەلسەك، شۇ دەۋرلەردىكى ئادەت بويىچە بويىغا يەتكەن قىزلار تويى قىلغاندىن كېيىن، ئۆز ئەرلىرىنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى چىقىش قىلىپ ئېيتىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىمىز. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، ئوردىدا خان جەمەتىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا كۆپرەك ئاياللار، بولۇپمۇ يۈزى ئېچىلمىغان قىزلار ئالدىن ئويلىشىلغان. شۇنىڭ بىلەن كىچىكلەر ئىچىدىن تاللانغان ياكى سېتىۋېلىنغان تويى قىلىش يېشىغا يەتمىگەن قىزلار تەربىيەلىنىپ ئوردا خىزمىتىگە لايىقلاشتۇرۇلغان. بۇنداق خىزمەتكە تويى قىلغان ئاياللارنىڭ تاللىنىش ئىمكانىيىتى بەكلا تۆۋەن بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇرۇشلاردا ئەسىر چۈشكەن قىز ـ ئاياللار تولەم بىلەن ئۆزىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرەلمىسە كۆپىنچە سېتىلىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىغان. يېشى كىچىك، بويىغا يەتكەن، تويى قىلمىغان قىزلار سېتىۋالغۇچىلارنىڭ ئالدىن تاللىشى بولۇپ قالغان. سېتىۋالغۇچىلار بەزىلىرىنى بېقىۋېلىش، يەنە بەزىلىرىنى خىزمەتكە سېلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان. شۇ سەۋەبتىن، تېخى تويى قىلمىغان، بويىغا يەتكەن مەنىسىدىكى قىز ئاتالغۇسى ئۆز نۆۋىتىدە باشقىلارنىڭ ئىگدارچىلىقىدا تۇرغان تويى قىلمىغان چۆرىلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاتالغۇ چۆرىلەرگە ئىشلىتىلگەندە مۇۋاپىق قوشۇمچە قوشۇلغان. خان جەمەتى ۋە بەگلەرنىڭ خىزمىتىگە تاللانغان قىزلار«يىنچۇ ـ ئۈنچە، مەرۋايىت» دەپ باشقا چۆرىلەردىن پەرقلەندۈرۈلگەن. «يىنچۈ. ئۈنچە. كىنىزەكلەرمۇ ‹يىنچۈ›دېيىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئۆتلۈگ يىنچۈ ئەرسىز قالماس ـ يۆشۈك ئۈنچە يەردە قالماس(قىز بالا ئەرسىز قالماس، تۆشۈك مارجان يەردە قالماس). بۇ ماقال كىنىزەكلەر قىز پېتىچە تۇرۇۋەرمەيدۇ. ئۇلارغىمۇ ئۆيلىنىدىغان ئادەم چىقىدۇ، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. »(3 ـ توم، 39 ـ بەت).

## 2. قىممەت مەنىسىدىكى قىز

قىز ئاتالغۇسى بىلەن ئوخشاش ئاھاڭ، ئوخشاش تەلەپپۇزدا ئېيتىلىپلا قالماي، يەنە ئوخشاش يېزىلىدىغان ھەم «قىممەت» مەنىسىدە كېلىدىغان «قىز» ئاتالغۇسىمۇ بار. «kïz . قىز. قىممەت. قىز نەڭ ـ قىممەت نەرسە، بۇ ئاتنى قىز ئالدىم ـ بۇ ئاتنى قىممەت ئالدىم» (1 ـ توم، ـ 426 ـ بەت) دېيىلگەن ئۈچۈردىن مەلۇمكى، ئېھتىمال قىممەت مەنىسىدىكى «قىز» قىزلارنىڭ ئېيپىتىنى يوقاتمىغان ۋاقىتلىرىدىكى ئاتىلىشىدىن ئېلىنغان بولسا كېرەك. «دىۋان»دا ھەر ئىككى مەنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن، قىز (جىنس)ۋە قىز(قىممەت) سۆزى مۇنداق بىر ماقالدا تىلغا ئېلىنغان. «قالىڭ مال. ماقالدا مۇنداق كەلگەن. قالىڭ بەرسە قىز ئالار كېرەك بولسا قىز ئالار — قالىڭ مال بەرسە قىز ئالار، كېرەك بولسا قىممەتكە ئالار. قالىڭ مال بەرسە قىز كېلىن ئالىدۇ، بىر نەرسىگە ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەم ئۇ نەرسە زۆرۈر بولغاچقا قىممەت باھادا بولسىمۇ ئالىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

بەردىم ساڭا قالىڭ
ئەمدى مۇنى ئالىڭ
ئەمگەك مەنىڭ بىلىڭ
ئوغرار تۈگۈر بارغالى

كىيۇغۇل قېيىنئاتىسىغا: مەن ساڭا قالىن مال بەردىم، بۇنى ئال، بۇ مالنى توپلاشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىرىمنى بىل› دېدى. قېيىنئاتا: ‹ئۇ بېرىش ئالدىدا تۇرىدۇ›دېدى » (3 ـ توم، 508 ـ بەت). شۇ دەۋرلەردىكى ئادەت بويىچە ئوغۇل ئىنتايىن كۆپ بولغان مال ـمۈلۈكنى قىزلىق مال سۈپىتىدە تەييار قىلغاندىلا

تويى قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغان. قىز ئېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ مال دۇنيا توپلاپ كەلگەن يىگىت ئۈچۈن بولغۇسى ئايالى ھەققەتەن قىممەت توختايدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن تارتقان جاپاسى يۇقىرىقى قوشاقتىن مەلۇم بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىنمۇ ئېپپەتلىك قىز ئېلىش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان قالىڭ مالنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىدەك بايانىدىن قىممەت مەنىسىدىكى «قىز» ئاتالغۇسىنىڭ يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارنىڭ نامىدىن ئېلىنىپ، قىز ئۈچۈن تەييارلانغان مۈلۈكنىڭ يىگىتكە ئوڭاي توختىمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆچمە سۆز ئورنىدا قوللىنىدىغانلىقىنىمۇ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا « بۇ ئەسلىدە ‹بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز› دېگەن بولىدۇ. باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ ئېيتىلىدىغان كۆچمە مەنىلەردۇر» (1 - توم، 427 - بەت)، دېگەن ئۈچۈرنى دەلىل سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

«دىۋان»دا قىممەت مەنىسىدىكى «قىز» ئاتالغۇسى جۈملىلەردە تۈرلىنىپ «قىزلاندى - قىممەت كۆردى، قىممەت ساندى» (2 - توم، 366 - بەت)، (3 - توم، 275- بەت)، «قىزۇدى - قىممەتلىدى، باھاسى كۆتۈرۈلدى» (3- توم، 361 - بەت)، دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ جۈملىلەردىكى مەنالاردا شۇ دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ سودا ۋە ئېلىم بېرىم ئەھۋالى ئەكس ئەتكەن.

## 3. جىنس، قېرىنداشلىق مەنىسى

قىز ئاتالغۇسى جىنس، ئېپپەت، تۇغقاندارچىلىق، ياش مەنىلىرىنى تەڭ يۈكلەپ كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، ئەرلەرگە نىسبەتەن يۈزى ئېچىلمىغان، تويى قىلىنمىغان ياش يات جىنسلارنىڭ، ئەر - ئاياللارغا نىسبەتەن قانداشلىقى بولغان ياكى بولمىغان، تويى يېشىغا يەتكەن ياكى يەتمىگەن قىزلارنىڭ نامىدىن ئىبارەت. « kïz. قىز. مەنىڭ قىزىم - مېنىڭ قىزىم»(1 - توم، 427 - بەت)» ئاتا - ئانا بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى بايان قىلىپ كەلگەن جۈملىدىن ئىبارەت. قىز ئاتىقى ئاياللارنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلىنى كۆرسىتىپ كەلسىمۇ، يەنىمۇ ئىنچىكىلىگەندە بۇ ئاتاققا ھەرخىل مەنالار يۈكلەنگەن. قىز ئاتالغۇسى ئاتا ئانىغا نىسبەتەن پەرزەنت، ئاكا - ئۇكىلا، ئەگىچە - سىڭىللارغا نىسبەتەن قېرىنداش مەنىسىدە كېلىشتىن باشقا، ئەخلاق ۋە فىزىيولوگىيەلىك تەرەپتىكى ئەڭ چوڭ مەنىسى«ئېپپەت»دۇر. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئىزاھات قىممەتلىك ئۈچۈرلارنى يەتكۈزىدۇ. «kïz . قىز. مەنىڭ قىزىم - مېنىڭ قىزىم. ئەۋ قىزى - ئۆيى قىزى، يىنچكە قىز بويىغا يەتكەن قىز، بۇ سۆز ئازاد قىزلارغا قوللىنىلغاندەك، سېتىۋېلىنغان چۆرىلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە ‹بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز›دېگەن بولىدۇ. باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ ئېيتىلىدىغان كۆچمە مەنىلەردۇر»(1 - توم، 427 - بەت). يۇقىرىقى ئىزاھاتتىكى «مەنىڭ قىزىم»دېيىلگىنى قىز ئاتالغۇسىنىڭ قانداشلىق نۇقتىسىنى چىقىش قىلىپ قوللىنىلغان ئاتالغۇغا ياتىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرسە، «ئەۋ قىزى - ئۆيى قىزى»، « يىنچكە قىز - بويىغا يەتكەن قىز. بۇ ئەسلىدە ‹بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز› دېگەن بولىدۇ. باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ ئېيتىلىدىغان كۆچمە مەنىلەردۇر» دېيىلگىنى بۇ ئاتالغۇنىڭ ئېپپەت مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

## 4. قىزلارنىڭ بوۋاقلىق، بالىلىق مەزگىلىدىكى ئاتاقلىرى

«دىۋان»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، «قىز» ئاتالغۇسى ئالدى بىلەن جىنس نۇقتىسىدا تۇرۇپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئاندىن قالسا ياش، ۋاقىت، تۇغقاندارچىلىق قاتارلىق تەرەپلەردە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايان قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاتاق نامى بىلەن ئايان بولىدۇ.

«دىۋان»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، «قىز»ئاتىقىنىڭ قوللىنىش دائىرىسى جىنسلارنى پەرقلەندۈرۈش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. قىز ئاتالغۇسى بوۋاقلىق مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى تويى قىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاتىلىدىغان نامغا ئايلانغان. قىز ئاتىقى ھەرخىل شېۋىلەردە ھەرپ ئالمىشىش

سەۋەبلىك باشقىچە تەلەپپۇز قىلىنغان. « قايىۇ. قايىسى. بۇ سۆز ‹خايىۇ›دەپمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ‹ق› ھەرپىنىڭ ئورنىغا ‹خ›ئالماشقان. ئوغۇز ۋە قىپچاقلار‹ق›نى ‹خ›غا ئايلاندۇرۇدۇ. ئۇلار ‹خالاچ› لاينىڭ بىر تەبىقىسى. تۈركلەر ‹قىزىم›دېسە، ئۇلار ‹خىزىم›دەيدۇ. تۈركلەر ‹نەدە ئىدىڭ›دېگەن سۆزنى ‹قاندا ئەردىڭ›دېسە، ئۇلار ‹خاندا ئەردىڭ› دەيدۇ»(3 ـ توم، 301 ـ بەت). بۇ بايانىدىن مەلۇمكى، قىز ئاتالغۇسى ئوغۇز ۋە قىپچاق قەۋملىرىدىن باشقا، تۈركىي تىللىق قەۋملەرنىڭ تىلىدىكى ئورتاق ئاتالغۇ ھېسابلانغان.

«دىۋان»دا نۇرغۇنلىغان مەنالار«قىز»ئاتالغۇسى بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. تۈركى تىللىق قەۋملەرنىڭ قەدىمكى ئادەتلىرىگە قارىغاندا ھەممە ئىشنىڭ تۇنجىسى، جۈملىدىن توي قىلىش، پەرزەنت كۆرۈش قاتارلىق تەرەپلەردە تۇنجىسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن ۋە ئەتىۋارلانغان. «تۇن. تۇنجى. مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز بولسۇن خوتۇننىڭ تۇن بالىسى، تۇنجى قىز ‹تۇن قىز› دېيىلىدۇ »(3 ـ توم، 188 ـ بەت). ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بالىسى قىز بولسا باشقىچە ئاتالغان. ئەمما مەيلى تۇنجى بالىسى ياكى ئىككىنچى، ئۈچىنچى بالىسى توغرىسىدا بالا تۇغۇلۇش بىلەن مەيلى قىز ياكى ئوغۇل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئالدى بىلەن خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەر تىلىدىن بېرىلىدىغان قائىدىگە ئايلانغان بىر خىل ئاتالغۇنىڭ بارلىقىدىن، يەنى قىز بوۋاقلارنىڭ «تىلكۈ» ئاتالغۇسى بىلەن باشقىلارغا ئايان بولىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولىمىز. «تىلكۈ. تۈلكە. بۇ سۆز كىنايە تەرزىدە ‹قىز بالا›دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىر خوتۇن تۇغسا تۇغۇت ئانىسىدىن ‹تىلكۈمۇ تۇغدى ئازۇ بۆرىمۇ ـ تۈلكە تۇغدىمۇ ياكى بۆرىمۇ؟› دەپ سورايدۇ. بۇ ‹قىز تۇغدىمۇ، ئوغۇلمۇ؟› دېگەن بولىدۇ. قىز بالا ناھايىتى شەيتان ۋە يىلىنچاق بولغىنى ئۈچۈن تۈلكىگە، ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن بۆرىگە ئوخشىتىلىدۇ»(1 ـ توم، 559 ـ بەت). بىز بۇنىڭدىن قىز جىنس نامىنىڭ دەسلەپتە بىر پەرھىز ئاتالغۇلىقىدىن خەۋەردار بولىمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە تۇغۇلغان قىز بوۋاقلار بوۋاق مەزگىلىدە «كەنىچ»دەپ ئاتالغان. « سورۇتتى. شوراتتى. ئەمدۈردى، ئېمىتتى. پۈرۈشتۈردى. ئۇراغۇت كەنچكە سۈت سورۇتتى ـ خوتۇن بالىغا سۈت شوراتتى. (ئېمىتتى) »(2 ـ توم، 444 ـ بەت). «ئەمسەدى. ئەمگۈسى كەلدى. كەنچ ئاناسىن ئەمسەدى — بوۋاقنىڭ ئانىسىنى ئەمگىسى كەلدى»(1 ـ توم، 367 ـ بەت). «دىۋان»دا ئاياللارنىڭ كىچىك بالىلارنى بۆشۈككە بۆلىشى ۋە ئېمىتىشى ھەققىدە «كەنىچ» ۋە «ئوغلان» دېيىلىدىغان ئىككى خىل ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغان. «ئوغلان» ئوغۇللارنى كۆرسىتىپ كەلگەن. «كەنىچ. بالا»(3 ـ توم، 594 ـ بەت) ئاتالغۇسى بولسا ئوغۇل ۋە قىز بوۋاقلارنى ئورتاق ئاتاشقا قوللىنىلغان. بۇ ئاتالغۇ بوۋاقلار سۈت ئېمىشتىن توختىغىچە ئارىلىقتا قوللىنىلغان.

قىزلارنىڭ بوۋاقلىق مەزگىلىدىن ئۆتۈپ بالىلىق مەزگىلىگە قەدەم باسقاندىن كېيىن قايسى نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەمما بالىلىق مەزگىلى ياسىنىش، كىيىنىش بىلەن بوۋاقلىق مەزگىلىدىن پەرقلەنگەچكە تۆۋەندىكى بايانىنى قىزلارنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى ھالىتىگە مىسال ئېلىشنى لايىق تاپتۇق. «كەسمەلەندى. كەسمىلىك بولدى، كۇكۇلا قويدى. قىز كەسمەلەندى ـ قىز كوكولا قويدى» (3 ـ توم، 281 ـ بەت). « ئۆرگۈچلەندى. ئۆرۈمە چاچلىق بولدى. قىز ئۆرگۈچلەندى ـ قىزنىڭ چېچى ئۆرۈمگە كىردى، يەنى قىز ئۆرۈمە چاچلىق بولدى»(1 ـ توم، 411 ـ بەت).

## 5. قىزلارنىڭ ئەركىلەتمە ئاتاقلىرى

بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىلىدىكى قىزلارنىڭ باللارچە سەبىي، تاتلىق قىلىقلىرى، زېرەكلىكى باللارغا خاس ئاتاق ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. « əgəq. ئېگىچ. ئۆزىنىڭ ئەقىللىكى ۋە زېرەكلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئۆز سىڭلىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق. بۇ سۆز قىزچاقلارغا ئامراقلىقى كېلىش ۋە ئەركىلىتىشكە ئىشلىتىدۇ. »(1 ـ توم، 73 ـ بەت). «anaq . ئاناچ. كىچىك بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئۆز ئانىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق. ئانىقىز. بۇ سۆز قىزلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ئىپتىلىدو»(1 ـ توم، 74 ـ بەت). ئۆز قىزلىرىنى ئەركىلىتىش، ئامراقلىق قىلىش توغرىسىدىكى نام ئاتاقلار ھەققىدە ئاتا ـ ئانىلار

تىلىدىنمۇ بېرىلگەن بەزى ئاتالغۇلار شۇ دەۋردە ئىشلىتىلگەن. « قىيا. تولدۇرۇپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەردە ياكى تەركىبىدە ‹غ› ‹ق› ھەرپلىرى بولغان سۆزلەردە قوللىنىدىغان كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى. ئوغۇلقىيا - ئوغۇلچىقىم. قىزقىيا - قىزچىقىم»(3 - توم، 233 - بەت)، دېگەندەك.

## 6. ياشلىق، گۈزەللىك، چىراي خۇلقىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتاقلار

قىزلارنىڭ باللىق مەزگىلىدىن ياشلىق مەزگىلىگە ئۆتكەن ۋاقىتلىرىنى بىلدۈرىدىغان مۇنداق بايانلار بار. «بۆكسۈكلەندى. كۆكرەكلەندى. كۆكسى كۆتۈرۈلدى. قىز بۆكسۈكلەندى - قىزنىڭ كۆكسى كۆتۈرۈلدى. كۆكرىكى چوڭايدى»(2 - توم، 404 - بەت). «كۆركەتتى. كۆركەملەشتى. گۈزەللەشتى. قىز كۆركەتتى - قىز كۆركەملەشتى، يەنى قىزنىڭ رەڭگى روھى چىرايلىق بولدى. بۇنىڭ ئەسلى ‹كۆركەزتى› (2 - توم، 498 - بەت). « قىرتىشلاندى. چىرايلىقلاشتى. قىز قىرتىشلاندى - قىز چىرايلىقلاشتى، چىرايلىق بولدى» (2 - توم، 396 - بەت). بۇ مەزگىللەردىكى قىز ئاتالغۇسىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى «بويىغا يەتكەن، ياتلىق بولمىغان، ئىپپەتلىك بار قىز » ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئاتا - ئانىلار پەرزەنت نۇقتىسىدىن كېچىك قىزلىرىنى قىزىم دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، قىز سۆزىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك مەنىسى كىچىك ۋاقىتلاردىكى ئاتاشنى ئەمەس، بەلكى كۆپ ۋاقىتلاردا بويىغا يەتكەن ۋاقىتلاردىكى ھالىتىنى بايان قىلىشقا ئىشلىتىلگەنلىكى بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. قىز ئاتالغۇسىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ياشلىق مەزگىلىدىكى بويىغا يەتكەن قىزلارنى ئىپادىلەيدىغان نام ئاتاقلارمۇ «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنىدۇ. قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ئالدى بىلەن پۈتۈن بەدىنىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئەكس ئەتكەن بولۇپ، «دىۋان»دا زىلۋا، يېڭىچكە قىزلار ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇماتلاردىن شۇ ۋاقىتلاردىكى گۈزەللەرنىڭ قىياپىتى ھەققىدە بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىمىز. «دىۋان»دا ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغان قىزلارنىڭ ياشلىقى يەنە تالغا ئوخشىتىلىپ تىلغا ئېلىنىدۇ. «تال. زىلۋا بويلۇق كىشىمۇ زىلۋالىقتا تالغا ئوخشىتىلىپ ‹تال بوزلۇغ› دېيىلىدۇ، بۇ سۆز كۆپىنچە زىلۋا، نازۇك بۇيلۇق قىزلارغا ئىشلىتىلىدۇ. » (3 - توم، 214 - بەت). نازۇك قىزلار «يىنچكە. يىڭىچكە، ئىنچىكە، نازۇك. يىنچكە قىز - نازۇك قىز. »(3 - توم، 519 - بەت)دەپ ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ھەققىدە «يىنچكە قىز - بويىغا يەتكەن قىز، بۇ سۆز ئازاد قىزلارغا قوللىنىلغاندەك، سېتىۋېلىنغان چۆرىلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە ‹بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز›دېگەن بولىدۇ. باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىشىپ ئېيتىلىدىغان كۆچمە مەنىلەردۇر»1 - توم، 427 - بەت).

يۇقىرىقى «يىنچكە» ۋە «تال بوزلۇغ» ئاتالغۇسى بويىغا يەتكەن، يۈزى ئېچىلمىغان قىزلارنى سۈپەتلەپ، قىياپەت، گۈزەللىك تەرەپلەردىن باشقا، يەنە مەنا جەھەتتە ئىپپەتلىك بار قىزلارنى كۆرسىتىپ كېلىشى بىلەن قىممەتلىكتۇر. مەنا جەھەتتە ئىپپەتلىك قىزلارنى بايان قىلىدىغان يەنە بىر ئاتالغۇ «ئۇۋ قىزى - ئۆي قىزى»(1 - توم، 427 - بەت)، دېگەن ئىبارىگە قارىغاندا قىزلار بويىغا يەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشقا چىقىشتىن بۇرۇن ئۆيدىن ئايرىلماي ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقان.

## 7. توي مەزگىلىدىكى ئاتاقلىرى

بويىغا يەتكەن، توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزلار ھەققىدە « قولۇشدى. سوراشتى. ئۇلار ئىككى قىز قولۇشدى - ئۇلار ئىككىسى قىز سوراشتى. يەنى قۇدىلاشماقچى بولدى. »(2 - توم، 151 - بەت)دىن كېيىن « ئەگەتلەندى. ئېگەتلەندى. قىز ئەگەتلەندى- قىز ئىگەتلىك بولدى، يەنى كېلىن بولغۇچى قىز ئۆزى بىلەن بارىدىغان خىزمەتچىگە ئىگە بولدى» (1 - توم، 383 - بەت) دېيىش ئارقىلىق توي مۇراسىمىدىن ئاۋۋال يەنىلا قىز ئاتىقى بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەن.

قىزلارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى تويى بىلەن باشلانغان. « ئەگەتلىك. ئەگەتلىك قارا باش - نىكاھ

كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە ئەۋەتىلىدىغان دېدەك. كېلىننىڭ ئۆزىمۇ ‹ئەگەتلىك› دېيىلىدۇ. »(1 - توم، 204 - بەت) دېگەن باياندىن قىزلارنىڭ توي كۈنىدىكى يېڭىچە سالاھىيەت ئاتىقى «ئەگەتلىك» ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە بولىمىز. بۇ نامنىڭ مەنىسى ھەققىدە ««ئەگەتلىك» سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئەگەر قاتتىق «ك» كەلسە، بۇ سۆز ‹كېلىنگە خىزمەت قىلىدىغان دېدەك › دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر يۇمشاق ‹گ› بىلەن كەلسە، ‹خىزمەتچى دېدەكنىڭ ئىگىسى بولغان كېلىن› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. » (1 - توم، 205 - بەت) دېيىلگەن بايان بىزگە بۇ ئاتاقنىڭ تويى بولغان قىزنىڭ ئۆز ئېرىگە نىسبەتەن«خىزمەتكار» ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن بۇ ئاتالغۇ ئىقتىسادى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىنىڭ توي كۈنىدىكى ئاتاق نامى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى خىزمەتكار يالاش ئادەتتىكى ئائىلە قىزلىرىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

قىزلارنىڭ توي كۈنىدىكى ئورتاق ئاتاق نامى ۋە ئۆز ئېرىنىڭ ئائىلىسىگە نىسبەتەن ئاتىقى — «كەلىن. كېلىن»(1 - توم، 526 - بەت) دۇر. توي كېچىسىدىن كېيىن سالاھىيىتى جەھەتتە« قۇزۇز. چوكان »(1 - توم، 474 - بەت)ئاتىقى تويدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ياش مەزگىلىگىچە بولغان ئاتاق نامى بولۇپ قالغان.

قىز ئاتىقى يەنە بەزىدە تويدىن كېيىنمۇ قوللانغان. ئەمما نام ـئاتىقىنى ئەمەس، تۇغقاندارچىلىق سالاھىيىتى چىقىش قىلىنغان. ئاتا ـئانىسىغا نىسبەتەن قىز مەڭگۈ پەرزەنتى بولۇپ ھېسابلانغاچقا ئاتا ـئاتا تىلىدا قىز، قىزىم دەپ ئاتالغان. «تۆركۈن. ئۇرۇق - ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ توپلىنىدىغان يېرى؛ ياتلىق قىلىنغان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى. قىز تۆركۈنگە كەلدى - قىز ئاتا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى»(1 - توم، 576 - بەت). دېيىلگىنىدەك. «ئۆگەي. ئۆگەي ئاتا، ئۆگەي ئوغۇل، ئۆگەي قىز»(1 - توم، 166 - بەت) دېيىلگىنىگە قارىغاندا قىزلار توي قىلىپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتسۇن، باللىق بولسۇن، مەيلى ئۆز، مەيلى ئۆگەي بولسۇن ئاتا - ئانىسىغا نىسبەتەن تۇغقاندارچىلىقنى بىلدۈرۈپ قىز دەپ ئاتالغان. ھەتتا بېقىۋېلىنىش ئارقىلىق تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن ئەھۋالدىمۇ بۇ ئاتالغۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن، «ئول ئانى قىزلاندى - ئۇ ئۇنى ئۆز قىزلىرى قاتارىدا كۆردى»(3 - 275 - بەت).

خۇلاسىلىسەك: قىز ئاتىقى ھەرخىل مەنىلەردە كەلگەن بولسىمۇ، بۇ مەنالار بىر - بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەدىمكى دەۋردىكى تىلىمىزدىكى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ مەلۇم بىر يىلتىزدىن شاخلاشتەك ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. قىز ئاتالغۇسىنىڭ قوللىنىش دائىرىسى، مەنا چاستوتىسى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىپلا قالماي، يەنە قەدىمكى دەۋرلەردىكى قىزلارنىڭ فىزىيولوگىيەلىك بەدەن ئۆزگىرىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى نام ئاتاقلىرىنىڭ قوللىنىش ئەھۋالى ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بېرىش بىلەن قىممەتلىكتۇر.

## پايدىلانمىلار:


1. مەھمۇد كاشغەرىي :«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى بىرىنچى نەشرى، 1 - توم.
2. مەھمۇد كاشغەرىي : «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىلى بىرىنچى نەشرى، 2 - توم.
3. مەھمۇد كاشغەرىي :«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىلى بىرىنچى نەشرى، 3 - توم.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 097 ـ 03(2017) 5878 ـ 1005


# بىر قىسىم ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ھەققىدە*


ئىلھام نىزام

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ھاياتلىق پەن ـ تېخنىكىسى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)



**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم سۆزلەر تىل تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز تىل بايلىقىمىز ئاساسىدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، «يېتىلە» سۆزى «ئىت» سۆزىدىن، «قوغلا» سۆزى «قوي» سۆزىدىن، «ياڭاق» سۆزى «يانماق (كۆيمەك)» سۆزىدىن، «قايماق» سۆزى «قاق» سۆزىدىن، «ئاچچىق» سۆزى «ئوچۇق» سۆزىدىن... كەلگەن؛ «قاشتېشى» پەقەتلا «دەريانىڭ قاش (قىرغاق) قىسمىدا بولىدىغان تاش» دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «يۇرۇڭقاش» ۋە «قاراقاش» دېگەن ئىككى سۆز ئايرىم-ئايرىم ھالدا دەريا (ئېقىن)نىڭ «شەرقىي قىرغىقى» ۋە «غەربىي قىرغىقى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ....

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تىلى؛ تىل ئامىللىرى؛ قويلا؛ يۇرۇڭقاش


## 浅谈部分维吾尔词语来源


伊力哈木 · 尼扎木



**摘要：** 维吾尔语的绝大部分词汇是根据语言发展规律由本语言的资源为基础而形成的。比如，"يېتىلە" (引导，牵引)这一词源自 "ئىت" (狗)这一词汇，"قوغلا" (追赶，赶走)源自 "قوي" (羊)，"ياڭاق" (核桃) 源自 "يانماق/كۆيمەك" (燃烧)，"قايماق" (奶皮)源自 "قاق" (干尔)，"ئاچچىق" (辣，苦)源自 "ئوچۇق" (开着)"；"قاشتېشى" (玉石)这一词最初只表示 "河岸上的石头"，而 "يۇرۇڭقاش" (玉龙喀什)和 "قاراقاش" (墨玉)两个词分别表示两个巨大河流的 "东岸"，"西岸"...

**关键词：** 维吾尔语；语素；"قويلا"；"يۇرۇڭقاش"



**Abstract:** The vast majority of Uyghur vocabulary is evolved on the base of its own language resources according to general law of language development. For example, the word "yétile (guidance, traction)" came from the word "it (the dog)", the word "qoghla (catch-up, force out)" came from "qoy (sheep)", the word "yangaq (Walnut)" came from "yanmaq/köymek (burning)", the word "qaymaq (creme)" came from "qaq (dried)", the word "achchiq (spicy, bitter)" came from "ochuq (opened)"; initially meaning of the word "Qashtashi (jade)" is "the rocks on the bank", and the names of two rivers--- "Yurungqash" and "Qaraqash", refers "the east side" and " the west side" of a huge stream respectively.

**Keywords:** Uyghur language; morpheme; qoyla; Yurungqash



كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: P28　　　ماتېرىيال بەلگىسى: A


ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈرك تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ تىل ئائىلىسىدىكى ئاساسلىق بىر تىل تارمىقىدۇر. ئۇ ئۇزۇن تارىخىي زامانلار جەريانىدا نۇرغۇن بوران - چاپقۇنلارنى، ئىسلاھات ـ تاسقىلىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا گەرچە نۇرغۇن يات تىل ئامىللىرى، بولۇپمۇ سۆز تەركىبلىرى ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ گىراماتىكا ئالاھىدىلىكى ۋە سۆز ئامبىرىنى چوڭ جەھەتتىن ساقلىغان ئاساستا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

تىل، ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىش قورالى بولۇش سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئۇلى قىلىدۇ. ئىپتىدائىي زامانلاردىكى نىسپىي بېكىنمە ھالەتتە،

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئىلھام نىزام (1962ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان) ، بىيوخىمىيە ئوقۇتۇشى ۋە سۆزلەمشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر تىلنىڭ تەرەققىياتى كىچىك بىر دائىرىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، يەنى، مەلۇم بىر يېڭى سۆزنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھامان ئالدى بىلەن ئەنە شۇ كىچىك دائىرە ئىچىدىن ئېلىنغان ئەسلىدىن بار بولغان سۆز ئامىللىرىنىڭ قايتا گۇرۇپپىلىنىشىدىن كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدىن بار بولغان تىل ئامىللىرى دەل مەن دېمەكچى بولغان سۆز مەنبەسىدۇر.

## 1. «-لا» («-لە») قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن شەكىللەنگەن سۆزلەر

تىلىمىزدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىنتايىن مول. بۈگۈنكى ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا ياكى چەت تىللاردىن تەييارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشكە مۇھتاج بولىدىغان ئۇچۇر دەۋرىدە، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قېزىش، تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «-لا» («-لە») قوشۇمچىسى ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۆز ياساش ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر خىل سۆز ئارقا قوشۇمچىسىدۇر.

**1) ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىن ياسالغان سۆزلەر**

ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە «-لا/-لە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىشتىن ھاسىل بولغان سۆزلەر بىرقەدەر يىغىنچاق، يەنى ئۇلارنى باش قىسمىدىن ئاياق قىسمىغىچە تىزىش مۇمكىن:

باش + لا = باشلا

ئوي + لا = ئويلا

ئاڭ + لا = ئاڭلا

يۈز + لە + ن = يۈزلەن

كۆز + لە = كۆزلە

پۇر + لا = پۇرلا    پۇرا (بۇ سۆز «بۇرۇن» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «بۇرۇن» سۆزى ئەسلىدە ھايۋانلار، مەسىلەن ئات-ئېشەكلەر، پۇرقىرىغاندا چىقارغان ئاۋازغا ئاساسەن ياسالغان، ئەسلىي شەكلى «پۇرۇن» بولۇشى مۇمكىن. )

چىش + لە = چىشلە

تىل + لا = تىللا

گەۋدە + لە = گەۋدىلە

بوي + لا = بويلا

باغىر (بېغىر) + لا = باغىرلا (بېغىرلا)

قان + لا = قانلا    قانا

قول + لا = قوللا

جەينەك + لە = جەينەكلە

پۇت + لا = پۇتلا

تىز + لا = تىزلا (تىزلان)

ئاياق + لا = ئاياقلا (ئاياقلاش)

ئاق + لا = ئاقلا (گۆشنى شولۇپ ئاپئاق ئۇستىخىنىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا قارىتىلغان)

ئوڭ + لا = ئوڭلا («ئوڭ» سۆزى دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللاردا ئۇتۇق-مۇۋەپپەقىيەت (نىڭ يۆنىلىشى)نى بىلدۈرىدۇ.

**2) چارۋىچىلىقتىن كەلگەن سۆزلەر**

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن زامانلار چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان مىللەت بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا چارۋىچىلىق ھاياتىدىن كەلگەن سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ. بۇ يەردە مەن پەقەت «-لا/لە» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشىدىن شەكىللەنگەن سۆزلەرنىلا تىلغا ئالىمەن.

ئات + لا = ئاتلا، ئاتلان

قوي + لا = قويلا    قوغلا

ئىت + لە = ئىتلە    يىتلە    يېتىلە (يېتەكچى، يېتىلمەك...)

بۇ يەردىكى «ئات» سۆزى تىلىمىزدا ئىنتايىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە سۆز بولۇپ، ئەسلىي شەكلى (ئورخۇن ئابىدىلىرىدىنمۇ نۇرغۇن يىللار بۇرۇنقى شەكلى) :«ئالت» ئىدى (ئورخۇن تۇرك يېزىقىدا «ئالت» تاۋۇشى «م» شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ شەكىل يەنە «ئالتە» رەقىمىنىمۇ بىلدۈرگەن)، كېيىن «ل» ھەرپى چۈشۈپ قېلىپ «ئات»قا ئۆزگەرگەن[1]. ئات، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. سەپەرگە يۈرۈش ئۈچۈن ئات كېرەك بولىدۇ، يەنى، «ئاتلىنىش» --- سەپەرگە قەدەم تاشلاش دېمەكتۇر. تىلىمىزدا «ئات-ئۇلاق»تىكى «ئات»قا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، ئەمما

«ئىسىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر شەكىلداش سۆز بار. ئەسلىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بۇ سۆزنىڭ يىلتىزىمۇ يەنىلا «ئات-ئۇلاق»تىكى «ئات» (يەنى، «ئالت») بولۇشى كېرەك: كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئاتتىن ئايرىلالمايدىغان ئەجدادلىرىمىز، بالىلىرى «ئات مىنگۈدەك» بولغاندا بەلكىم مەلۇم بىر خىل مۇراسىم ئارقىلىق بالىلىرىغا «ئات» ئاتا قىلىشى مۇمكىن --- چوڭلار بالىلارغا «سەن ئەمدى ئاتلىق بولدۇڭ (ئات مىنگۈدەك بولدۇڭ، يەنى ئادەم بولۇپ يېتىلدىڭ)»، دەپ قۇتلۇقلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن «ئاتلىق بولۇش» دېگەن سۆز ئادەم بولۇش، ئەل ئارىسىدا مۇستەقىل كىشى بولۇش، ئۆز ئالدىغا نام-شۆھرەتنىڭ ئىگىسى بولۇش، دېگەندەك مەنىلەر بىلەن بىرگە، «نام-ئاتاق، ئىسىم» دېگەن مەنىگىمۇ ئېرىشكەن بولۇشى مۇمكىن.

قوي، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق ئوزۇق مەنبەسىدۇر. قويلارنى يايلاقمۇ يايلاق ھەيدەپ يۈرۈپ بېقىش ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىنچە «قوينى ھەيدىگەندەك ھەيدە» دېگەننى «قويلا» دەيدىغان بولغان. تۇرپان شېۋىسىدە تا ھازىرغىچە «قوغلا» دېگەن سۆز «قويلا» پېتى ئىشلىتىلىدۇ.

ئىت، ئىنسانلارنىڭ دوستى ۋە ياردەمچىسى، دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ چارۋىچىلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىتنىڭ رولى تېخىمۇ چوڭ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىت ھەرقانچە «ئىنسانلار دوستى» دېيىلسىمۇ، بىراق ئۇ بەرىبىر بۆرىنىڭ ئەۋلادى. شۇڭا كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرغان چاغدا قويۇپ بېرىپ ئىشلەتكەن بىلەن، باشقا ۋاقىتلاردا ئۇنى يەنىلا باغلاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، بولۇپمۇ ئىت ئۈچۈن ناتونۇش بولغان كىشىلەر ئالدىغا بارغاندا، ئىت ئىگىسى چوقۇم ئارغامچا بىلەن ئۇنى باغلىۋېلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن، دەسلەپتە «ئارغامچا بىلەن باغلاپ باشقۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئىتلە» دېگەن بىر سۆز شەكىللەنگەن، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ «ئىتلە» سۆزى «باشقۇر، يول كۆرسەت» دېگەن مەنىلەرگە ئېرىشكەن.

**3) تەبىئەت جىسىملىرى ۋە تەبىئىي هادىسىلەردىن كەلگەن سۆزلەر**

ئاي + لا + ن = ئايلان

تاش + لا = تاشلا

بۇلۇق + لا = بۇلۇقلا («بۇلاق» سۆزىمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇ سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك)

ئاي، بولۇپمۇ تولۇن ئاي (تولغان ئاي) يۇمىلاق (چەمبەرسىمان) بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز «چەمبەرسىمان ئىز قالدۇرۇپ ماڭماق ياكى ھەرىكەت قىلماق» دېگەن مەنىنى «ئايلانماق» دەپ ئىپادىلىگەن.

تاش، مەيلى يايلاقتا بولسۇن ياكى ئېتىزدا بولسۇن، كۆپ ھاللاردا كېرەكسىز، ئاۋارىچىلىق كەلتۈرگۈچى جىسىم بولۇپ، بىزنىڭ ئۇلارنى تاقاشمايدىغان بىر جايغا چۆرۈۋېتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، «چۆرۈۋەت» دېگەن مەنا «تاشلا» دەپ ئىپادە قىلىنغان ھەمدە تاشقا ئوخشاش ئېتىبارسىز، كېرەكسىز نەرسىلەر «تاشلىنىدىغان» بولغان.

ئەجدادلىرىمىز يەرنىڭ ئاستىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ «بۇلۇق، بۇلۇق ...» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا، «بۇلۇقلا] دېگەن سۆزنى ياساپ، سۇنىڭ يەرنى يېرىپ چىقىشىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن بولسا، «بۇلاق» دېگەن سۆزنى ياساپ ئەنە شۇ بۇلۇقلاپ چىققان سۇنىڭ مەنبەسىنى ئىپادىلىگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، بىر قىسىم شەكلىنى ئۆزگەرتكەن "-لا/-لە" قوشۇمچىلىرىمۇ بار. مەسىلەن، «ئۇچرا، ئالدىرا، كونىرا، ئەسكىرە» ۋە يۇقىرىدا ئۇچرىغان «پۇرا» دېگەن سۆزلەردىكى «-را/-رە»لەر دەل «-لا/-لە»لەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرىدۇر.

## 2. ھەرپلەرنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى سەۋەبىدىن ئەسلىي شەكلى نىقابلانغان سۆزلەر

قاپلاق قالپاق

پايقاپ پايپاق

ياغمۇر يامغۇر

قۇشچاق قۇشقاچ (بۇ سۆز تىلىمىزدا ئۇششاق قۇشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.)

كۆتلۈك كۆلتۈك كۇلتۈك

مايقاق قايماق

قاراغۇلاچ قارغىلاچ[2] قارلىغاچ

يايپلاق    يالپاق (ياپ + ئى + لاق = يايپلاق)

ساچرەت    ساچرات    ساتراچ[3]

ئاشقاپا    ئاشپاقا

زىق    قىز[4]

پاتېنت  پاتنېت (نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال)

بۇ سۆزلەرنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئالدىنقى تۆتىنى چۈشىنىش ئاسانغا توختايدۇ. چۈنكى، ئەگەر بىز «قاپ»، «پاي»، «ياغ»، ئەركىلىتىش، كىچىكلىتىش مەنىسىگە ئىگە سۆز ئارقا قوشۇمچىسى «ـچاق»لارنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى مەنىسىنى ئويلىغىنىمىزدا، «قاپلاق»، «پايقاپ»، «ياغمۇر»، «قۇشچاق» قاتارلىقلارنىڭ تىلنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە تېخىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

مەن بۇ يەردە يەنە ئارتۇق كەتمەس، دەپ، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «مۇر/مۇر»نى قىستۇرۇپ ئۆتمەكچى: بۇ قوشۇمچە، پېئىللاردىن شۇ پېئىللار ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ئىگىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ، يەنى، ئۇنىڭ مەنىسى «...غۇچى»دىن ئىبارەت. مەسىلەن:

ياغ + مۇر = ياغمۇر

كۆي + مۇر = كۆيمۇر (ھازىرقى تىلىمىزدىكى شەكلى «كۆمۈر»)

ئۆس + مۇر = ئۆسمۈر

كۈلتۈك ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان بۆشۈكنىڭ بىر جابدۇقى. «كۈلتۈك» سۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلى «كۆتلۈك»تۇر. مېنىڭچە، پاكىزە، قولاي بولۇشىنى كۆزلەپ، بوۋاقنىڭ «كۆت»ىگە ئېسىپ قويۇلغان نەرسە، چوقۇم «كۆتلۈك» دەپ ئاتىلىدۇ، كېيىن «كۆتلۈك» سۆزىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، يەنى «ت» ھەرپى بىلەن «ل» ھەرپى ئورۇن ئالماشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى سەۋەبىدىن «ئۆ» ھەرپى «ئۈ» ھەرپىگە ئالمىشىپ «كۈلتۈك» شەكىللەنگەن.

سۈت ئەجدادلىرىمىز تۇرمۇشىدا كەم بولمايدىغان ئوزۇقلۇق. كىشىلەر ئەگەر ئىشلىتىپ تۈگەتەلمىگەن سۈتنى قاچا بىلەن قويۇپ قويغىنىدا، سۈتنىڭ يۈزىدە بىر قەۋەت مايىنىڭ قېتىۋالغىنىنى سەزگەن ھەمدە ئۇنى «مايقاق» دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ سۆزدە ھەرپ ئالمىشىشى يۈز بېرىپ «قايماق»قا ئۆزگەرگەن.

ھازىرقى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»دە «قارلىغاچ» دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان سۆزنىڭ شەكلى ئەمەلىي ئەھۋالدىن يىراقلىشىپ كەتكەن. مەن تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ 1 ـ تومىدا ئۇشبۇ سۆزنىڭ «قارغىلاچ» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆردۈم. «قارغىلاچ»نى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي شەكلىنىڭ «قاراغۇلاچ» بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ يېتىمىز، يەنى بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى «قاپ-قارا غۇلىچىنى ئاچقۇچى» بولىدۇ. ئىش بۇ يەردە توختىمايدۇ ـــ «غۇلاچ» دېگەن نېمە؟ «غۇلاچ» سۆزىمۇ تۈركىي تىللار دىۋانىدا خاتىرىلەنگەن: «قۇلاچ، بۇنىڭ ئەسلى «قول ئاچ» دېگەن بولىدۇ»[5]. دېمەك، «قارلىغاچ» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىش يولى مۇنداق:

قارا + قول + ئاچ = قاراقولئاچ قاراغۇلاچ

قاراغىلاچ    قارالىغاچ    قارلىغاچ    قالىغاچ

قارالىغاچ (ئاخىرقىسى يېقىنقى تىلنى قېلىپلاشتۇرۇشتا بېكىتىلگەن)

(ئاخىرقى ھېسابتا، بۇ قۇشچاقنىڭ نامى ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۆزىنىڭ ئەسلىي مەزمۇنىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن، گەرچە شەكىل جەھەتتىن تارىختىكى بىر ھالىتىگە ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ. )

ئەمدى «ياپىلاق» سۆزىگە كېلەيلى. «ياپىلاق»نىڭ تومۇرى «ياپ»نىڭ مەنىسى «بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىنى، تاشقى كۆرۈنۈشىنى توسماق ياكى ئەتمەك»تۇر (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى). يېپىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە نېپىز، يۈزى كەڭ نەرسە ئىشلىتىلىدۇ، «ياپىلاق» سۆزى دەل مۇشۇنداق نەرسىنىڭ تەسۋىرىدۇر. نېپىز، يۈزى كەڭ نەرسىلەر ئادەتتە ناھايىتى يېنىك بولۇپ، شامالدا ئاسانلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلەلەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن، تۇرپاندا «كېپىنەك»، «لەگلەك»لەر «يوپۇلاق» دېيىلىدۇ. «يوپۇلاق» سۆزىنىڭ «ياپىلاق»تىن كەلگەنلىكى ئېنىق. بىراق، «يوپۇلاق» سۆزى تۇرپاندا «ئۇچارقانات» دېگەن سۆزگە ئوخشاپ كېتىدىغان تېخىمۇ كەڭ مەنىگە ئىگە. مەسىلەن، تۇرپاندا «شەپەرەڭ» دېگەندەك ئاتالغۇلار

ئىشلىتىلمەي، «چاشقانىيوپۇلاق»، «مۈشۈكيوپۇلاق»لار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئىملا لۇغىتىدە بۇ ئىككى سۆز «چاشقانياپىلاق»، «مۈشۈكياپىلاق» دەپ ئېلىنغان. مېنىڭ بۇ توغرىلىق تالاشقۇم يوق. بىراق، دېمەي تۇرالمايدىغىنىم: بۇ ئىككى سۆزدىكى «ياپىلاق» ئىسىم ئەمەس، بەلكى سۈپەتتۇر. سۈپەت بولغان ئىكەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە، بۇ ئىككى سۆز چوقۇم «ياپىلاقچاشقان»، «ياپىلاقمۈشۈك» شەكلىدە بولۇشى كېرەك ئىدى! پەقەت كېيىنكە ئۇلانغىنى ئىسىم بولغاندىلا، يەنى، «ئۇچارقانات» مەنىسىدىكى «يوپۇلاق» بولغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان «چاشقانىيوپۇلاق»، «مۈشۈكيوپۇلاق»لارنى ياساش مۇمكىن. . «ياپىلاق» بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر سۆز «يالپاق». بۇ سۆزمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان قانۇنىيەت بويىچە «ياپىلاق»تىن ئۆزگەرگەن: ياپىلاق ياپلاق يالپاق. «يوپۇرماق» سۆزىنىڭمۇ «ياپ» سۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خېلى روشەن --- «يوپۇرماق» دەرەخقە نىسبەتەن قۇياش نۇرىنى يىغىپ ئىشلىتىش ئاپاراتىدۇر، ئادەملەرگە نىسبەتەن بولسا، قۇياش نۇرىنى توسىۋالغۇچى، يەنى ئادەملەرنى يېپىۋالغۇچىدۇر: ياپۇرماق يوپۇرماق.

«ساچرەت»نىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى «ھەيزدىن تارىمغىچە» ماقالىدىن كۆرگەيسىز[3].

«ئاشپاقا» سۆزى، مېنىڭچە بولغاندا، «قاپقا ئوخشاش ئاسان توشمايدىغان» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «ئاشقاپا» دېيىدىغان بىر سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن.

«زىق قىز»، «ئاقۇز ئازۇق (ئوزۇق)» ئۆزگىرىشلىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى (1- توم)»نىڭ باش قىسمى (7- بەت)دا خاتىرىلەنگەن، بۇ يەردە پەقەت سۆزدە ھەرپلەرنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىنىڭ بىر ئىسپاتى قىلىپ يېزىپ قويدۇم.

تىلىمىزدا ھەرپلەرنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىسى ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «پاتېنت» بىر ئىنگلىزچە سۆز بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ «تىلى كەلمەسلىك» سەۋەبىدىن «پاتنېت»قا ئۆزگەرمەكتە. (يۇقىرىدا دېيىلگەن ماقالىدە «پاتېنت» ئۇقۇمى ئۈچۈن «خاسنەپ» دېيىدىغان بىر سۆزنى قۇراشتۇرۇپ چىققان ئىدىم. ) ئوخشاشلا غەرپ تىللىرىدىن كىرگەن يەنە بىر سۆز «سىستېما»مۇ ھەرپلەرنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشىدىن «سېستىما»غا ئايلىنىپ قېلىشقا يۈزلەنگەن.

## 3. «قاپ» سۆزىدىن ياسالغان سۆزلەر

«قاپ» سۆزى تىلىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇن ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى سۆز يىلتىزى قىلىپ ياسالغان سۆزلەر ئىنتايىن كۆپ.

قاپ + لاق    قاپلاق    قالپاق («قاپلاق» --- باشنى قاپلاپ تۇرغۇچى)

پاي + قاپ    پايقاپ    پايپاق [«پايقاپ» --- پاي (پۇت)نى قاپلاپ تۇرغۇچى]

مۇ + قاپ + ئا    مۇقاۋا («قاپ» سۆزىگە كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدىغان سۆز ئالدى قوشۇمچىسى «مۇ-»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. )

قاپ + ز    قاپز    قەپەز[3]

قاپ + ئا    قاپا    خاپا

قاپ + چا    قاپچا    قاچا

قاپ + ئاق    قاپاق

قاپ + ئۇق    قاپۇق    قاۋۇق    قوۋۇق

نى + قاپ    نىقاپ

قاپ + قان    قاپقان

ئاش + قاپ + ئا    ئاشقاپا    ئاشپاقا

قاپ + تال    قاپتال

قاپ + سا    قاپسا

«قەپەز» سۆزى 1982- يىلى «يېڭى يېزىق»تا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە لۇغەتتە «قەپەز» دەپ ئېلىنغان بولسا، 1984- يىلى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى («كونا يېزىق»)دا نەشر قىلىنغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتىدە «قەپەس» دەپ ئېلىنىپ، سۆز مەنبەسى «ئەرەبچە» دەپ بېرىلگەن...

«خاپا» سۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلى «قاپا» بولۇپ، «كۆچلۈك نارازىلىق تۈپەيلى قۇرساق كۆپۈپ قاپتەك

بولۇش»نى بىلدۈرىدۇ.

قالغان سۆزلەر توغرۇلۇق چۈشەنچە بېرىشنىڭ هاجىتى بولمىسا كېرەك؟

## 4. هېكايىلىك سۆزلەر

**1) ئاچچىق**

ئاچ ئاچىق ئاچچىق

بۇ سۆزنىڭ دەسلەپكى ياسىلىش ئەھۋالىنى مۇنداق قىياس قىلىش مۇمكىن: بىركىم مۇرچ تۇرىدىكى مەلۇم بىر نەرسىنى ئۇقماستىن يەۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆچلۈك غىدىقلاش تەمىگە چىدىيالماي ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە باشقىلارغا ئۆز ھالىنى ئاۋازسىز بايان قىلىدۇ؛ باشقىلار ئۇ كىشىنىڭ ھالىتىگە قاراپ، «قاراڭلار، ئۇنىڭ ئاغزى ئاچىق بولۇپتۇ!» دەيدۇ؛ نەتىجىدە كىشىلەر مۇرچ تۇرىدىكى نەرسىلەرنى يېسە ئادەمنىڭ ئاغزى «ئاچىق بولىدۇ»غانلىقىنى بىلىدۇ؛ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، «ئاچىق» دېگەن سۆز مۇرچ تۇرىدىكى نەرسىلەرنىڭ تەمىنى بىلدۈرىدىغان خاس سۆزگە ئايلىنىدۇ؛ ئۇزۇن يىللار داۋامىدا «ئاچىق» سۆزى «ئاچچىق»قا ئۆزگىرىدۇ...

**2) سۇر (رەڭ)**

سۇ + رەڭ سۇرەڭ سۇررەڭ سۇر (رەڭ)

ھەممىمىز بىلىمىز، سۇ رەڭسىز، تەمسىز بولىدۇ. ئەمما سىز دېڭىزغا ئوخشاش كەڭ سۇ يۈزىگە قارىسىڭىز سۇنىڭ رەڭسىز ئەمەسلىكىنى بايقايسىز. ئەجدادلىرىمىز چوقۇم بايقال كۆلى بويىدا ياشىغان زامانلاردا «سۇ رەڭ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن، ھەمدە يۇقىرىقىدەك ئۆزگىرىش جەريانىنى بېسىپ، «سۇر» دېگەن رەڭنام شەكىللەنگەن.

**ياڭاق**

يان + غاق يانغاق ياڭغاق ياڭاق

ياڭاق زېمىنىمىزنىڭ بىر ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى. تۇرپان يەرلىك تىلىدا ياڭاق «ياڭغاق» دېيىلىدۇ. مەنچە بۇنداق ئاتاش ھەرگىزمۇ «بۇزۇلغان شېۋە» ئەمەس. ياڭاق مېغىزىنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ماي بولۇپ، ئەگەر سىز ئۇنىڭغا ئوت ياقسىڭىز[6] ئۇنىڭ ناھايىتى ئاسان يانىدىغانلىقىنى ھەم ئۇزاق كۆيىدىغانلىقىنى بايقايسىز. ئەلۋەتتە، بۇنى ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىلا بايقىغان ھەمدە بۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئۇنىڭغا «يانغاق» دەپ نام بەرگەن.

**3) ئەل بولماق**

«ئەل بولماق» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ «تەسلىم بولماق» دېگەن بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن «ئەل» سۆزىنىڭ مەنىسى ئەلۋەتتە «تەسلىم» سۆزى بىلەن ئوخشاش ئەمەس! «ئەل» سۆزى ئەزەلدىن «پۇقرا، خەلق، ئاۋام» دېگەن بىر خىللا تۈپ مەنىگە ئىگە بولغان، قالغان مەنىلىرى بولسا ئەشۇ تۈپ مەنىسىدىن كەلگەن «تۇغۇندا» مەنىلەردۇر. شۇ مەنىدىن ئالغاندا «ئەل بولماق»نىڭ مەنىسى «پۇقرا بولماق، (غالىپلارنىڭ) ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلماق» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، «تەسلىم بولۇش» بىلەن «ئەل بولۇش» مەنا جەھەتتىن ئازراق پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئۇرۇشلىرىدا «تەسلىم بولۇش» يۈزبەرسىمۇ، لېكىن «ئەل بولۇش» ئاساسەن يۈزبەرمەيدۇ.

**4) يۇرۇڭقاش، قاراقاش**

بۇ ئىككى سۆز خوتەندىكى قاشتېشى چىقىدىغان ئىككى دەريانىڭ ئىسمىدۇر. گەرچە بۇ ئىككى دەريا ئاتالغۇسىدىكى «قاش»نى كىشىلەر ھازىر «قاشتېشى» دەپ چۈشەنسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ يالغۇز كەلگەن چاغدىكى تۈپ مەنىسى «قىرغاق، گىرۋەك» بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئەزەلدىن «خوتەن قېشى» دەيدىغان ئاتالغۇ ئىشلىتىلىپ باقمىغان!

بۇ يەردە مەن مۇنداق بىر قىياسنى ئوتتۇرىغا قويماقچى: ئەگەر بىز كۇئېنلۇن تېغىدىن ئېقىپ چۈشكەن يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ خوتەن شەھىرىنى ئىككى تەرەپتىن ياقىلاپ ئۆتكەندىن كېيىن قوشۇلۇپ خوتەن دەرياسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى خەرىتىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، خوتەن شەھىرىنىڭ يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنى ئىككى قىرغاق

(«قاش») قىلغان غايەت زور بىر ئېقىننىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى بايقىشىمىز مۇمكىن. ئۇنداقتا، «يۇرۇڭ»، «قارا» دېگەنلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟ «يۇرۇڭ» سۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلى «ئۇرۇڭ» بولۇپ، مەنىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاق» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش[7]؛ «قارا» سۆزىنىڭ مەنىسى بولسا «ئۇرۇڭ» بىلەن قارىمۇقارشى، يەنى ئۇيغۇرچىدىكى ھازىرقى ئىستېمال مەنىسى بىلەن ئوخشاش. يەنە، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى «قاياس» سۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگە قاراپ باقايلى: قاياس توخسى ۋە چىگىل شەھەرلىرىنىڭ ئېتى. ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى «ساپلىغ قاياس»، ئىككىنچىسى «ئۇرۇڭ قاياس»، ئۈچىنچىسى «قارا قاياس»[8]. بۇ يەردىكى «ئۇرۇڭ»، «قارا» سۆزلىرى، ئوخشاشلا، رەڭنى ئەمەس، يۆنىلىشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئويلىغىنىمىزدا، «يۇرۇڭ» سۆزى «شەرق»نى، يەنى يورۇقلۇقنىڭ يۆنىلىشىنى؛ «قارا» بولسا «غەرب»نى، يەنى قاراڭغۇلۇقنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرۈشى كېرەك! شۇنداق بولغاندا، «يۇرۇڭقاش»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «شەرقىي قىرغاق»، «قاراقاش»نىڭ ئەسلىي مەنىسى بولسا «غەربىي قىرغاق» بولىدۇ؛ «قاشتېشى» بولسا «دەريانىڭ قىرغاقلىرىدا ئۇچرايدىغان تاش»، يەنى كىشىلەر سۇغا چۈشمەي تۇرۇپلا كۆرەلەيدىغان تاش بولۇشى كېرەك. دېمەك، دەسلەپتە خوتەن زېمىنىدا ياشىغان كىشىلەر بەلكىم ئەنە شۇنداق دەريانىڭ قاشلىرىدا سۇنىڭ يالىشى سەۋەبلىك ئېچىلىپ قالغان چىرايلىق (كېيىنچە گۆھەر قاتارىدا سانالغان) تاشلارنى كۆرگىلى بولىدىغان زامانلاردا، ئەشۇ تاشلارغا «دەريا قىرغىقىدىكى تاش» دېگەن مەنىدە «قاشتېشى» دەپ ئات قويغان بولۇشى مۇمكىن. بىر قەدەر كەڭ تارقالغان «قاراقاش دەرياسىدىن قارا رەڭلىك قاشتېشى چىقىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان، يۇرۇڭقاش دەرياسى بولسا ئاق رەڭلىك قاشتېشى چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان» دېگەن ئۇقۇمغا كەلسەك، بۇ بەلكىم ئاشۇ ئىككى دەريانىڭ نامى كىشىلەرگە بەرگەن يۈزەكىي خاتا چۈشەنچە بولسا كېرەك(؟) چۈنكى مېنىڭ قاشتېشى سودىسى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت شۇغۇللانغان خوتەنلىك قېرىنداشلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ بىلىشىمچە، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئەڭ ئېسىل قارا رەڭلىك قاشتاشلىرى چىقىدىكەن، قاراقاش دەرياسىدىنمۇ ئاق رەڭلىك قاشتاشلىرى چىقىدىكەن --- قاشتېشىنىڭ رەڭگى بىلەن دەريا نامىنىڭ قىلچىلىكمۇ مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن.

## 5. خۇلاسە

«ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتۇر» دېگەن ئىبارە بىر تىلنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. تىلنىڭ ئۆتمۈشىنى، يىلتىزىنى تەتقىق قىلىش دەل ئۇنىڭ داۋاملىق بېيىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈندۇر. ئۇيغۇر تىلى بىزنىڭ تۇغقىمەس بايلىقىمىز، گەرچە «تۇگىمەس» بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا كۆمۈلۈپ قېلىشتىن قورقىدۇ. تىلىمىزنى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىشلىتىش، داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش — بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز.

## 6. قوشۇمچە

ئە. ئاۋاز تەقلىتلىرىدىن كەلگەن سۆزلەر

ئاۋاز تەقلىتلىرى، يەنى تەبىي ئاۋازلارنى دوراش، تىلىمىزدا مۇھىم بىر تۈرلۈك سۆز ياساش ئامىلىدۇر.

چەك (ئىشىك، ئۈستەل قاتارلىق قاتتىق يۈزلۈك نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز): چېكىت

چاپ (قەغەز يۈزىنى تامغا ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز): چاپلا، چاپاق

چاق (نەرسىلەر سۇنغاندا چىققان ئاۋاز): چاق ö چاك، چاقماق

ئۇخ (ئۇخلىغاندا چىققان ئاۋاز): ئۇخلا، ئۇخخا (گۆدەكلەر تىلى)

پۇۋ (ئىككى كالپۇكنى يېقىن قىلىپ ئارىسىدىن يەل چىقارغان چاغدىكى ئاۋاز): پۇۋلە، پۇۋەك

تاق (ئىككى نەرسە بىرى بىرىگە ئۇرۇلغاندا چىققان ئاۋاز): تاقلا، تاقىلدا

بۇلۇق (سۇدىن ھاۋا ئۆرلەپ چىققان چاغدىكى ئاۋاز): بۇلاق، بۇرۇقتۇرما

يى (باللار يىغلىغان چاغدىكى ئاۋاز): يىغلىماق (يى + لىماق)، يىقلىماق (يى + قىلماق)

پۇرر (ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بۇرنىدىن چىققان ئاۋاز): پۇرقىرا، بۇرۇن، پۇراق

## ئىزاھلار:


[1] ئىلھام نىزام، ئابدىلىم ئابدۇرېھىم: «لاتىن يېزىقىنىڭ ئورخۇن يېزىقىدىن كەلگەنلىك ئېھتىماللىقى ۋە باشقىلار»[N]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى، 2007( 3).

[2] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1- توم، 682.

[3] ئىلھام نىزام: «ھەيزىدىن تارىمغىچە»[J]، تىل ۋە تەرجىمە، 2013.

[4] تۈركىي تىللار دىۋانى، 1- توم، 7.

[5] تۈركىي تىللار دىۋانى، 1- توم، 465.

[6] ئىلھام نىزام: «ئوت» سۆزىدىن كېلىپ چىققان سۆزلەر[J]. تىل ۋە تەرجىمە، 2006(2).

[7] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1- توم، 181.

[8] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3- توم، 236.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

第 38 卷第 3 期　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　38 - يىللىق 3 - سان
2017 年 9 月　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2017 - يىلى 9 - ئاي

ماقالە نومۇرى: 07 - 105 - 03(2017) 5878 - 1005

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى «تۆگە» سۆزى توغرىسىدا*

تۇرانقىز ئوسمان

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، بېيجىڭ. 100081)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى تۆگە ۋە تۆگە مەدەنىيىتىگە ئائىت مەزمۇنلار، قەدىمدە «tɛvɛ» دېيىلگەن سۆزنىڭ ھازىرقى «tøgɛ» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىشى، تۆگىنىڭ خاس ئىسمى، تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر ۋە تۆگىگە ئالاقىدار ماقال - تەمسىللەر نۇقتىلىق سۆزلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»؛ تۆگە؛ سۆز

## 关于《突厥语大词典》中"骆驼"一词

吐拉尼克孜·吾斯曼

**摘要**：在这篇论文当中主要论述关于《突厥语大词典》当中的骆驼和与骆驼相关的文化，即"tɛvɛ"词变成"tøgɛ"的过程，骆驼的专用名称和专用词语与骆驼相关的谚语以及研究这些内容的意义。

**关键词**：《突厥语大词典》；骆驼；词汇

**Abstract:** This paper mainly studies expressions of camel or related cultural phenomenon in "The Great Dictionary of Turkic", for instance, the changing progress of the word "tɛvɛ" converted into "tøgɛ" and related proper nouns, proverbs and significance of the study.

**Keywords:** "The Great Dictionary of Turkic"; camel; vocabulary

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H21　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى «تۆگە» سۆزى توغرىسىدا

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) ئالدى بىلەن مىڭ يىل بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ باش مەلۇمات ئامبىرى. سۈڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلە - مىللەتلەر تىللىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئېتنىك ئەھۋالى، ئۆرپ - ئادەت، مائارىپ، تېبابەتچىلىك، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ۋە سودا - سېتىق، قاتناش قاتارلىق ماددىي مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى ناھايىتى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەردۇر.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كە تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن[1]، («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ سۆز بايلىقى ھەققىدە ئوخشاش بولمىغان سانلىق مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا چىققان. گېرمان شەرقشۇناسى كارل بىروككېلمان تەرىپىدىن 1929 - يىلى لېيپزىگتا نەشر قىلىنغان Mitteltürkischer Vortschatz nach Mahmūd al - Kāšġarīs Dīvān Luġāt at - Türk [ئوتتۇرا دەۋر تۈركىي تىللار لۇغىتى ـ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق لۇغىتى ئاساسىدا] دېگەن ئەسەردە 7993 سۆز بېرىلگەن. «دىۋان»نىڭ بەسىم ئاتالاي تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ئۈچ توملۇق تەرجىمىسىنىڭ 1943 - يىلى نەشر قىلىنغان ئىندېكسىدە 8783 سۆز بېرىلگەن. «دىۋان»نىڭ ئۆزبېكچە نەشرىدە 9222 سۆز بېرىلگەن. مەھمەت ۋەفا نالبانتنىڭ 2008 - يىلى 2 - ئايدا نەشر قىلىنغان Divanu Luğati't Türk Grameri-1/İsim [دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك گىراماتىكىسى - 1\ئىسىم] ناملىق ئەسىرىدە بولسا، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە 5147 ئىسىم ۋە 3477 پېئىل

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** تۇرانقىز ئوسمان (1993 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان)، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى كەسپىنىڭ 2016 - يىللىق ماگىستىرانتى.

بار بولۇپ، جەمئىي 8624 سۆزنىڭ ماددا بېشى قىلىپ بېرىلگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. بېرىلگەن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئوخشاشماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، بەزى ئەسەرلەردە، ماددا بېشى سۆزلىرىدىن باشقا، ماددا ئىچىدىكى مىساللاردا كۆرۈلگەن سۆزلەرنىڭمۇ سۆز بايلىقىغا قوشۇۋېتىلىشى ۋە ئۇلارغا ماددا بېشى سۆزلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشىدۇر) بۇ سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ھازىرمۇ خەلقىمىز شۇ پېتى ئىشلىتىۋاتىدۇ، بىر قىسمىلىرىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش پەيدا بولدى، يەنى بىر قىسمىلىرى ئىستېمالدىن قېلىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇكېرىم رەھمان ماقالىسىدە: «دىۋاندا 200 دىن ئارتۇق جان - جانىۋارلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان» [2] دەپ يازغان. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى دوتسېنتى مۇختار ئابدۇرەشىد ماقالىسىدە: «دىۋاندا ھايۋانلارغا مۇناسىۋەتلىك جەمئىي 250 دىن ئارتۇق سۆز ئاتالغۇ بار»[3] دەپ يازغان. مەھمۇد كاشغەرى تىلغا ئالغان بەزى ھايۋانلارنىڭ بۈگۈنكى تارىخىمىزدا ئىزى ئۆچۈپ كەتكەنلىكىدەك بۇ ھەقىقەت بىزنى ئاچچىق تەسىراتقا ئىگە قىلىدۇ ۋە ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مەن ئىستېمالدىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان، بىزگە يات تۇيۇلىدىغان سۆز - ئاتالغۇلارنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن دىۋانغا مۇراجىئەت قىلىپ، تىل مەدەنىيىتىمىزدىن بەھرىلىنىش ۋە تىل ئىستېماللىرىنى بەھرلەندۇرۇش مەقسىتىدە، تۇرمۇشتا مەدەنىيەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان «تۆگە»گە مۇناسىۋەتلىك ئىزدىنىشلىرىمنى - قەدىمدە «tɛvɛ» دېيىلگەن سۆزنىڭ ھازىرقى «tøgɛ» دېگەن سۆزگە ئۆزگىرىشى، تۆگىنىڭ خاس ئىسمى، تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر، تۆگىگە ئالاقىدار ماقال - تەمسىللەر ۋە تۆگىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا تۇتقان ئورنى قاتارلىق نۇقتىلار بويىچە بايان قىلىمەن.

## 2. «tɛvɛ»نىڭ «tøgɛ»گە ئۆزگىرىشى

تىللارنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىدىن ئېلىپ قارىغاندا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلى ئەڭ دەسلەپكى قەبىلە ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تىلىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدىن تەدرىجىي راۋاجلىنىپ مۇكەممەللەشكەن. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك[4]. ئۇيغۇر مىللىتى كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئوخشىمايدىغان مەدەنىيەت چەمبىرەكلىرىگە تەۋە خەلقلەرنىڭ بىرىكىش ۋە قوشۇلۇپ كېتىش ھەرىكەتلىرى جەريانىدا، مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد، ئىدېئولوگىيە، جۇملىدىن تىل - يېزىقتىمۇ زور ئۆزگىرىش ۋە يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، تىل - يېزىقتىكى سۆزلەردىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى، نۆۋەتلىشىشى، چۈشۈپ قېلىشى، قوشۇلۇپ قېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. نەتىجىدە سۆزلەردىمۇ پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇ توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرى: «ئەسلىي سۆزلەردە پەرق ئاز بولىدۇ. سۆزلەردىكى پەرقلەر بىر قانچە ھەرپلەر ئورنىغا باشقا ھەرپلەرنىڭ ئالمىشىپ كېلىشىدە ياكى چۈشۈپ قېلىشىدا كۆرۈلىدۇ»[5] دېگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش «تۆگە» (tøgɛ) دېگەن بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا tɛvɛ (III توم، 310 - بەت) دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭدا تاۋۇشلارنىڭ نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلگەن، يەنى، ɛ نىڭ ø گە، g نىڭ v گە نۆۋەتلىشىشى كۆرۈلگەن.

**ɛ نىڭ ø گە نۆۋەتلىشىشى**

| مەنىسى | ھازىر | قەدىمدە |
|---|---|---|
| تۆگە | tøgɛ | tɛvɛ |
| ئۆي | øj | ɛv |
| ئۆكسۈك | øksyk | ɛksyk |
| ئۆچكە | øʧkɛ | ɛʧky |

| | | |
|---|---|---|
| ɛryk | øryk | ئۆرۈك |
| ɛtyk | øtyk | ئۆتۈك |
| dɛvlɛt | dølɛt | دۆلەت |
| tɛmyr | tømyr | تۆمۈر |
| sɛvmɛk | søjmɛk | سۆيمەك |
| bɛʃik | bøʃyk | بۆشۈك |

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ɛ نىڭ ø گە نۆۋەتلىشىشى مەيلى سۆز بېشىدا بولسۇن ياكى سۆز ئوتتۇرىسىدا بولسۇن بۇ خىل نۆۋەتلىشىش يۈز بەرگەن. v نىڭ g گە نۆۋەتلىشىشى قومۇل، تۇرپان شېۋىلىرىدە [6] ۋە لوپنۇر شېۋىسىدە [7] ساقلاپ قېلىنغان:

v نىڭ g گە نۆۋەتلىشىشى

| ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى | تەلەپپۇزى | مەنىسى | ساقلانغان رايونلار |
|---|---|---|---|
| vapa | gupa | 信义， 教顺 | قومۇل، لوپنۇر |
| hava | hoga | 空气， 天气 | قومۇل |
| dʒavap | dʒagap | 答 | قومۇل |
| tavap | tagap | 朝拜 | قومۇل، لوپنۇر |
| zɛdival | zɛdigal | 墙帷子 | قومۇل، لوپنۇر |
| tavar | tagar | 缎子 | قومۇل، لوپنۇر |
| uva | uga | 巢 | قومۇل |
| vɛdɛ | gɛdɛ | 诺言 | قومۇل |
| vɛdɛ | gadɛ | 诺言 | لوپنۇر |
| savap | sogap | 积德， 行善 | تۇرپان |
| savap | sagap | 积德， 行善 | لوپنۇر |
| dyvɛt | dygɛt | 墨水瓶 | تۇرپان، لوپنۇر |
| palvan | palgan | 勇士 | تۇرپان، لوپنۇر |
| halva | halga | 油塘面糊 | تۇرپان |
| ɛrvah | ɛrga | 幽灵 | تۇرپان |
| mivɛ | møgɛ | 水果 | تۇرپان |
| dʒuva | dʒuga | 皮衣 | تۇرپان |
| karvan | kargan | 商驼队 | تۇرپان، لوپنۇر |

تاۋۇشلارنىڭ مانا مۇشۇنداق نۆۋەتلىشىشى بىلەن قەدىمدە «tɛvɛ» دېيىلگەن سۆز ھازىر «تۆگە» دېگەن سۆزگە ئۆزگەرگەن ۋە مۇشۇنداق قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

## 3. تۆگىنىڭ خاس ئىسمى

(1) tävä تۆگە. (III توم، 310 - بەت)

(2) ingan ھىنگان. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ingan ingrasa bötu bozlar ھىنگان ئىڭرىسا بوتا بوزلار. بۇ ماقال تۇغقانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھربانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. (I توم، 162 - بەت)

(3) titir ھىنگان تۆگىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. (I توم، 468 - بەت)

(4) buğra تۆگىنىڭ بۇغرىسى. « buğra han - بۇغراخان» دېگەن ئات شۇنىڭدىن كەلگەن. (I توم، 547 - بەت)

(5) tapanlïq tävä تاپانلىق تۆگە، پايپاقلىق تۆگە. (I توم، 648 - بەت)

(6) botu بوتا، بوتىلاق. ھىنگان ئىگىرسا بوتا بوزلار. (I توم، 162 - بەت)

(7) botuq بوتا، بوتىلاق (III توم، 299 - بەت)

(8) atan ئاتان، ئاتان تۆگە، ماقالدا مۇنداق كەلگەن: atan ykü aš bolsa açqa az körrünü ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنەر. (I توم، 103 - بەت)

(9) yağïrlïğ tävä يېغىرلىق. yağïrlïğ — يېغىرلىق تۆگە، يېغىرى بار تۆگە، باشقىلاردىمۇ شۇنداق. (III توم، 64 - بەت)

(10) torum بوتا، بوتىلاق. tïši torum - چىشى بوتىلاق. (I توم، 514 - بەت)

يۇقىرىقى نامىلار مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىگىچە خەلق ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلغان تۆگىنىڭ خاس ئىسىملىرىنىڭ بىر قسمى. لېكىن بۇنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالدى، مەسىلەن، ھىنگان تۆگىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولغان تىتىر (titir)، ئاتان قاتارلىقلار. تۇرمۇشىمىزدا كۆپرەك ئىشلىتىدىغانلىرى بۇغرا، ھىنگان، بوتا، بوتىلاق قاتارلىقلار.

## 4. «دىۋان»دىكى تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر

«دىۋان»دا تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن جەمئىي 32 سۆز بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىملىق سۆز، يەتتىسى ئىسىم، 24ى پېئىلدۇر. تۆۋەندە تۈرى بويىچە بېرىلدۇ:

**1) ئىملىق سۆز**

(1) çök çök چۆك - چۆك. تۆگىنى چۆكتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان ئىملىق سۆز. (I توم، 434 - بەت)

**2) ئىسىملار**

(1) mayaq ماياق. تۆگە مايىقى. بۇ سۆز بۇرۇن تۆگە مايىقىغا خاس ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، كېيىنچە «qoy mayaqï — قوي مايىقى» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان. (III توم 228 - بەت)

(2) yoğdu جوغدا. تۆگىلەرنىڭ ئېگىكى ئاستىدىكى ئۇزۇن يۇڭى. (III توم، 38 - بەت)

(3) yoğru تۆگىلەرنىڭ ئۇزۇن يۇڭلىرى. بەزىدە yoğruy دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. (III توم، 38 - بەت)

(4) kön كۆن. ئات تېرىسى «at köni» دېيىلىدۇ. بەزىدە بۇ سۆز ئادەمنىڭ تېرىسى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. anïng köni qurïdï — ئۇنىڭ تېرىسى قۇرۇدى، يەنى ئۆلدى. تۆگە تېرىسىنىمۇ «tävä köni» دېيىشمۇ مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنغان. بۇ سۆز تېرە ئاشلىتىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىلىدۇ. ئاشلانغاندىن كېيىن «qoğuχ» دېيىلىدۇ. (III توم، 190 - بەت)

(5) qom قوم. تۆگە قومى. تۆگە يوپۇقىنىڭ ئىچىگە سامان تىقىپ تىكىلىدۇ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تۆگە ئۆركىشىگىچە كۆتۈرۈلىدۇ، ئاندىن تۆگىگە توقۇلىدۇ. بۇ «tävä qomï - تۆگە قومى» دېيىلىدۇ. III توم، 186 - بەت

(6) qara qu تۆگە تاپىنىنىڭ چۆرىسى. (III توم، 305 - بەت)

(7) örkü ئۆركەش. تۆگىنىڭ لوكىسى. (I توم، 174 - بەت)

**3) پېئىللار**

(1) çökdi چۆكتى. tävä çökdi — تۆگە چۆكتى. (II توم، 27 - بەت)

(2) çökürdi چۆكۈردى~ چۆكتۈردى. ol tävä çökürdi — ئۇ تۆگە چۆكۈردى. (II توم، 110 - بەت)

(3) tirkäšdi تىركەشتى، تىركىلىشتى، تىزىلىشتى، قاتارلاشتى. tävä tirkäšdi — تۆگىلەر تىزىلىشتى. II توم 294 - بەت

(4) taprašdï لوكۇلداشتى، سەكرەشتى. tävä qamuğ taprašdï — تۆگىلەر ھەممىسى سەكرەشتى. (II توم، 312 - بەت)

(5) silkindi سىلكىندى، سىلكىۋالدى، دىرىلدىدى. tävä // silkindi — تۆگە سىلكىندى. (II توم، 357 - بەت)

(6) kävšändi كۆشەندى، كۆشىدى. tävä kävšändi — تۆگە كۆشەندى. (II توم، 366 - بەت)

(7) kävšäšdi كۆشەشتى. tävä kävšäšdi – تۆگە (بىر-بىرىگە قاراپ) ئوت كۆشەشتى.(II توم، 512 - بەت)

(8) yağïrlandï يېغىر بولدى. tävä yağïrlandï – تۆگە يېغىر بولدى. (III توم، 155 - بەت)

(9) baqïrdï ۋارقىرىدى ~ بوقىرىدى. tävä baqïrdï – تۆگە بوقىرىدى. (III توم، 257 - بەت)

(10) buğralandï بۇغرالاندى، بۇغرىسى تۇتتى. tävä buğralandï – تۆگىنىڭ بۇغرىسى تۇتتى. (III توم، 227 - بەت)

(11) kävšädi كۆشىدى؛ يۇمشىدى. tävä ot kävšädi – تۆگە ئوت كۆشىدى. (III توم، 391 - بەت)

(12) äkädiš ئېكەشتى، ئېكەكلەشتى. ikki diš buğra äk – ئىككى بۇغرا سوقۇشتى. (I توم 253 - بەت)

(13) ilišdi ئىلىنىشتى. ilišdi azğïr – ئايغىر چىشلەشتى. //تۆگىلەر چىشلەشسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (I توم، 253 - بەت)

(14) kirkin تۆگىنىڭ بۇغرىغا كىرگەن ۋاقتى. buğra kirkini kirdi – تۆگە بۇغرىغا كىردى. (I توم، 566 - بەت)

(15) kötürgän كۆتۈرىدىغان. bu buğra ol yük kötürgän – بۇ يۈك كۆتۈرىدىغان بۇغرا. (I توم، 675 - بەت)

(16) çïqrattï غىچىرلاتتى~ غۇچۇرلاتتى. buğr tïšïn çïqrattï – بۇغرا چىشىنى غۇچۇرلاتتى. (II توم، 488 - بەت)

(17) äkädi ئېكىدى، ئېكەكلىدى؛ غۇچۇرلاتتى. buğr tïšïn äkädi - بۇغرا چىشىنى غۇچۇرلاتتى. (III توم، 347 - بەت)

(18) kökrädi گۈركىرىدى، هۆركىرىدى، گۈلدۈرلىدى. buğra kökrädi – بۇغرا هۆركىرىدى. (III توم، 383 - بەت)

(19) tizlädi تىزلىدى، دىسلىدى. buğra ärig tizlädi – بۇغرا ئادەمنى تىزلىدى، يەنە ئادەمنى تىزى بىلەن بېسىۋېلىپ دىسلىدى. (IIIتوم، 400 - بەت)

(20) ïngrandï ئىڭرىدى، ïngrandï ingän – ھىنگان ئىڭرىدى. (I توم، 379 - بەت)

(21) taprïdï لوكۇلدىدى، سەكرىدى. tävi taprïdï – تۆگە سەكرىدى، بۇ سۆز تۆگىنىڭ سەكرىشىدىن باشقىغا ئىشلىتىلمەيدۇ. (III توم 377 - بەت)

(22) atanlandï ئاتان تۆگىلىك بولدى. (I توم، 387 - بەت)

(23) bozladï بوزلىدى. titir bozladï – ھىنگان بوزلىدى. (III توم، 571 - بەت)

(24) kävšädi كۆشىدى؛ يۇمشىدى. tävä ot kävšädi – تۆگە ئوت كۆشىدى. qurq näng kävšädi – قاتتىق نەرسە يۇمشىدى. (III توم، 391 - بەت)

## 5. «دىۋان»دىكى تۆگىگە ئالاقىدار ماقال - تەمسىللەر

«دىۋان»دا تۆگىگە ئالاقىدار 10 ماقال - تەمسىل بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ingan ingrasa bötu bozlar ھىنگان ئىڭرىسا بوتا بوزلار. بۇ ماقال تۇغقانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. I ( توم، 162 - بەت)

(2) yïlan kändü ägrisin bilmäs tävi boynïn ägri tär يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى بىلمەس، تۆگە بوينىنى ئەگرى دەر. بۇ ماقال ئۆزىدە ئەيىب تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن كۆلىدىغان غەيۋەتچىلەرگە تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ. (I توم، 170 - بەت)

(3) ikki buğra äkäšür otra kökägün yançïlur ئىككى بۇغرا ئېكىشەر، ئارىدا كۆكۈيۈن يانچىلار. بۇ ماقال «ئىككى بەگ ئۇرۇشسا، ئارىدا ئاجىزلار يانچىلىپ كېتىدۇ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. (I توم، 252 - بەت)

(4)gür sürüq qoy tävi yundï bilä, ü
yumurlayu ärkänin sütin sağar

بىر كىمنىڭ قوي، تۆگە، يىلقا پادىلىرى بولسا، ئۇلارنى ئۆزى خالىغانچە يىغىپ كېلىپ، سۈتىنى ساغىدۇ. (I توم، 505 - بەت)

(5) tävä yük kötürsä qamïç yämä kötürür
يۈكنى كۆتۈرگەن تۆگە چۆمۈچنىمۇ كۆتۈرىدۇ. (II توم، 97 - بەت)

(6) tävä silkinsä äšäkkä yük çïqar تۆگە سىلكىنسە، ئېشەككە يۈك چىقار. بۇ ماقال كىچىك ئىشنى

تاشلاپ، چوڭ ئىشقا كىرىشىشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. (II توم، 357 - بەت)

(7) tävä münüp qoy ara yašmas تۆگە مىنىپ قوي ئارىسىغا يوشۇرۇنالماس. يەنى تۆگە مىنىپ قوينىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقال ئاشكارا بولۇپ قالغان ئىشنى يوشۇرغانغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. (III توم، 81 - بەت)

(8) tävä bädük ärsä mayaqï bädük ärmäs تۆگە چوڭ بولسىمۇ، مايىقى چوڭ بولماس. بۇ ماقال چوڭنىڭ چاكىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ئادەمگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ، «چوڭلۇق ساڭا ئەمەس، سېنىڭ ئىگەڭگە يارىشىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. (III توم، 229 - بەت)

(9) atan yüki aš bolsa açqa az körünür ئاتان يۈكى ئاش بولسا، ئاچقا ئاز كۆرۈنەر. (I توم، 103- بەت)

(10)sävünmägil yund ügür azğïr atan,

altun kümüš bulnapan ağï tavar

[ئۈيۈر يىلقا، ئايغىر، ئاتان بىلەن سۆيۈنمىگىن،

ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەك ماللارنى تاپساڭمۇ. ]

ئۈيۈر يىلقا، ئايغىر ۋە ئاتان تۆگىلەر بىلەن، (شۇنىڭدەك) ئالتۇن - كۈمۈش، يىپەك ماللارغا ئىگە بولۇش بىلەن سۆيۈنۈپ كەتمە، ئۇلارنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن خەيرىلىك ئىشلارغا ئىشلەتكىن. (II توم، 216 - بەت)

ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇمكى، «دىۋان» مەخسۇس زوئولوگىيەلىك ياكى بىيولوگىيەلىك ئاتالغۇلارنى لۇغەت تەرزىدە بايان قىلىشنى نىشانلىغان ئەسەر ئەمەس. لېكىن بۇ ھەقتىمۇ ناھايىتى ئەتراپلىق توختالغان بولۇپ، بىزگە قىممەتلىك ئۇچۇرلار يېزىپ قالدۇرغان.

4423. شەرقتىن - غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلەگىنىڭ نە ئۇلسا ساڭا كەلتۈرۇر.

4424. تۈمەن خىل غەزىنە، جاھان تاڭسۇقى،
ئۇلاردا بولۇر، ئى بىلىملىك سېخىي.

4425. ئەگەر كەزمىسە سودىگەرلەر جاھان،
قارا قاما جۇۋا كىيەتتىڭ قاچان؟

—— يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تىن [8].

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مال ئالماشتۇرۇش، يەنى بازار يولىنى خەلق ئاممىسى ئاچقان، بۇ يوللاردا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قالغان. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە بۇ يول دەل «يىپەك يولى» دېيىلگەن.

كەڭ خەلق جۇملىدىن سودىگەرلەر يىپەك يولىدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ياراتقان بولۇپ، بۇنداق ئۆچمەس تۆھپىلەر مال ئالماشتۇرۇش جەھەتتىلا ئەمەس، بازار، رابات، شەھەر - قەلئەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتە غايەت زور دەرىجىدە جىپسىلىشىشى، مىللىي ئاڭ، يۈكسەك ئارىلاشما مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى، مىللىي، ئەدەبىي تىل ۋە يېزىقنىڭ راۋاجلىنىشى، پۇل ۋە ئۆلچەمنىڭ بىرلىككە كېلىشى قاتارلىقلاردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ [9].

«يىپەك يولى» دېيىلسە، يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق قاتناش ۋاستىسى — «چۆل كېمىسى» دەپ نام ئالغان تۆگىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. چۈنكى «يىپەك يولى»نىڭ ئېچىلىشى ۋە سودا قاتنىشىدا تۆگە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. 1927 - يىلى شۋېتسىيە غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى غەربكە ئاتلانغاندا، تۆگىنى قاتناش قورالى قىلغان بولۇپ، 400گە يېقىن تۆگە بار ئىدى، قونۇپ قالغان يەرلەرنىڭ نامى «تۆگە شەھەرچىسى» دەپ ئاتالغان[10]. كارۋانلارنىڭ يول يۈرۈش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇپ، نەچچە ئون كۈن، ھەتتا نەچچە ئايلار داۋاملىشىدۇ. تۆگە ناھايىتى چىداملىق ھايۋان بولۇپ، ئۇسسۇزلۇققا، ئاچلىققا، سوغۇققا ۋە قۇم - بورانغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، بۇرۇن تۆشۈكى ئىچىدە ئېچىلىپ يېپىلىدىغان پەردىسى بار بولۇپ، بۇرنىغا قۇم - توزانلارنىڭ كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەنە تۆگىنىڭ پۇراش، كۆرۈش، ئاڭلاش سېزىمى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، يۆنىلىشنى پەرق ئېتىشتە مۇھىم رولى بار، پۇراش سېزىمىغا تايىنىپ، نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سۇ مەنبەلىرىنى تاپالايدۇ. شۇڭا تۆگە كارۋانلارنىڭ مۇھىم قاتناش ۋاستىسى بولغان.

تۆگە يوللىرى شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنى ئېچىۋېتىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىش رولىنى ئوينىغان. لېكىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقلىرى، غەربىي شىمال ۋەزىيىتىنىڭ تىنچسىزلىقى ۋە ھازىرقى زامان قاتناش

قۇراللىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئوخشاش كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە تۆگە باقمىچىلىقى ۋە تۆگە ترانسپورتى ئاجىزلاپ بارغان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دەۋر تەرەققىياتى زامانىۋى قاتناش ۋاستىلىرىگە مۇراجەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، تۆگە ترانسپورتىنىڭ ئۆز ئورنىنى تېخىمۇ ئەۋزەل قاتناش ۋاستىلىرىگە ئۆتۈنۈشى تەبىئىي، ئەلۋەتتە.

تۆگە تېۋتى دۇنياغا داڭلىق بولۇپ، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى. تۆگە گۆشىنى، سۈتىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. تۆگە تاپىنى، تۆگە سۈتى ھەر قايسى مىللەتلەر تېبابىتىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دورا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېرىسىدىن كۆن خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشقا بولىدۇ. تۆگىنىڭ قاتناش جەھەتتىكى رولى ئاجىزلىشىپ، تۆگە مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «دىۋان»دىكى بۇ ھەقتىكى ئۇچۇرلارنى تەتقىق قىلىش ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمىز.

## ئىزاھلار:

[1] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008(كىرىش سۆز): 14.

[2] ئابدۇكېرىم رەھمان: ««دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى جان - جانىۋارلار ھەققىدە»[J]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1998(6): 33 .

[3] مۇختار ئابدۇرەشىد: «ئۇيغۇر تىل خەزىنىسى - ھايۋانات سۆز ئاتالغۇلىرى»[J]. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى، 2010 (3)(4): 210 .

[4] ش. ئۇ. ئا. ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»[M]، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2013 : 2.

[5] مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 : 31.

[6] 米娜瓦尔. 艾比不拉： 维吾尔语语方言和语言调查, 民族出版社[M], 2004: 157-179 ,180.

[7] مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىيالېكتى»[M]، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006: 39 - 40.

[8] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»(نەسرىي يەشمىسى)[M] . مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 (4 ـ نەشرى): 543.

[9] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئېپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»[M]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 : 371.

[10] 杨镰: 《斯文. 赫定和他的<丝绸之路>》 [J]. 《新疆大学学报》 (哲学社会科学版),1996(24):3.

## پايدىلانمىلار:

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئېپەك يولىدىكى سەنئەت جەۋھەرلىرى»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 .

2. ئابدۇكېرىم رەھمان: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىكى جان - جانىۋارلار ھەققىدە[J]. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1998( 6).

3. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى، I - ، II - ، III- توملىرى.

4. مۇختار ئابدۇرەشىد: «ئۇيغۇر تىل خەزىنىسى - ھايۋانات سۆز - ئاتالغۇلىرى»[J]. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2010: (3)(4).

5. ش. ئۇ. ئا. ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىل تەتقىقات ئورنى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكت ۋە شېۋىلىرى لۇغىتى»[M]. مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007.

6. 米娜瓦尔. 艾比不拉: 《维吾尔语语方言和语言调查》 [M]. 民族出版社, 2004.

7. 杨镰: 《斯文. 赫定和他的<丝绸之路>》 [J]. 《新疆大学学报》 (哲学社会科学版),1996(24):3.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 08 - 112 - 03(2017) 5878 - 1005

# شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە بولغان يېتەكچىلىك رولى*

ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى

(غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل - مەدەنىيەت ئىنستىتۇتى، لەنجۇ، 730030)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** شى جىنپىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا ۋە مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مۇھىم نۇتۇق سۆزلەپ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە توغرا يول كۆرسەتتى. بۇ مۇھىم نۇتۇقلار نەزەرىيەۋى قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى يۇقىرى بولۇپ، بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا، ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىدە يېتەكچى قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بۇ ماقالىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدىكى يېتەكچىلىك رولى ۋە قىممىتى ئىلمىي شەرھلەندى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شى جىنپىڭ؛ ئەدەبىيات - سەنئەت نۇتقى؛ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى

**习近平文艺批评观对维吾尔文学批评的指导意义**

阿布都外力・克热木

**摘要：** 习近平《在全国文艺工作座谈会上的讲话》《全国文联十大和作协九大开模式上的讲话》都为我国文艺事业指明了正确工作方向。这些关于文艺工作《讲话》具有很高的理论价值和指导意义，需要我们深入学习贯彻到文艺创作、文艺研究和文艺批评诸多具体工作当中去。论述习近平总书记《在全国文艺工作座谈会上的讲话》精神和其中文艺批评观，论述了习近平同志文艺批评观对维吾尔当代文学批评的指导意义 。

**关键词：** 习近平；文艺讲话；维吾尔文学批评；

**Abstract:** General Secretary Xi Jinping presented "Speech in the National Forum on Literature and Art" and “Speech in the Opening Ceremony of the Tenth Representative Conference of The National Federation of Literary and Art and Ninth Congress of the National Writers' Association", which are the guiding-books for country’s literature careers and pointed out the direction for the matter. These "Speeches" on literature and art has a high theoretical value and guiding significance, which are needed to be studied and implemented to the literary and artistic creation and other specific works. This paper discusses and points out the significant role of learning General Secretary Xi Jinping’s speeches at the forum and the spirit of the literary criticism, and their guiding role on Uyghur contemporary literary criticism.

**Keywords:** Xi Jinping; literary speech; Uyghur literary criticism

**كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** I20　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

شى جىنپىڭ 2014 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
مەزكۇر ماقالە دۆلەتلىك پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ تەتقىقات تۈرى: «ئۇيغۇر ئاغزاكى ئەدەبىيات پوئېتىكىسى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات»(15BZW196) ۋە غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەركەزگە قاراشلىق ئالىي مەكتەپ مەبلىغى تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەتقىقات تۈرىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.
ئاپتور: ئابدۇۋەلى كېرەم غولبويى(1974 - يىل 9 - ئايدا تۇغۇلغان)پىروفېسسور، دوكتورانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

سۆھبەت يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. تۆۋەندە بىز بۇ مۇھىم سۆزنى «مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، قىسقارتىپ «نۇتۇق» دەپ ئاتايمىز. بۇ «نۇتۇق» ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىدىكى بىر يېڭى نامايەندە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە نەزەرىيەۋى ھۆججەت. شى جىنپىڭ «نۇتۇق»تا دۆلىتىمىزنىڭ قوش «يۈز يىللىق» ئۇلۇغ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى ۋە دەۋر روھىنى نامايەن قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە زور ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان پەيتتە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە يېڭى چۈشەنچە ۋە يېڭىچە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە توغرا يۆنىلىش ۋە نىشان كۆرسىتىپ بەردى. «نۇتۇق» يېڭى باسقۇچتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ ساغلام ۋە توغرا راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يول كۆرسىتىش، يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىلىرىنى توغرا ۋە ئىلمىي باھالاش ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى

«نۇتۇق»تا، شى جىنپىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، ئەدەبىي تەنقىدنى ساغلام ۋە جانلىق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەخىرسىزلىكى، ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكى ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن. بىز «نۇتۇق»نى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە يىغىنچاقلاش ئارقىلىق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىنى ئۈچ جەھەتتىن خۇلاسىلەپ چىقتۇق.

(1) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئورنى ۋە رولى مەسىلىسى. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئورنىنى بىز ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن تەڭ قويۇپ، ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېتەكچىلىك رولىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىز. «نۇتۇق»تا شى جىنپىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىد خىزمىتىگە يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىمىز ۋە ئۇنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز لازىم»[2] دەپ كۆرسىتىپ، ئەدەبىي تەنقىد خىزمىتىنى پارتىيە خىزمىتى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىد خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۈچۈن توغرا يېتەكچىلىك قىلالامدۇ؟ ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ساغلام ۋە توغرا يولدا مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى ئۆتەلەمدۇ - يوق؟ دېگەن بىر قاتار نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرگە «نۇتۇق»تا ئېنىق ۋە ئىخچام جاۋاب بېرىلگەن. شى جىنپىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەينىكى ۋە ياخشى دورىسى» دەپ ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ رولىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ «ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، سەرخىل ئەسەرلەرنىڭ روياپقا چىقىرىش»[3] رولىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

(2) ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مەيدانى، پوزىتسىيەسى، ئۆلچىمى ۋە پرىنسىپلىرى مەسىلىسى. شى جىنپىڭ ئەدەبىي تەنقىدتىكى خاتا خاھىشنى كەسكىن تەنقىد قىلىپ، ئۇنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. «ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى تەنقىد، كەچكىچە مەدھىيەلەشكە، ماختاپ ئۇچۇرۇشقا ۋە خۇشامەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ. غەربنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېستېتىكىسىنى باھالاشقا، سودا ئۆلچىمىنى بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ»[4] شى جىنپىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان ناچار ھادىسىلەرنى ئوبيېكتىپ كۆرسىتىپ، غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى كۆتۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى چۈشۈرىدىغان خاھىشنى ئىلمىي شەرھلىگەن، بولۇپمۇ سودا ئۆلچىمىنى بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتەك قىلمىشلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. «نۇتۇق»تا،

ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تاۋار ئىستېمال قارىشىنى ئىزاھلاپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات- سەنئەت تاۋار ئىستېمال قارىشىنىڭ قوش تەرەپلىمىلىكلىكى كۆرسىتىلگەن. ماركسىزم ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرى ماددىي ئىستېمال ۋە مەنىۋى ئىستېمالدىن ئىبارەت قوش ياقلىمىلىقىقا ئىگە. نۆۋەتتە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكىللىرى كۆپ، ھالەتلىرى مول، قەغەز كىتاب، ئۈن- سىن بۇيۇملىرى، تور ۋە لايىھە قاتارلىقلاردىن پۇل تۆلەپ ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى تاۋار قىممىتى ۋە ماددىي ئىستېمالى ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىيات- سەنئەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ماددىي ئىستېمال باھاسى ھەرگىز ئۇنىڭ بىزگە بېغىشلايدىغان مەنىۋى قىممىتىگە تەڭ بولمايدۇ. بىر كىتابقا ئەللىك يۈەن باھا قويۇلغانلىقى باسما ھەققى، نەشر ھەققى، قەلەم ھەققى ۋە تەھرىر - كوررېكتورلۇق ھەققىنىڭ ئۇنىۋېرسال ھېسابىنىڭ نەتىجىسى، ئەمما بۇ باھاسىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەدەنىيەت قىممىتى ۋە روھىي ئوزۇقلۇق قىممىتى نەچچە ھەسسە يۇقىرى. شۇڭا، بىز ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تاۋار قارىشى بىلەن بىر نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ، كىتاب، پىلاستىنكا ياكى ئاۋازلىق ئەسەرلەرنى ئىقتىسادىي قىممىتى نۇقتىسىدىنلا باھالىساق ئىلمىي ۋە مۇكەممەل بولمايدۇ. شى جىنپىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. «ئەدەبىيات- سەنئەت ئېستېتىكىلىق غايىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مۇستەقىل قىممىتىنى ساقلاپ، بازار قوبۇلچانلىق دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەشر سانى، كۆرۈلۈش نىسبىتى، چېكىلىش نىسبىتى، بېلەت كىرىمى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى مۇۋاپىق بەلگىلەش كېرەك». شى جىنپىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ بازارلىشىشى ۋە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ بازار قىممىتىنى ئاساس قىلىش خاھىشىنى بىزگە ئېنىق ھېس قىلدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئاجىزلىشىش مەسىلىسىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ خىل ئاجىز پىشىش مەسىلىسىنى ئوڭشاشقا ۋە كۈچەيتىشكە چاقىردى. «ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنىڭ ئىجابىي - سەلبىي، ياخشى - يامانىنى ئايرىش فۇنكسىيەسى ئاجىزلاشتى، جەڭگىۋارلىقى ۋە قايىل قىلىش كۈچى كەمچىل، بۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا پايدىسىز»[5]. شى جىنپىڭ ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھادىسىلەرنى كۆرسىتىپ، ئىلمىي ھالدا غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە مەپتۇن بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە سەل قارايدىغان خاھىشنى شەرھلىگەن ۋە شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئۆلچەمنى بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش مەسىلىسىنى تەنقىد قىلغان. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قارىشى بىزنى ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىدە ماركسىزملىق تاۋار قارىشى بىلەن ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىگە قوش ئۆلچەم بويىچە باھا بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ماركس ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ھەم تاۋارلىق ئىقتىسادىي قىممىتى ۋە كىشىلەرنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان مەنىۋى قىممىتى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى مەيلى قەغەزلىك، مەيلى ئۈن - سىنلىق، تورلاشقان ۋە ياكى ئىجراچانلىق، مودېل شەكىللىك بولسۇن، ئالدى بىلەن سېتىۋېلىنىپ ھوزۇرلىنىشقا ۋە بەھرىلىنىشكە ئېرىشىدۇ. تاۋارلارنىڭ ئىستېمال قىممىتى بىلەن بەدىئىي قىممىتى تەڭ بولمايدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىگە گەرچە چەكلىك ئىقتىساد بىلەن ئېرىشكىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەنىۋى قىممىتى چەكسىز بولىدۇ. ماركس شۇ مەنىدىن تاۋارنىڭ قوش قىممەت قارىشى بويىچە سەنئەت ئىستېمالىنى چۈشەندۈرگەن. شى جىنپىڭ ماركسىزملىق كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئاددىي ھالدا سودا ئۈنۈمىنى تەكىتلەشكە رەددىيە بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى تەكىتلىگەن. ئۇ «نۇتۇق»تا بۇ ھەقتە: «ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي غايىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزگىچە قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز، بازار قىممىتىنى بىلدۈرىدىغان تىراژى، كۆرۈلۈش نىسبىتى، چېكىلىش نىسبىتى ۋە بېلەت كىرىمى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى مۇۋاپىق

بەلگىلىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. شى جىنپىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىي قوبۇلچانلىق جەھەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سودا تۈسىنىڭ قويۇقلىشىپ، ئېستېتىكىلىق ئۈنۈم ۋە ئېستېتىكىلىق تەربىيە رولىغا سەل قاراشتەك سەنئەتنى زىيادە بازارلاشتۇرۇش ھادىسىسىنى قامچىلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنىڭ سېتىلىش، كۆرۈلۈش، چېكىلىش نىسبىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئەسەرلەرگە باھا بېرىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى قىلىش مەسىلىسىنى كۆرسىتىپ، بۇنىڭ ئەدەبىي تەنقىد جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. شى جىنپىڭ ئەدەبىي تەنقىد روھىنى كۈچەيتىپ، ئەدەبىي تەنقىدچىلەر تەنقىدلەشكە جۈرئەت قىلىدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر تەنقىدنى قوبۇل قىلالايدىغان روھنى يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. ئەدەبىي تەنقىدچىلەر يۈز قارىماي، ئوبيېكتىپ ۋە ئادىللىق بىلەن ئەسەرلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى كۆرسىتىپ، پايدىلىق تەكلىپ ۋە پىكىر بېرىشى لازىم، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرمۇ نورمال پوزىتسىيە بىلەن تەنقىدنى قوبۇل قىلىشى، ئەدەبىي تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ نازارەتچىلىك، يېتەكچىلىك ۋە يول كۆرسىتىشچانلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرغىلى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ساغلام ۋە سىجىل تەرەققىياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

(3) ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىيات تەنقىدى مەسىلىسى. ماركسىزم نەزەرىيەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگونى روناق تاپقۇزۇش ۋە گۈللەندۈرۈش، خەلق ئاممىسىنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى نەزەرىيەۋى قورال. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسى دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان نەزەرىيەۋى ئاساس. دۆلىتىمىز ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ماركسىزم بىلەن قوراللىنىپ، «ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنىڭ رولىنى چىڭ تۇتۇپ، تارىخىي، خەلقچىل، بەدىئىي، ئېستېتىكىلىق نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن ئەسەرلەرنى باھالاش ۋە بېكىتىش لازىم، بەدىئىي سۈپەت ۋە ئۆلچەم جەھەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەر خىل ناچار ئەدەبىي ئەسەرلەر، ناچار ھادىسىلەر، ئېقىملارغا قارىتا پوزىتسىيەسى ئۇچۇق بولۇش، ھەق - ناھەق مەسىلىلەردە مەيدانى ئېنىق بولۇش كېرەك. ھەق سۆزلەش، قائىدىلىك بولۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدچىلىكتە ياخشى كەيپىياتنى يارىتىش لازىم»[6]. شى جىنپىڭ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ماركسىزملىق مەيدان ۋە نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ، ماركسىزملىق قاراش بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش، يېشىش ۋە تەھلىل قىلىشنى تەكىتلەپلا قالماستىن، يەنە ماركسىزملىق ئىدىيەنى قورال قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا سۈپىتى ناچار ئەسەرلەرنى، ناچار ھادىسىلەرنى ۋە ناچار ئېقىملارنى تەنقىدلەش، رەددىيە بېرىش ۋە قامچىلاشقا جۈرئەت قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا ۋە خەلقنى سۆيۈندۈرۈش، تەربىيەلەشكە يول كۆرسىتىشكە چاقىرىق قىلغان.

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئەدەبىي تەنقىدنىڭ مۇھىم ئورنى، رولى ۋە ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ئۆلچىمى ۋە مېتودى ھەققىدە ئىزدەنگەن. ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىنىڭ ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك ئۆلچىمىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، خەلقچىللىق، جەڭگىۋارلىق ۋە كىشىنى قايىل قىلىدىغان پاكىتلىق بولۇش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شى جىنپىڭ «نۇتۇق»تا تەكىتلەپ مۇنداق دېدۇ: «ماركسىزم نەزەرىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو قەدىمقى زامان ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىنىڭ ئېسىل مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى يېڭىلاپ، ھازىرقى زامان غەرب ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيەسىدىن تەنقىدىي ئۆرنەك ئېلىپ، تەنقىدتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈر قورالنى سەرخىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك»[7]. شى جىنپىڭنىڭ

ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى بايانلىرى ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى چوڭقۇر، ئەتراپلىق، ئوبيېكتىپ ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، نۇرغۇن ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ئەسەرلەر ۋاقتىدا ئىلمىي ۋە ئوبيېكتىپ مۇھاكىمە قىلىنمىدى، باھالانمىدى، ئۇتۇقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى دەل كۆرسىتىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يېتەكچىلىك رولى جارى قىلدۇرۇلمىدى. شۇڭا، شى جىنپىڭنىڭ «نۇتۇق»تا ئېيتقان ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدى ھەققىدىكى تىرەن مۇلاھىزىلىرى ھەقىقەتەن ئورۇنلۇق.

## 2. شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىگە بولغان يېتەكچىلىك رولى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى جۇڭخۇا مىللىتى تەنقىدچىلىك ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ۋە شەرەپلىك ئەنئەنىگە ئىگە. ئۇنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئوخشاشلا زۆرۈردۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1019 - 1085)نىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە شائىرلارنىڭ ئورنى ۋە رولى ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، شائىرلارنىڭ تىل ماھارىتىنى ئالاھىدە باھالىغان، شۇنداقلا ئەسەرنى چۈشىنىش نۇقتىسىدىن قوبۇلچانلىق مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەدەبىياشۇناسلىقنىڭ ئۇلى بولغان. مەھمۇد قەشقىرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق ئەدىبلەرمۇ ئەدەبىياتنىڭ تىلى ۋە ئىپادىلەش ماھارىتى ھەققىدە ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزگەن. كىلاسسىك ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدا ئەلشىر نەۋايى (1441 - 1501)نىڭ ئورنى ۋە تۆھپىسى ھەممىدىن كۆرۈنەرلىك. ئۇ «مەجەلىسۇن نەفائىس» ئەسىرىدە تەسىرات تەنقىدچىلىك نۇقتىسىدىن 458 نەپەر شائىر - ئەدىبنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى، پەزىلىتى ۋە تەسىرى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئىجادىي باھالاپ بەرگەن[8]. نەۋايىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە پارس تىلى بىلەن چاغاتاي تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىلى سۆز بايلىقىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى مول قاپىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئىلمىي نۇقتىدىن ئىجادىيەتتە بەدىئىي تىل مەسىلىسىنى سىستېمىلىق مۇلاھىزە قىلغان. ئۇنىڭ «مىزانۇل - ئەۋزان» ناملىق ئەسىرىدە شېئىرلارنىڭ ۋەزىن نەزەرىيەسىنى تەتقىق قىلىپ، ئەرەب ئالىمى خەلىل ئىبنىدىن باشلانغان ۋە پارس ئالىملىرىنىڭ تولۇقلىغان ۋە بېيىتقان ئارۇز نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە بولغان تەسىرى ۋە ئۆزلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇلاھىزە قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ئېلىمىزنىڭ بىر گەۋدىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى، جۈملىدىن ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ تۈرتكىسىدە، شۇنداقلا رۇس تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاكتىپ تەسىرى بىلەن راۋاجلىنىپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. خەنزۇ ئەدەبىيات تارىخى، تەنقىدچىلىك تارىخى ۋە نەزەرىيەلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا غەرب نەزەرىيەلىرىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى مول نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، بىر تۈركۈم ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى شەكىللەندى. كىتاب شەكىللىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلغان ئوبزورلار ئېلان قىلىندى، تەنقىد مېتودى ۋە ئۇسۇللىرى كۆپ خىللاشتى. بۇ زور ئۇتۇق. بۇ نەتىجىلەرنى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنجىدچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشىمىز ۋە تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك.

**1) ساقلانغان مەسىلىلەر**

بىرىنچى، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ قەدىمى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ قەدىمى بىلەن ماس قەدەمدە ماڭالمىدى، تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدچىلىك ئىدىيەسىدە مەدھىيەۋازلىق ئەۋج ئېلىپ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يېتەكچىلىك رولى جارى بولالمىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پارتىيەمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ كاپالىتى، يازغۇچى- شائىرلارنىڭ ئەجرى ۋە كەڭ ئوبزورچى - ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن زور تەرەققىيات ۋە ياخشى نەتىلەرگە ئېرىشتى. پىروزا، شېئىرىيەت، نەسىر ۋە درامماتورگىيە قاتارلىق ژانىرلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ سانى ۋە كۆلىمى ئاشتى، ئىجادىيەت قوشۇنى زورايدى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى، ئۇسلۇب ۋە قۇرۇلما جەھەتلەردە زور بۆسۈش بارلىققا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى. بىراق، نۇرغۇن ئەسەرلەر تېگىشلىك باھاغا ۋە مۇلاھىزىگە ئېرىشەلمىدى. يازغۇچىلارغا ئەسىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكى ئۆز ۋاقتىدا كۆرسىتىلمىدى، ئۇلارنىڭ يېڭى ئىجادىيەتلىرى ئۈچۈن تەجرىبە - ساۋاق يەكۈنلەنمەي، بەزى سۈپەتسىز، پۇچەك، ھەتتا چاكىنا ئەسەرلەر بازار تېپىپ، كىشىلەرنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش يۈزلىنىشى ئېغىپ كەتتى. بەزى مەسىلە بار، ھەتتا ئېغىر مەسىلە بار ئەسەرلەر تەنقىد قىلىنمىدى، مەسىلىلەر چوڭقۇر قېزىلمىدى. ئەسەرنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ، ناچار تەرىپىنى قىلمايدىغان، خۇددى شى جىنپىڭ «نۇتۇق»تا ئېيتقاندەك «ماختاش ۋە ئۆز - ئۆزىنى ماختاش، مەھىيەلەش ئۆز - ئۆزىنى مەدھىيەلەش، چاكىنىلارچە ماختاپ ئۇچۇرۇش» تەك مەدھىيەۋازلىق ۋە خۇشامەتچىلىك تۈسىنى ئالغان ناتوغرا خاھىش باش كۆتۈردى. گەرچە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئوبزورلار بولسىمۇ، لېكىن سان جەھەتتىن چەكلىك، يەنە كېلىپ بۇ خىل تەنقىد ماقالىلىرىدە شەخسىي غەرەز ئارىلىشىپ قالغان، يازغۇچىلارنىڭ ياكى تەتقىقاتچىلارنىڭ شەخسىيىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، ھەتتا تىل - ھاقارەت ياكى كىنايە - تەنە تۈسى قويۇق بولغان، ئىلمىي تەنقىد قارىشىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا يازغۇچى، شائىرلار ماختاشنى تەمە قىلىپ، تەنقىدنى ياقتۇرمايدىغان، تەنقىدچىلەرنى ياقتۇرماي، ماختىغۇچىلارنى قارشى ئالىدىغان، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ رولىغا بولغان تونۇشى يېتەرسىز، تەنقىدنى قوبۇل قىلمايدىغان بىنورمال ھادىسە مەۋجۇت. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەردىن ھوزۇرلىنىشىغا پاسسىپ تەسىر ئېلىپ كەلگەن ئېغىر مەسىلە.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشى مۇنتىزملىشىش، ئويۇشۇش ۋە ھەمكارلىشىش جەھەتتە ئاجىز، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتى يەنىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن يىراق. ئۇيغۇر ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى بىر تۈركۈم پېشقەدەم ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن شەكىللەندى ۋە كۆلەملەشتى. يەنە بىر تۈركۈم قىران غوللۇق ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بىلەن كۈچلەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات تەتقىقاتى يۆنىلىشى بويىچە ئوقۇۋاتقان دوكتور ۋە ماگىستىرلاردىن تەشكىللەنگەن ياش تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدىنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. گەرچە تەنقىدچىلەر قوشۇنى زورايغاندەك بولسىمۇ، ھەمكارلىشىش ۋە مەسلىھەتلىشىش ھالقىسى كەم، ھەممەيلەن ئۆز ئالدىغا تەتقىقات قىلىپ، كۆپ كىشى بىر تېما، يەنى تەسىرى چوڭراق ئاپتور ياكى تەشۋىقاتى كەڭرەك ئەسەرگە يۈرۈش قىلىدىغان، نەشر قىلىنغان ئەدەبىي كىتابلار، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەرگە دىققەت - ئېتىبارى يەتمەيدىغان ھادىسە بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك. تەنقىدچىلەر قوشۇنىدا نام - ئابرۇي قوغلىشىشنى نىشان قىلىدىغان ناتوغرا ئىدىيە، سان قوغلىشىپ سۈپەت قوغلاشمايدىغان شۆھرەتپەرەسلىك خاھىشى بىر قەدەر گەۋدىلىك. تەنقىدچىلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى بىر قەدەر ئۆسكەن، مۇنتىزىم ئىلمىي ئۇنىۋان سىستېمىسى بويىچە تەربىيەلەنگەن بولسىمۇ، بىراق يېڭى نەزەرىيەلەرنى ئۆگىنىشى، ھەزىم قىلىشى ۋە قوللىنىشى يېتەرسىز. تەنقىدچىلەردە «ئېسىل ئەسەرلەرنى مەدھىيەلەپ، ناچارلىرىنى قامچىلاپ، چاكىنىلىرىنى تازىلاپ، سەرخىللىرىنى ماختايدىغان» تەنقىد روھى كەمچىل.

ئۈچىنچى، ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش يېتەرسىز، ماركسىزملىق مەيدان

ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئەدەبىي تەنقىدكە باغلاش ۋە قوللىنىش تېخىمۇ كەمچىل. شى جىنپىڭ «پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق»[9] تا ئېيتقاندەك بەزىلەردە «ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى» دېيدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش يوقمۇ ئەمەس. غەرب نەزەرىيەسىنىڭ كۆپلەپ تونۇشتۇرۇلۇشى بىلەن يېڭىچە بۇ ئەدەبىيات نەزەرىيە ۋە مېتودلارغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن ياش تەنقىدچىلەر كىلاسسىك تەنقىد ئەنئەنىسى ۋە ماركسىزملىق ئەدەبىي تەنقىدنى كونا ۋە زاماندىن قالغان دەپ ئانچە تىلغا ئالمايدىغان بولدى. ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى دەرسى ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات كەسپلىرىدە دەرس سائىتى ئازلىدى، مەزمۇنى ئىخچاملاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يېتەرلىك بولمىدى، شۇڭا ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قوشۇنىنىڭ سەزگۈرلۈكى، مەيدان ۋە پوزىتسىيە ئېنىقلىقى دېگەندەك ئۆتكۈر ۋە روشەن بولالماي قالدى.

**2) يېتەكچىلىك ئىدىيەسى ۋە رولى**

شى جىنپىڭنىڭ «نۇتۇق»تا ئېيتقان ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىد ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە قاراشلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا تۈزىتىش، توغرىلاش ۋە يېتەكچىلىك قىلىش رولى ناھايىتى زور.

بىرىنچى، شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە ساغلام، ئىلمىي، ئوبيېكتىپ ۋە توغرا تەنقىد قارىشى تۇرغۇزۇپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىدە مەدھىيە - ماختاشنى ئاساس قىلىپ، تەنقىد قىلمايدىغان ياخشىچاق بولۇش مەسىلىسىنى تۈزىتىشتە ۋە توغرىلاشتا «نۇتۇق»نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تەنقىدكە توغرا قارىمايدىغان، ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى توغرا تونۇمايدىغان ناتوغرا ھالەتتىن ئۇلارنى تەنقىدنى نورمال قوبۇل قىلىدىغان، تەنقىدكە ۋە تەنقىدچىلەرگە توغرا قارايدىغان ھالەتكە ئۆتنۈشتە مۇھىم رولى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرى يازغۇچىلارنى شى جىنپىڭنىڭ «نۇتۇق»ىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشكىللىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتلىرى يازغۇچى، شائىرلارغا بولغان تەربىيە - تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشى لازىم.

ئىككىنچى، شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپا، سەۋىيە قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رولغا ئىگە. شى جىنپىڭ تەلەپ قىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك تەنقىد روھى بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزدە تېخى كەمچىل. تەنقىد ئەخلاقى ۋە تەنقىدتىكى ئىلمىي پوزىتسىيە تېخى ئاجىز. شۇڭا بىز ئەدەبىي تەنقىدچىلەرنى سىياسىي ئاڭنى ئۆستۈرۈش، كەسپىي ئەخلاق بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىشىمىز، ئىلمىي ۋە مەدەنىي تەنقىد ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز ۋە توغرا قىلمىغان ئوبزورچىلارنى ئېچىپ تاشلاش ۋە خاتالىقنى تۈزىتىشكە مەجبۇر قىلىشىمىز كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنىنى ئەدەبىيات نەزەرىيە بىلىملىرى بىلەن پۇختا قوراللىنىشقا، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىشكە ۋە ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرۇش، ئۇيغۇر ئەدەبىيات نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قۇرۇلۇشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى، ياخشى ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسەت، لۇشەن ۋە فاڭجېنلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە كەڭ ئەدەبىي تەنقىدچى، تەتقىقاتچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنىڭدا ئەدەبىي تەنقىدچىلەر قوشۇنىنىڭ ھەمكارلىق، تەقسىمات ۋە بىرلىشىش روھى ئەدەبىي تەنقىد قوشۇن قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۈچىنچى، شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسىنى كۈچەيتىش ۋە تولۇقلاشتا مۇھىم رولغا ئىگە. ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيەسىنى تولۇقلاش، كۈچەيتىش ۋە ئۆگىنىش بىر مۇرەككەپ جەريان. ئالدى بىلەن ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق

ماركسىزمچىلارنىڭ ئەسلىي ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇپ، ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئىككىنچى قەدەمدە، ئۇنى تەپەككۇر ئارقىلىق ئۆز بىلىمىمىزگە ئايلاندۇرۇشىمىز، ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيە ئەمەلىيىتىگە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيە ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئۈچىنچى قەدەمدە ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر، مېتود ۋە مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە قوللىنىشىمىز، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

ئومۇمەن، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەنقىدىي ھەققىدىكى قاراشلىرى نەزەرىيەۋىلىكتە، ئىلمىيلىقتا، چوڭقۇرلۇقتا، يىراقنى كۆرەرلىكتە ۋە يېتەكچىلىكتە ئىگە. ئۇنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە رولى بار. يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئەدەبىي تەنقىد قارىشى ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ ساقلانغان مەسىلىلىرىنى تەھلىلى قىلىش، كۆرسىتىش ۋە ئۇنى ھەل قىلىش جەھەتتە مۇھىم يېتەكچىلىك رولغا ئىگە.

## ئىزاھلار:

[1][2][3][4] 中央文献研究室编. 习近平治国理政文献选编 [M]. 北京：党建出版社, 2016:204.

[5][6][7] 中央文献研究室. 习近平治国理政文献选编[M].北京：中央文献出版社、党建出版社, 2016:205.

[8] كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكى ھەققىدە»[M]. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005: 42، 43.

[9] 习近平· 在全国哲学社会科学工作座谈会上的讲话, 2015. 5. 18 . 人民网 politics. people. com. cn 2015. 5. 17 新华网. news. xinhuanet. com/2015. 5. 17

## پايدىلانمىلار:


1. 中央文献研究室编, 《习近平治国理政文献选编》 [M]. 北京：中央文献出版社、党建出版社, 2016.
2. 习近平：《在全国哲学社会科学工作座谈会上的讲话》 2015. 5. 18, 人民网：politics._people._com. cn2015. 5. 17; 新华网：news. xinhuanet. com/2015. 5. 17.
3. 中共中央宣传部编：习近平总书记系列重要讲话读本 [M]. 北京：学习出版社、人民出版社, 2016.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 06 - 120 - 03(2017) 5878 - 1005

# نەرسە ھوقۇقى قانۇنى بىلەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزئارا تەسىرى توغرىسىدا*

رىشات ھەسەن، گۈلباھار نىياز

(1. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قانۇن تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى. 830011؛
2. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، نەرسە ھوقۇقى قانۇنى بىلەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئىجابىي ۋە سەلبىي نۇقتىدىن ئۆز ئارا تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ خىل تەسىر سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن قانۇنىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتىنى ھەرگىزمۇ تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە، بۇ ئىككىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىرچانلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي نۇقتىدىن تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** نەرسە ھوقۇقى قانۇنى؛ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش؛ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى؛ ئۆزئارا تەسىرچانلىق

**物权法和遗产继承公证制度在司法实践中的相互影响**

热夏提 · 艾山，古丽巴哈尔 · 尼牙孜

**摘要：** “物权法”实施以来，物权法与遗产继承公证制度在司法实践中从正反角度产生了相互影响。因这种影响而形成的各种法律关系在社会生活中的意义绝不能低估。本文中见解两者的主要内容以及在此基础上从正反两个角度分析两者间的相互影响性。

**关键词：** 物权法；遗产继承；公证；相互影响性

**Abstract:** Since the establishment of “Property Law”, the interaction effects between “Property Law” and notarization of inheritance succession in juridical practice has been put forward. Therefore, the interaction effects cannot be underestimated. This paper analyzes both positive and negative influences and their interactions based on the content of the law.

**Keywords:** Property Law; Notarization of Inheritance Succession; interaction

كىتابلارنى جۈرگۈچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D923.5، D923.2 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» نىڭ مەزمۇنى

دۆلەت ئىسلاھات - ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىشى ۋە ھارماي - تالماي ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە غايەت زور ماددىي بايلىق يارىتىلدى. خەلق شۇ ماددىي بايلىقنى يارىتىش بىلەن بىرگە، ئۇنى مەخسۇسلاشقان بىر قانۇن بىلەن قوغداشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تەدرىجىي تونۇپ يەتتى ۋە بۇ مەسىلىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشقا باشلىدى. «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» دەل مۇشۇ ئېھتىياجنىڭ مەھسۇلىدۇر.

«نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» نىسبەتەن ياش قانۇن بولۇپ، 2007 - يىلى تۈزۈلگەن. ئۇ ئاساسلىقى نەرسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش ھەم تەپسىلىي ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئېنىقلاش مۇكەممەل قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش، پۇقرالارنىڭ قانۇن

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتورلار:** رىشات ھەسەن(1979 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى تەتقىقاتچى، ئادەت قانۇنى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
گۈلباھار نىياز(1969 - يىلى 8 - ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى ۋە ئادۋوكاتلىق، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئېگىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن، ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىشقا يېتەكلەش قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلغان، ھوقۇقنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن ھەق - تەلەپ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيغان قانۇن - قائىدىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

«نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نى ئۆزىگە خاس فۇنكسىيەگە ئىگە بولۇپ، بىرىنچىدىن، نەرسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. نەرسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نى تۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ يادروسى بولۇپ، «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» دەل شۇ فۇنكسىيەنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ نەرسە ھوقۇقى جەھەتتىكى قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەن نەرسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ نەرسە ھوقۇقى جەھەتتىكى قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىدۇ. يەنى ئاساسلىقى نەرسىنىڭ تەۋەلىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ھەق - تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەق - تەلەپ مۇناسىۋەتلىرىنى قانۇن بويىچە تەڭشەيدۇ. ھەق - تەلەپ سۇبيېكتلىرىنىڭ نەرسە تەۋەلىكىگە بولغان تەلىپىنى پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلغان ھالدا ئايرىش بىلەن بىرگە، ئۇنى قانۇن مۇھاپىزىتى ۋە قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، قانۇنىي مۇناسىۋەتنىڭ توغرا ھەل بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، نەرسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. نەرسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقى ئۇنىڭ تەۋەلىكىنىڭ توغرا، ئىلمىي ۋە قانۇنلۇق ئايرىلىشى بىلەن ئۇڭ تاناسىپ بولىدۇ. چۈنكى نەرسە تەۋەلىكىنىڭ ئايرىلىشىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى نەرسىنىڭ ئىشلىتىلىشىدە زىددىيەت پەيدا قىلىدۇ. بۇ تەبىئىي ھالدا نەرسىنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» دەل مۇشۇ خىل يوشۇرۇن خەۋپنى يوقىتىش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇش فۇنكسىيەسىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ بۇ فۇنكسىيەسى نەرسىنىڭ تەۋەلىكىنى توغرا ئايدىڭلاشتۇرۇشنى، ھوقۇق ئىگىسىنىڭ شۇ نەرسىگە بولغان قانۇنلۇق ھوقۇق مەنپەئېتىنى قوغداشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

## 2. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ ئاساسلىق، شۇنداقلا بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان كەسپىي گۇۋاھلىقى تۈرى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئەمەلىيىتىدە، مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچىغا ئىزچىل ھالدا ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ئېلان قىلغان مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆججەتلىرىنىڭ مەزمۇنى ئاساس قىلىنىپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتى چىقىرىپ بېرىلگەن. ئۇ بىر تۈرلۈك غەيرى دەۋا ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى ساقلاش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

### 1) مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى - دۆلەت قانۇنى ئېتىراپ قىلغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرى چىقارغان ۋارىسلارنىڭ مىراس قالدۇرغۇچىلارنىڭ مىراسىغا قانۇن بويىچە ۋارىسلىق قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان نوپۇزلۇق ئىسپاتتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزدە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى: ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئاپپاراتى دۆلەتكە ۋاكالىتەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپى ھوقۇقىنى بىر تۇتاش يۈرگۈزۈپ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشقا ئائىت گۇۋاھلىق ئىشلىرىنىڭ ھەققىي، قانۇنلۇق بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ۋارىسلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىغا

كاپالەتلىك قىلىپ، تۈرلۈك تالاش - تارتىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ۋارىسلارنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن - ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىش تەربىيەسى بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**2) مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەسى**

بىرىنچى، مىراس قالدۇرۇش بىلەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ. ئاساسلىقى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تارماقلىرى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، مىراس قالدۇرغۇچىلارنىڭ ۋارىسلارغا مىراس قالدۇرۇش، ۋارىسلارنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنى قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى مۇھاپىزىتى ۋە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، راستچىل، قانۇنلۇق بولۇش ئاساسىدا، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ماسلاشتۇرۇپ، قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىككىنچى، قانۇننىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى مەزكۇر قانۇنىي مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى پائالىيىتى ئارقىلىق قانۇننىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تالاش - تارتىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىپ، مىراس دەۋالىرىنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە كونترول قىلىدۇ. پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىراس قالدۇرغۇچى ۋە ۋارىسلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

ئۈچىنچى، ۋاستىچىلىق فۇنكسىيەسىگە ئىگە. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى ۋاقىت، ئورۇن، تىل ۋە ھاكىمىيەتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. ئۇ خەلقئارادا ئۆتنۈشلۈك قانۇن ھۆججىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، دۆلەت ھالقىغان مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش دېلولىرىنى ئالاقىدارلارنىڭ قانۇنلۇق تەلىپى بويىچە ئىشلىيەلەيدۇ. بۇ ئىقتىدارى ئۇنىڭ ۋاستىچىلىق فۇنكسىيەسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ خەلقئارالىق ھەق - تەلەپ مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۇھىم قورال ھېسابلىنىپ، ئارازلىقلارنى ئازايتىپ، ئۆزئارا ئىشەنچنى تىكلەش رولىغا ئىگە، دەپ قارىلىدۇ.

**3) مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ تۈرلىرى**

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى مىراس قالدۇرغۇچىلارنىڭ مال - مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە ئىگە بولىدىغان ھوقۇقىدۇر. ئۇ سۇبيېكتى مەخسۇس بېكىتىلگەن ھوقۇق بولۇپ، قانۇن بويىچە بېكىتىلگەن ۋارىس ۋە ۋەسىيەت بويىچە بېكىتىلگەن ۋارىستىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مىراس قالدۇرغۇچى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋارىسلىق باشلىنىدۇ. بۇ خىل ھوقۇق ماھىيەت جەھەتتە تەبىئىيلا شەكىللىنىدىغان بولۇپ، مەلۇم بىر ئورگاننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشىنى شەرت قىلمايدۇ. ۋارىسلىق بىر تۈرلۈك ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن، قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۇقرالارنىڭ ۋاپات بولۇشى ياكى ۋاپات بولغانلىقى جاكارلانغاندىن باشلاپ، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ مىراسى، ھەقدارلىق ھوقۇقى ۋە قەرزىگە نىسبەتەن، ۋارىسلارنىڭ قانۇندا بېكىتىلگەن تەرتىپ بويىچە ۋارىسلىق قىلىدىغان ھەق - تەلەپ قانۇن ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. نەرسە ھوقۇقى قانۇنى بىلەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزئارا تەسىرى

**1) «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىگە كۆرسەتكەن تەسىرى**

«نەرسە ھوقۇقى قانۇنى» تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئەسلىي مەنىدىكى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىگە بىر

قەدەر زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭغا ئىجابىي ۋە سەلبىي نۇقتىدىن قاراش كېرەك.

ئىجابىي تەسىرى: بىرىنچى، «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى سەۋەبلىك، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى دېلولىرى سان جەھەتتە ئازىيىپ، سۈپەت جەھەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. چۈنكى بۇ تۈردىكى دېلودا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ بايانىنى ئاڭلاش، تەمىنلىگەن ئىسپات ماتېرىياللىرىنى بىرمۇ - بىر دەلىللەش، راست - يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش، ھەقىقىي، قانۇنلۇقلۇقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار ئىش ھالقىلىرى بويىچە خىزمەت قىلىدۇ. بۇنداق مۇرەككەپ ئىش ھالقىلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى باشلىنىشى بىلەنلا نەرسە ھوقۇقىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تىزىمغا ئالدۇرىدىغان ئورگانلارغا بىۋاستە تىزىمغا ئېلىشقا ئىلتىماس قىلىشى بىر قىسىم ئاددىيراق دېلولارنىڭ ئاسانلا بىر تەرەپ بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، مۇرەككەپ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى دېلولىرىنىڭ توغرا، سۈپەتلىك ئىشلىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى سەۋەبلىك، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنىڭ خىزمەت مىقدارىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇپ كېتىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىپ، خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى ئاشۇرۇلدى. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ ئورۇن بېسىپ ۋارىسلىق قىلىش، ۋارىسلىقنىڭ يۆتكىلىشى، ۋارىسلىقتىن ۋاز كېچىشتىكى مەقسىتىنى تەكشۈرۈش، ئاساسلىق مىراسنىڭ مىقدارى ۋە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ دائىرىسى، كۆپ مىراسخورلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشتىكى تەرتىپى ۋە ئېرىشىدىغان نىسبىتى، ۋەسىيەتنىڭ ھەقىقىي ۋە قانۇنلۇق بولۇشى، ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتى ۋە مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىر قاتار كونكرېت تۈرلىرى بولۇپ، ھەر بىر تۈر خېلى زور ھەجىمدىكى خىزمەت مىقدارىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىملىرىنىڭ خىزمەت بېسىمىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ ۋە خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ. «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىغا سۇنۇلغان ئىلتىماسنى ئازايتىپ، خىزمەت بېسىمىنى تەبىئىي ھالدا يېنىكلىتىپ، ئۈنۈمدارلىقنى ئاشۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن باشقا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى دېلولىرىنىڭ بېجىرىلىشىنى زور مىقداردىكى زېھىن كۈچ، مالىيە كۈچى ۋە باشقا ئىمكانىيەت بوشلۇقىغا ئېرىشتۈرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ساھەسىگە بولغان يېڭى ھەم يوشۇرۇن ئېھتىياجلىرىنىڭ قېزىپ چىقىلىپ، ئۇنىڭ يېڭى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈرىگە ئايلىنىشىغا مۇئەييەن شەرت - شارائىت ھازىرلايدۇ.

سەلبىي تەسىرى: بىرىنچى، «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى سەۋەبلىك، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلىدى. «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ 29 - ماددىسىدا: «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ياكى ھەدىيە قىلىش يولى بىلەن ئېرىشىلگەن نەرسە ھوقۇقى ۋارىسلىق ياكى ھەدىيە قىلىش باشلانغاندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، ۋاپات بولغۇچى ھايات ۋاقتىدا مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچىغا قالدۇرغان نەرسە ھوقۇقى تىزىمغا ئېلىنمىسىمۇ بولىدۇ، يەنى ۋارىسلىق قىلغۇچى نەرسە ھوقۇقىغا تەبىئىي يوسۇندا ئېرىشىدۇ. شۇ سەۋەبلىك مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى نەرسە ھوقۇقىغا ئېرىشىشنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى بولماي قالىدۇ. بۇ ئېنىقلا مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى چەكلەيدۇ.

ئىككىنچى، «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى سەۋەبلىك، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ ئىقتىسادىي

مەنبەسى ئىبغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي كىرىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى ۋە بايانىنى تەپسىلىي ئاڭلاش، كۆرۈپ چىقىش، تەمىنلىگەن ئىسپات ماتېرىياللىرىنى بىرمۇ - بىر دەلىللەش، راست - يالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىش، ھەقىقىي، قانۇنلۇقلىقىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق بارلىق جەريانلارنىڭ ھەممىسى ھەقلىق مۇلازىمەت جەريانلىرىدۇر. لېكىن ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ نەرسە ھوقۇقىغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى تىزىمغا ئالدۇرىدىغان ئورگانلارغا بىۋاستە تىزىمغا ئېلىنىشى سەۋەبلىك، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورۇنلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كىرىدىغان كىرىمى زور دەرىجىدە ئازلاپ، ئىقتىسادى كىرىمى ئىبغىر چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

ئۈچىنچى، «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»نىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇشى سەۋەبلىك، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ كونكرېت تۈرلىرى تەسىرگە ئۇچرىدى. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئورۇن بېسىپ ۋارىسلىق قىلىش، ۋارىسلىقنىڭ يۆتكىلىشى، ۋارىسلىقتىن ۋاز كېچىشتىكى مەقسىتىنى تەكشۈرۈش، ئاساسلىق مىراسنىڭ مىقدارى ۋە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ دائىرىسى، مىراسخورلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشتىكى تەرتىپى ۋە ئېرىشىدىغان نىسبىتى، ۋەسىيەتنىڭ ھەقىقىي ۋە قانۇنلۇق بولۇشى، ۋەسىيەت بويىچە ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ سالاھىيىتى ۋە مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىر قاتار تۈرلىرى بولۇپ، بۇ تۈرلەرگە بولغان گۇۋاھلىق ئىلتىماس مەنبەسىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ، قاراتمىلىقى ئىگە رولىنى جارى قىلدۇرۇشى بىۋاستە تەسىرگە ئۇچرىدى.

**2) مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى**

مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كۆرسىتىۋاتقان تەسىرىنىمۇ ئىجابىي ۋە سەلبىي نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىجابىي تەسىرى: بىرىنچى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ مۇكەممەللىشىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغىنىغا 10 يىلچە بولىدى. دۆلىتىمىز قانۇن سىستېمىسىغا نىسبەتەن ئۇ تېخى بىر ياش قانۇن بولۇپ، ئالاقىدار ماددىلىرى تېخى مۇكەممەللىشىپ كېتەلمىدى. ۋەھالەنكى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش بولسا كىشىلەرنىڭ بىۋاستە مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان، مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان، كونكرېت ۋە جانلىق مەزمۇنغا ئىگە قانۇنىي مۇناسىۋەت. نەرسە ھوقۇقى قانۇنى ھازىرچە بۇ خىل مۇرەككەپ قانۇنىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ ئۈنۈم كۈچى ۋە ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش ئىقتىدارىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ مۇكەممەللىشىپ بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىككىنچى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدىكى يوچۇقلارنى ئېتىدۇ. چۈنكى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ 29 - ماددىسىدا: «مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ياكى ھەدىيە قىلىش يولى بىلەن ئېرىشىلگەن نەرسە ھوقۇقى ۋارىسلىق ياكى ھەدىيە قىلىش باشلانغاندىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ماددا بىر قەدەر ئابستراكت، پرىنسىپال بولۇپ، كونكرېت ئىجرا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن مۇرەككەپ ۋە ئەمەلىي بولغان مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش دېلولىرىنى توغرا ھەم تەلتۆكۈس بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن. بۇ خىل مەزمۇندىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئالاقىدار قانۇن ماددىلىرىنىڭ تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىدا كۆرۈلگەن يوچۇقلارنى

ئېتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

سەلبىي تەسىرى: بىرىنچى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈزۈمى ئۆزىدىكى تەبىئىي ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ، نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ ئۈنۈم كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ مۇھىم كەسىپ تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلتىماس قىلغۇچىلارغا قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋارىسلىق، ۋەسىيەت ۋارىسلىقى ۋە ئىككىسى بىرلەشكەن ۋارىسلىق ھۆججىتىنى چىقىرىپ بېرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋارىسلىق ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈرلىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. مەسىلەن، مىراس ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش جاكارنامىسى، مىراسنىڭ ھېسابىنى ئېلىش، ئايرىش دېگەندەك. نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى شۇكى، ماددىلىرى كونكرېت ئەمەس، ئىسپات بېجىرىشكە ئائىت تەرتىپلەر، توغرىسىدىكى ماددىلارمۇ دېگەندەك مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەچكە، بۇ تەبىئىيكى بۇ قانۇننىڭ ئۈنۈم كۈچىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشقا ئائىت مۇرەككەپ دېلولارغا قارىتا، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئۆزىدىكى كونكرېت، جانلىق، قاراتمىلىققا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ رولى ۋە فۇنكسىيەسىگە خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ. نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماددىلىرى كۆپرەك مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشقا ئائىت ئاددىي دېلولارغا ماس كېلىدۇ. مۇرەككەپ دېلولارغا كېرەك بولىدىغىنى يەنىلا كونكرېت ماددىلار بولۇپ، بۇ قىيىنچىلىقنىڭ ھۆددىسىدىن يەنىلا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ گۇۋاھلىق ئىسپاتى چىقالايدۇ. مەسىلەن، ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسىدىكى دېلو خىلمۇ - خىل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋارىسلىق بولۇشىمۇ، ۋەسىيەت ۋارىسلىقى بولۇشىمۇ ۋە ئىككىسى بىرلەشكەن ۋارىسلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇنىڭدىن باشقا ۋارىسلىق ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك باشقا ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى تۈرلىرىدىن مىراس ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش جاكارنامىسى، مىراسنىڭ ھېسابىنى ئېلىش، ئايرىش دېگەندەك مەزمۇنلارمۇ ئارىلىشىپ كېلىشى مۇمكىن. نەرسە ھوقۇقى قانۇنى بۇ خىل مۇرەككەپ دېلولارغا قارىتا ئۆزىنىڭ رولى ۋە فۇنكسىيەسىنى يېتەرلىك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇپ كېتەلمەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە نەرسە ھوقۇقى قانۇنى بىلەن مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىش، مۇكەممەللىشىش بوشلۇقىغا ئىگە. جەمئىيەت ھەر ئىككىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا موھتاج. ئەمما نەرسە ھوقۇقى قانۇنىنىڭ مۇكەممەللىشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تېخىمۇ زور سىناقلارغا ئۇچراپ، بۇ تەرەپتىكى يېڭىدىن - يېڭى مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىنى قېزىپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ تەڭشەش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشى مۇقەررەر.

## پايدىلانمىلار:


1. «نەرسە ھوقۇقى قانۇنى»، «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلار.
2. جاڭ ۋېيپىڭ: «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ ئۈنۈم كۈچى ھەققىدە تەتقىقات»[J]. قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى، 2011(1): 24.
3. فېڭ يۆكۈن: «ۋارىسلىق ھوقۇقىنىڭ ماھىيىتىنى قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيەسىدىن كۆزىتىش»[J]. قانۇن پەن - تېخنىكىسى، 2004(4) :24.
4. كاڭ خۇڭ. «ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىسپاتىنى تەكشۈرۈش ھەققىدە تەتقىقات»[J]، غەربىي جەنۇب مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2006(5):1.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)03 - 126 - 09

# شىنجاڭدا پسىخىك خەۋپكە كوللېكتىپ ئارىلىشىش مەشغۇلاتى جەريانى توغرىسىدا*

ئايشەم ئەخمەت

(شىنجاڭ ساقچى ئىنستىتۇتى چەتكە ئالاقىدار ساقچى خىزمىتى فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى. 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** كىشىلەر خەۋپكە ئۇچراپ جىددىي ھالەتتە تۇرغان ۋاقىتتا، ئەسلىدىكى نورمال ھالىتى بۇزۇلۇپ قانداق قىلىشنى بىلمىگەنلىكتىن ھېسسىيات، تونۇش، ھەرىكەت ئىقتىدارى تاناسىپسىزلىشىدۇ ھەم بىر خىل نورمالسىز ھالەتكە كىرىپ قالىدۇ. خەۋپكە ئارىلىشىش خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يەككە ياكى كوللېكتىپقا قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ خەۋپنى يېڭىش، پسىخىكىلىق ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قارىتىلغان، ئارىلىشىش خىزمىتى ئاساسەن ئۆلۈۋېلىش ۋە PTSD پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قارىماي ئوت ئاپىتىدىن باشلانغان خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتىدىن، بۈگۈنگە قەدەر توختاۋسىز يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىغىچە، شىنجاڭدا ئۆزگىچە خاس خەۋپكە ئارىلىشىش ئەندىزىسى ۋە ئۇسۇللىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۇسۇللار نۇرغۇن كىشىلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئازاب دېڭىزىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۆز رولىنى مۇئەييەن جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** شىنجاڭ؛ پسىخىك خەۋپكە ئارىلىشىش؛ PTSD؛ پسىخىك زەخىم

## 论新疆群体参与心理危机干预操作流程

阿依夏木 · 艾合买提

**摘要**：心理危机是指人处在紧急状态时原有的心理平衡状态被打破，继而出现无所适从，导致情感、认知、行为功能的失调，而进入的一种失衡状态。危机干预是对处在心理危机状态下的个人或群体采取明确有效的措施,使被干预者战胜危机，恢复心理功能的过程，主要是为了防止将来自杀或 PTSD 的出现而进行的。从克拉玛依大火开始到今天的不断发生的暴力恐怖事件，新疆形成了独特的危机干预流程和方法。这些方法发挥着应有的作用，帮助修复了很多受伤的心灵。

**关键词**：新疆；危机干预；PTSD；心理创伤

**Abstract:** Psychological crisis refers to a process of being mentally dis-balanced to emotionally, cognitively and physically disabled under a state of emergency. The crisis intervention is a explicit measure to prevent individual or collective psychological crisis to being even worse, especially from suicidal activities or PTSD and recovering from the mentally dis-balanced conditions. From the fire incident taken place in Karmay to constant terrorist attacks in Xinjiang, an unique process and measures of crisis intervention has been introduced in Xinjiang. These measures are playing positive roles and helping to recover amounts of minds from the psychological trauma.

**Keywords:** Xinjiang; crisis intervention; PTSD; psychological trauma

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: R395    ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. پسىخىكىلىق خەۋپنى تونۇش

پسىخىكىلىق خەۋپ ـ مەلۇم كۈچلۈك روھىي غىدىقلاش كىشىلەرنىڭ چىداش دائىرىسىدىن ھالقىپ

---

*بۇ ماقالە 2017 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئايشەم ئەخمەت(1965 ـ يىلى تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دۆلەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك پسىخىك مەسلىھەتچى، جىنايەت پسىخولوگىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كەتكەنلىك تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ پىسخىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، ئەسلىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىغا تايىنىپ بۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ كېتىش مۇمكىن بولمىغان بىر خىل ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر خەۋپكە يولۇققاندا تۇرمۇش دەۋرىيلىكى ۋە تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. پىسخىكىلىق خەۋپ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى يەككىدە شۇ بۇزغۇنچىلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قورقۇش، چۆچۈش، چارىسىزلىق ۋە قايغۇ ئىچىدە قېلىشتەك تۇيغۇلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا خەۋپنى بىر خىل بىلىش دېيىمىز.

پىسخىكىلىق خەۋپ پىسخىك زەخىمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئامېرىكا پىسخولوگى تېر (Terr 1989 - يىلى) نىڭ بۆلۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل زەخىم ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ: I تىپلىق زەخىم، ئۇ جىددىي خاراكتېرلىك زەخىم ياكى ئا تىپلىق زەخىم دېيىلىدۇ، بۇ ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان، قوبۇل قىلىش قىيىن بولغان خەۋپ كەلتۈرۈپ چىقارغان زەخىمگە قارىتىلغان. بۇلارنى تەبىئىي ئاپەتلەردىن يەر تەۋرەش، كەلكۈن، ئوت ئاپىتى، دېڭىز تاشقىنى، مۇسىبەت قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەر ؛ غەيرى تەبىئىي ئاپەت خاراكتېرلىك زەخىملەردىن ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈلۈش، يېقىنلىرىدىن ئايرىلىش، تۇتقۇن قىلىنىش، جىنسىي زوراۋانلىق، ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش، زور قاتناش ۋەقەسى، يۇقۇملۇق كېسەل تارالىش قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل زەخىم كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كېتىدىغان بولۇپ، ئۇنتۇپ كېتىش ئىنتايىن قىيىن. بۇ خىل زەخىمگە ئۇچرىغان كىشىلەردە ئاستا خاراكتېرلىك مەيۇسلۇك، ئاستا خاراكتېرلىك بەدەن ئاغرىقى، خورلاش ياكى خورلىنىش خۇمارى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بولماسلىق، ئۈمىدسىزلىك، يېڭى ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كىشىلەرنىڭ I تىپلىق زەخىمگە ئۇچرىغان ۋاقتى ئوخشاش بولمىغان ياش باسقۇچىغا توغرا كەلگەچكە، بۇ خىل زەخىمگە ئۇچرىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزى ساقىيىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما يەنە بىر قىسىم كىشىلەرگە قارىتا كەسپىي خادىملار مۇناسىپ شەكىلدە ئارىلىشىپ ياردەم بەرمىسە II تىپلىق زەخىمگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

II تىپلىق زەخىم ئاستا خاراكتېرلىك زەخىم ياكى ب تىپلىق زەخىم دېيىلىدۇ، بۇ خىل زەخىم كىشىلەرنىڭ بالىلىق مەزگىلىدە يۈز بېرىدىغان بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ ھامىيسى ياكى ئىشىنىدىغان، يېقىنىدىغان كىشىسى تەرىپىدىن قايتا - قايتا زەخىمگە ئۇچرىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خىل بالىلاردا ئىنكار قىلىش، چېچىلاڭغۇلۇق، ئۆزىنى ئۆزى ناركوزلاش، ھۇجۇم قىلىش، ئەخلاق پەزىلەت تۇسالغۇسى، دىققىتىنى يىغالماسلىق، ئاغرىق سەزگۈسى تۆۋەن بولۇش، كەيپىياتى ناچار بولۇش، روھىي جەھەتتە بىخۇدلىشىش، باشقىلار بىلەن ھېسسىياتتا ئورتاقلىشالماسلىق، يېقىنلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، مەيۇسلۇك (خامۇشلۇق)، شەخسىيەت تۇسالغۇسى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. II تىپلىق زەخىم پەقەت بالىلىق مەزگىلىدە كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە ئۆزلۈكىدىن ساقىيىش ئېھتىماللىقى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر ئىككى خىل زەخىمگە ئارىلىشىپ، داۋالاش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

I تىپلىق زەخىمگە ئۇچرىغانلاردا ئادەتتە ئاز كۆرۈلىدىغان نورمالسىز ئىنكاسلار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر شەيئىلەرگە ئېتىبارسىز پوزىتسىيە تۇتىدىغان، سېزىمى يوقالغان ھالەتكە چۈشۈپ قالسا؛ يەنە بەزىلەر شەيئىلەرگە قارىتا كۈچلۈك ئىنكاستا بولىدۇ. بەزىلەردە كۈچلۈك ئارامسىزلىنىش ئىنكاسى پەيدا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نورمال ئىنكاسلار بولۇپ، ئادەم بەدىنىنىڭ نورمالسىز ئەھۋاللارغا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قايتۇرغان نورمال ئىنكاسلىرىدۇر. مەلۇم بىر مەزگىللىك تەڭشەشتىن كېيىن بۇ ئىنكاسلار يوقىلىپ، ئەسلىدىكى نورمال ھالەتكە قايتىدۇ. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن، بۇ خىل ئىنكاسلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقالماستىن، بەلكى ئۇزۇن مەزگىل ساقلىنىپ قېلىپ، ئۇلاردا ۋەقەدىن كېيىنكى خەۋپسىرەش تۇسالغۇسى PTSD (Post Traumatic Stress Disorder) نى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا زور ئاپەت ( I تىپلىق زەخىم ) دىن كېيىنكى خەۋپكە ئارىلىشىش ئاساسەن ئۆلۈۋېلىش ۋە PTSD

پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەتتە خەۋپ يۈز بېرىپ ئالتە ئايدىن كېيىن PTSD ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئەگەر ئالامەتلەرنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىر ئايدىن ئېشىپ كەتسە، PTSD دەپ دىياگنوز قويۇشقا بولىدۇ.

PTSD نىڭ ئالامەتلىرى: كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا زەخىم خاراكتېرلىك ئالامەتلەر قايتا نامايان بولۇپ كۆز ئالدىدىن كەتمەسلىك؛ ۋەقەدىكى قاباھەتلىك كۆرۈنۈشلەر ئىختىيارسىز پەيدا بولۇش، ھەتتا قايتا يۈز بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇش؛ ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە سەزمەس بولۇپ قېلىش، سەزگۈرلۈكى ئالاھىدە يۇقىرىلاپ كېتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك ئالامەتلەر PTSD نىڭ يادرولۇق ئالامىتى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، تۈرلۈك خۇمار بولۇش، ھوجۇم قىلىش، ئۆزىنى زەخىملەندۈرۈش ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش قاتارلىق ئالامەتلەرمۇ كۆرۈلىدۇ. ئامېرىكا تەتقىقاتچىلىرى يەنە قارا بېسىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيقۇ توسالغۇسىنىمۇ PTSD ئالامەتلىرىنىڭ بىرى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوخشاشلا نۇرغۇن PTSD بىمارلىرىدا مەيۈسلۈك كېسەللىكى بىللە كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك كىشىگە ئۇزۇن مۇددەتكىچە، ئېغىر ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ۋېيېتنام ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدە PTSD كېسەللىكىنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى 3% ـ 58% گىچە بولغان، ھەتتا بەزىلەردە 90% دىن ئېشىپ كەتكەن. ئوخشاش تۈردىكى باشقا بىمارلارنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، 14 يىلدىن كېيىنمۇ 25% كىشىدە بۇ خىل كېسەللىك داۋاملىق ساقلانغانلىقى مەلۇم بولغان. شۇڭا خەۋپ يۈز بەرگەندىن كېيىن، دەرھال خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، خەۋپكە ئارىلىشىش زۆرۈر.

ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى: بىرى، بىر قىسىم كىشىلەردە زور خەۋپكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئادەتتە كۆرۈلۈشكە تېگىشلىك دەپ قارالغان قايغۇرۇش، ئازابلىنىش، ئازابلىق كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدىن كەتمەسلىك، ئۇخلىيالماسلىق، ئىشتىھاسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر روشەن بولمايدۇ. دەل مۇشۇنداق كىشىلەردە PTSD نىڭ كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى ئېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. يەنى ئازابلىق ھادىسە ئۆتۈپ كېتىپ، ئاساسەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندا، بىمار ئاندىن يۇقىرىقى كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ؛ يەنە بىرى، ئادەملەردە پسىخىك ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى بولىدۇ. پسىخىكىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى يەنە پسىخىك ئېلاستىكلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئۆتكۈنچىسىزلىق، مەغلۇبىيەت ياكى ئۆزگىرىشچان ئەھۋالغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدا خىلمۇخىل قىيىن ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندا، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇپ، ئاكتىپ كەلگۈسىنى قۇرۇپ چىقىش ئىقتىدارىغا قارىتىلغان. ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان كىشى ئۆتكۈنچىسىزلىق تەرىپىدىن باش ئەگمەيلا قالماستىن، بەلكى قىيىنچىلىقلار ئىچىدىن مەسىلىنى ھەل قىلىش يۇرۇستىنى تاپالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، خەۋپ زەربىگە ئۇچرىغانلارنىڭ روھىيىتىنى گۇمران قىلىۋېتىشى مۇمكىن. بۇ ماقالىدە پەقەت I تىپلىق زەخىم ۋە بۇ خىل زەخىمگە قارىتا كوللېكتىپ ئارىلىشىش توغرىسىدا توختىلىمىز.

## 2. خەۋپكە ئارىلىشىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچى ۋە مەشغۇلات تېخنىكىسى

خەۋپ (پسىخىكىلىق خەۋپ) كە ئارىلىشىش ــ خەۋپ ئىچىدە قالغان يەككە ياكى كوللېكتىپقا كۆرۈلۈۋاتقان ئالامەتلەرنى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ئازايتىش ياكى يوقىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ پسىخىكىلىق ئىقتىدارىنى خەۋپتىن بۇرۇنقى ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىش ياكى يېقىنلاشتۇرۇشقا قارىتىلغان. خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتى پسىخىك مەسىلىھەتنىڭ بىر تۈرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىنسانشۇناسلىق، سىياسىيشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق پەنلەرگە چېتىلىدىغان

بىر تولۇق جىددىي خىزمەت. مەملىكىتىمىزنىڭ خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتى 1994 - يىلىدىكى «8 - سېنتەبىر قارامايى چوڭ ئوت ئاپىتى»دىن باشلانغان. شىنجاڭنىڭ خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتى 2008 - يىلى «12- ماي ۋېنچۈەندىكى زور يەر تەۋرەش ئاپىتى»گە ياردەم بېرىشتىن باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، 2009 - يىلىدىكى «5- ئىيۇل ۋەقەسى»دە شىنجاڭ ئاياللار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى پسىخىك مەسلىھەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ۋەقە ئېغىر بولغان مەھەللەرگە ھەتتا ئۆيلەرگىچە كىرىپ، خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭدا تېررورلۇق، زوراۋانلىق دېلولىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىشى خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتىنى مۇقىملىق خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق كۈچى بولغان ساقچىلار قوشۇنىغىچە ئېلىپ كىردى.

خەۋپكە كوللېكتىپ ئارىلىشىش تۆۋەندىكى ئالتە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى. مەسىلىنى بېكىتىش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ياردەم سورىغۇچىنىڭ مەسىلىسى بېكىتىلىدۇ ۋە بۇ جەھەتتە چۈشىنىش ھاسىل قىلىنىلىدۇ. ئەگەر مەسلىھەتچىلەرنىڭ نەزەرىدىكى خەۋپ دەپ قارالغان مەسىلە خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ خەۋپ دەپ قارىغان مەسىلىسى بىلەن بىردەك بولمىغاندا، پسىخىك مەسلىھەتچىنىڭ ئارىلىشىش پىلانى، تىرىشچانلىقلىرى ياكى رولى جايىغا چۈشمەي قېلىشى، ھەتتا بۇ خىل ئارىلىشىش خىزمىتى ھېچقانداق رول ئوينىيالماسلىقى مۇمكىن. شۇڭا ئارىلىشىش باشلانغاندا ئاڭلاشنى ئاساس قىلىش بىلەن بىرگە، ھېسداشلىق قىلىش، چۈشىنىش، سەممىي بولۇش، قوبۇل قىلىش ۋە ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولۇپ، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا ھۆرمەت قىلىش زۆرۈر.

ئىككىنچى، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش باسقۇچى. خەۋپكە ئارىلىشىش جەريانىدا، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمەتنىڭ باش نىشانى قىلىنىدۇ. مەيلى باھالاش، ئاڭلاش ياكى ھەرىكەت پىلانى تۈزۈش جەريانىدا بولسۇن، بىخەتەرلىكنى باشتىن - ئاخىر ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش لازىم. چۈنكى بۇ باسقۇچتا خەۋپكە ئۇچرىغان يېتەكلەش ئوبيېكتى يۈز بەرگەن خەۋپتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، خەۋپنى تىلغا ئېلىشنى خالىمايدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە: خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئۇلارغا ماددىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش، ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەمراھ بولۇش، يار - يۆلەكسىز قالغانلارغا پسىخىك ياردەمچى ھەمراھ بولۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ ۋاقىتتا پسىخىك مەسلىھەتچى خەۋپكە ئۇچرىغۇچىغا خۇددى مېھرىبان ئانا ئاجىز بالىسىغا ھەمراھ بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىشى كېرەك.

ئۈچىنچى، قوللاش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا خەۋپكە ئۇچرىغۇچى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، پسىخىك مەسلىھەتچىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىغۇچىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ياردەم بېرەلەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. بۇ جەرياندا خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنى دەرىجىگە تۇرغۇزماي، شەرتسىز قوبۇل قىلىش لازىم. بۇ يەنە خەۋپكە ئۇچرىغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، رېئاللىققا يۈزلىنىش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ تەدرىجىي تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلار خەۋپ ئېلىپ كەلگەن تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى تونۇپ يېتىشكە يۈزلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە: ئالاقىدار مۇراسىم ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىدا داۋاملىشىۋاتقان ئەسلىمە ۋە ھەسرەتنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ باسقۇچتا پسىخىك مەسلىھەتچى دانىشمەنلەرنىڭ رولىنى ئالىدۇ.

تۆتىنچى، ئۆزگىرىشچان تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم ئىسپاتلاش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ تاللىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كۆپ خىل ئۇسۇل ۋە چارىلەر كۆرسىتىلىدۇ. چۈنكى خەۋپكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ

تەپەككۇرى جانسىز، تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ئىنتايىن چارىسىز (بىچارە) ھالغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا كۆرسىتىلگەن كۆپ خىل چارىلەر تۇرمۇشتا يەنە باشقا تاللاشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلاردا يېڭىباشتىن ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ. بۇ چارىلەر ئىچىدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىلنىڭ رولى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، كىشىلىك مۇھىتنىڭ قوللىشى. يەنى كىملەر ئىلگىرى ياكى ھازىر ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەن ھەم بۆلۈۋاتىدۇ؛ يەنە بىرى، تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمى. خەۋپكە ئۇچرىغۇچى خەۋپنى يېڭىشتە قوللىنىشقا بولىدىغان پائالىيەت ياكى پايدىلىنىدىغان مۇھىت بايلىقلىرى؛ ئۈچىنچىسى، ئاكتىپ تەپەككۇر ئۇسۇلى، بۇ مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتىپ كىشىلەردىكى تەشۋىشلىك ھالەتنى يەڭگىللىتىدۇ.

بەشىنچى، پىلاننى مۇقىملاشتۇرۇش. بۇ تۆتىنچى باسقۇچتىن بىۋاسىتە لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. بۇ باسقۇچتا مەسلىھەت بەرگۈچى خەۋپكە ئۇچرىغۇچى بىلەن بىرلىكتە خەۋپكە ئۇچرىغۇچىنىڭ كەيپىياتىدىكى نورمالسىزلىقنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. خەۋپكە ئۇچرىغۇچى بولسا بۇ پىلاننىڭ مەخسۇس ئۆزى ئۈچۈن تۈزۈلگەن پىلان ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئالتىنچى، ۋەدىگە ئېرىشىش. ھەرىكەت پىلانى تۈزۈلگەندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ۋەدە بېرىش باسقۇچىغا كىرىمىز. ئەگەر پىلان ئەتراپلىق، مۇكەممەل تۈزۈلسە، ۋەدىگە ئېرىشىشمۇ ئاسان بولىدۇ. ئادەتتە ۋەدە بېرىش پەقەت تۈزۈلگەن ھەرىكەت پىلانىنى خەۋپكە ئۇچرىغۇچى قايتا بىر بايان قىلسىلا بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا پىسخىك مەسلىھەتچىگە ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئالدىنقى باسقۇچلاردا تەكىتلەنگەن بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش دېگەندەك تەرەپلەرنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ باسقۇچ خەۋپكە ئۇچرىغۇچىغا نىسبەتەن ماسلىشىش باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر قانچە باسقۇچلۇق تەڭشەشتىن كېيىن، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلار خەۋپتىن كېيىنكى تۇرمۇشقا تەدرىجىي ماسلىشىپ، تۇرمۇشى ئەسلىي رىتىمغا قايتىشقا باشلايدۇ. بۇ باسقۇچتا مۇھىمى خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ يېڭى تۇرمۇشقا ماسلىشىش ئىقتىدارىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان ياردەم بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ تۇرۇش كېرەك.

خەۋپكە كوللېكتىپ ئارىلىشىشنىڭ ئالتە باسقۇچىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ باسقۇچىدا ئاڭلاش ئاساس قىلىنىپ، ھەرىكەت قوللىنىلمايدۇ. كېيىنكى ئۈچ باسقۇچتا ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ ۋە قوللىنىلىدۇ.

## 3. شنجاڭدا خەۋپكە ئارىلىشىشتىكى كونكرېت تېخنىكىلىق مەشغۇلات جەريانى

شىنجاڭدا خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتى تەشكىللىك، پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. شۇڭا خەۋپكە ئارىلىشىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالغاندىن كېيىن، تېز سۈرئەتتە پىسخىك مەسلىھەتچىلەردىن گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئارىلىشىش ھەرىكەت پىلانى تۈزۈۋالغاندىن كېيىن خىزمەتكە كىرىشىش كېرەك. پىسخىك مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى خەۋپ يۈز بەرگەن جايغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، يەرلىكتىكى پايدىلانغىلى بولىدىغان پىسخىك مەسلىھەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ئارىلىشىش خىزمىتىگە بىللە قاتناشتۇرۇش كېرەك، بۇ ئارىلىشىش خىزمەت ئۈنۈمىگە ۋە ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئاساسى.

خەۋپ يۈز بەرگەندىن كېيىن، پىسخىك ئارىلىشىش خىزمىتىنىڭ توغرا ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلارنى تۆۋەندىكى تۆرگە ئايرىش زۆرۈر. بىرىنچى تۈردىكىلەر: خەۋپتىن ئامان قالغانلار، زەخىملەنگەنلەر، خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ؛ ئىككىنچى تۈردىكىلەر، نەق مەيداننى كۆرگۈچىلەر، مەسىلەن، ئاپەتكە ئۇچرىغانلار، نەق مەيداننى تازىلاشقا مەسئۇل بولغان خادىملار، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقۇچى ساقچى، دوختۇر، باھالىغۇچى، تەرجىمان قاتارلىق كىشىلەر؛ ئۈچىنچى تۈردىكىلەر: بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈردىكى كىشىلەر بىلەن

مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر، خەۋپنى ۋاستىلىك ئاڭلىغان، ئاپەتكە ئۇچراپ زىيانلانغۇچى ۋە كۆرگۈچىلەرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى؛ تۆتىنچى تۈردىكىلەر، ئارقا سەپ، قۇتقۇزۇشقا قاتناشقۇچىلار، ئاپەتتىن كېيىن ئاپەت رايونىدا مۇلازىمەت قىلىدىغان كىشىلەر ۋە پىدائىيلار. بۇ تۆت تۈردىكى خەۋپكە ئارىلىشىدىغان ئوخشىمىغان ئوبيېكتنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ئارىلىشىش لايىھەسى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. چۈنكى بۇ تۆت تۈردىكى كىشىلەرنىڭ خەۋپتە زەخىملىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. خەۋپكە كوللېكتىپ ئارىلىشىش جەريانىدا بايقالغان ئېغىر زەخىملەنگەن، گەرچە ئۈچىنچى تۈردىكى كىشىلەر بولسىمۇ، ئەمما قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ۋە شەخسىيەت كەچۈرمىشى سەۋەبلىك زەخىمسى نىسبەتەن ئېغىر بولغانلارنى پىسخىك جەھەتتە ئايرىم يېتەكلەش كېرەك. يۇقىرىقى تەييارلىق خىزمىتى ئاساسىدا، شىنجاڭنىڭ بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى كونكرېت ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، تۆۋەندىكى تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە كوللېكتىپ ئارىلىشىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش باسقۇچى. كەيپىياتنى تۇراقلاشتۇرۇش – خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتىدە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىكى مۇھىم جەريان ھەم چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم باسقۇچ. بۇنىڭدا، خەۋپكە ئۇچرىغان كىشىلەرگە قارىتا كوللېكتىپ ياكى يەككە ھالدا، روھىي كەيپىياتىنى نورماللاشتۇرۇش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى پىسخىك مەسلىھەتچى قىسقا ۋە چۈشىنىشلىك نۇتۇق سۆزلەش ئارقىلىق خەۋپكە ئۇچرىغۇچىدا كۆرۈلگەن كەيپىيات، بىلىش ۋە ھەرىكەت جەھەتلەردىكى نورمالسىز ئىپادە ۋە ئالامەتلەرنىڭ كىشىلەر زور ئاپەتكە ئۇچرىغاندا پەيدا بولىدىغان تەسادىپىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە قوغدىنىش خاراكتېرىدىكى نورمال ئىنكاس ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھەرگىزمۇ كېسەللىك ياكى بىنورمال ئەھۋال ئەمەسلىكى، بۇ ئالامەتلەر مەلۇم مەزگىللىك پىسخىكىلىق تەڭشەشتىن كېيىن ئاستا - ئاستا يوقىلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش كېرەك.

ئەگەر خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتى خەۋپ يۈز بېرىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن ئېلىپ بېرىلغان بولسا، نورماللاشتۇرۇش تەربىيەسىدىن كېيىنلا، PTSD ئالامەتلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى ۋە ئېغىرلىق دەرىجىسىنى سىناش زۆرۈر. سىناقنىڭ ۋاقتى قىسقا بولۇشقا كۆپ ۋاقىت ئىگىلىمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاددىيلاشتۇرۇلغان PTSD شاللاش سىنىقىنى ئىشلەش ئۈچۈن، پەقەت بەش مىنۇت بولسىلا كۇپايە. سىناقتا بەشتىن يەتتىگىچە نومۇر ئالغۇچىلار بايقالسا، چوقۇم شۇ كىشىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ياكى ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ھەمدە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھوشيار تۇرۇپ، شۇ كىشىنىڭ ئۆلۈۋېلىش ۋە باشقا تۈردىكى ۋەقەلەرنى سادىر قىلىشىدىن ساقلىنىشنى ئەسكەرتىش كېرەك.

ئىككىنچى، دىققەتنى بۇراش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇش. دىققەتنى بۇراش پائالىيىتى ئارقىلىق كۆپچىلىكنى ئالاھىدە پىسخىكىلىق روھىي ھالەتتىن تارتىپ چىقىرىش كېيىنكى قەدەمدىكى پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدا مەسىلەن، تۈگرە تۈگۈشكە ئوخشاش پائالىيەتلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ. دىققەتنى بۇراش پائالىيىتى ئىمكانقەدەر كۆپچىلىك ھەر قايسى جەھەتتە كۆپرەك ئۇچرىشىپ، بەلگىلىك پىكىرلىشەلەيدىغان پائالىيەتلەر بولغىنى ياخشى.

ئۈچىنچى، كوللېكتىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش. دىققەتنى بۇراش پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كۆپچىلىك يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن، خەۋپ – خەتەر جەريانىدىكى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنى سۆزلەشكە تەشكىللەش، يەنى خەۋپ جەريانىدىكى ۋە ھازىرقى تۇيغۇسى، فىزىيولوگىيەلىك، پىسخىكىلىق جەھەتتە ئۆزىدە يۈز بەرگەن ئالامەتلەر ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بايان قىلدۇرۇش. مەسىلەن، مەن ۋەقە يۈز بەرگەن شۇ كۈنى ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز... يۈز بەردى، ... مەن بەك قورقتۇم.... دېگەندەك. ئەمما سۆزلەشنى خالىمىغانلارنى ئىمكانقەدەر كۆپچىلىك بىلەن ھېس - تۇيغۇسىنى ئورتاقلىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، زادى

خالىمسا بەك مەجبۇرلاپ ئۇلاردا يېڭى بېسىم پەيدا قىلماسلىق كېرەك.

تۆتىنچى، بوشىتىش مەشىقى قىلدۇرۇش. خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سىمپاتىك نېرۋا سىستېمىسى ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت ھالىتىدە تۇرۇپ، ئارتۇقچە جىددىيلەشكەنلىكتىن بەدىنى قېتىشىش، مۇسكۇللىرى تارتىشىش، ئۇخلاش قىيىنلىشىش، دىققىتى چېچىلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. پسىخىكىلىق يېتەكلەش جەريانىدا، بوشىتىش مەشىقى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بەدىنىنى بوش ھالەتكە ئەكېلىش ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشكە، كەيپىيات جىددىيلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. بوشىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا تەسەۋۋۇردا بوشىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدىغانلىقى بايقالدى. ئەلۋەتتە بۇ جەرياندا خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى كەيپىياتىغا ماس كېلىدىغان مۇزىكىلارنى تاللاپ ئىشلىتىش تەسەۋۋۇردا بوشىتىش ئۈنۈمىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىدۇ.

بەشىنچى، سىستېمىلىق سەزگۈسىزلەندۈرۈش. خەۋپنى باشتىن كەچۈرگەن، بولۇپمۇ يەر تەۋرەش، تاشقىن ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپ قالغان يېتەكلەش ئوبيېكتىدا ۋەھىمە كەيپىياتى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولىدۇ. نۇرغۇن كىشى ئاپەتتىن كېيىن، يالغۇزلۇقتىن ۋە يۇقىرى ئاۋازدىن، ئاپەتنى ئەسلىتىدىغان بارلىق مەنزىرە ۋە نەرسىلەردىن قورقىدۇ. بىر قىسىم ۋەھىمىلىك، قاباھەتلىك كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىدا رەسىمدەك، كىنو ئېكرانىدەك پەيدا بولۇپ ئېنىتىك يوقالمايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇھىم مەنبەدۇر. پسىخىكا جەھەتتىن ئارىلاشقاندا خەۋپكە ئۇچرىغۇچىغا بوشىتىش مەشىقىنىڭ مەشغۇلات جەريانىنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، سىستېمىلىق سەسگۈسىزلەندۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، سىرتقى غىدىقلىنىش بىلەن تەدرىجىي ئۇچراشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ سەزگۈرلۈكىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتقان سەلبىي كۆرۈنۈشلەرنى سۇسلاشتۇرغىلى، غۇۋالاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا يەنە بىۋاسىتە كۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق سەزگۈسىزلەندۈرۈش تېخنىكىسى EMDR (movement desensitization and reprocessing Eye) نى قوللانساق، سەزگۈسىزلەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى، سەلبىي كۆرۈنۈشلەرنى ئۆچۈرۈۋەتكىلى ۋە شۇ ئارقىلىق ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئەگەر، يۇقىرىقى تېخنىكىلارنى ئىگىلىمىگەن پسىخىك مەسلىھەتچىلەر بولسا خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلارغا رەسىم سىزدۇرۇش، ئەسەر يازدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ياردەم بەرسە بولىدۇ. يەنى خەۋپكە ئۇچرىغان كىشىلەرنى ئاپەت يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىنكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ، ئۆز تۇرمۇشىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى تەسۋىرلەش، مۇمكىن بولسا، سىزغان رەسىمنىڭ مەزمۇنىنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاق بەھرىلەندۈرۈش لازىم. رەسىم سىزدۇرۇشتا، تېما بەلگىلەپ ئۆي، دەل - دەرەخ، ئادەم سىزدۇرسىمۇ ياكى خالىغانچە سىزىشقا تەشكىللىسىمۇ بولىدۇ. بالىلارغا چۈشەندۈرۈشتە، يېتەكلىگۈچى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا يېتەكلەش كېرەك؛ ئەسەر يېزىش ئۇسۇلى يېشى سەل چوڭراقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئۇسۇلى ياكى ھېكايە توقۇش ئۇسۇلى بويىچىمۇ بۇ خىل بىمارلاردىكى ئالامەتلەرنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىكى، ئاپەت جەريانى تەسۋىرلەنگەن يېزىلمىلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يىرتىپ تاشلىۋېتىش، كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى سۇغا تاشلاپ ئېقىتىۋېتىش، ساقلىماسلىق كېرەك.

ئالتىنچى، مۇقىملاشتۇرۇش تېخنىكىسى. خەۋپكە ئۇچرىغانلارنىڭ خاتىرىسىدىكى سەلبىي قاباھەتلىك كۆرۈنۈشلەر، ئۈن، سىن ماتېرىياللىرى، سەلبىي كەيپىياتلار، سەلبىي كۆرۈنۈشلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ، سەزگۈرلۈكى تۆۋەنلىتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدىكى بۇ بوش قالدۇرۇلغان ئورۇنغا ئىللىق، ئاكتىپ ئېنېرگىيەلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئالماشتۇرغاندا، ئاندىن خەۋپكە ئارىلىشىش مۇقىم، ئىشەنچلىك ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل مۇقىملاشتۇرۇش جەريانى تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئاكتىپ ئېنېرگىيەلىك ماتېرىياللارنى تېپىپ

چىقىپ، بۇ ماتېرىياللارنى سىستېمىلىق سەزگۈسىزلەندۈرۈش تېخنىكىسى ياكى EMDR تېخنىكىسى ئارقىلىق، ئۆچۈرۈپ تاشلانغان سەلبىي رەسىملەر ئورنىغا ئالماشتۇرىمىز. شۇندىلا خەۋپكە ئۇچرىغۇچىلار پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، ئۆزىدىكى سەلبىي، قاباھەتلىك تۇيغۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالايدۇ. بۇ بىر خىل ناھايىتى مۇھىم بولغان خەۋپكە ئارىلىشىش تېخنىكىسىدۇر.

مەيلى بەشىنچى باسقۇچتىكى سىستېمىلىق سەزگۈسىزلەندۈرۈش تېخنىكىسى ياكى ئالتىنچى باسقۇچتىكى مۇقىملاشتۇرۇش باسقۇچى بولسۇن، ھەممىسىدىلا ماس ھالدىكى مۇزىكا قويۇپ بېرىلسە، ئارىلىشىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئاپەت جەريانىدا ئادەم ئۆلۈش - يارىلىنىش، مال - مۈلكى خانى ۋەيران بولۇشقا ئوخشاش ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا خەۋپكە ئارىلىشىش جەريانىدا، مۇزىكىلىق داۋالاش جەريانى ئارقىلىق، ئاپەتتىن بولۇپمۇ مۇسىبەتتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بەرگەندە، ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. «11 - سىنتەبىر ۋەقەسى»دە تالاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ئاتالغان ئامېرىكا دۆلەتلىك چوڭ ماتەم مۇراسىمىدە، ئىتالىيەلىك مەشھۇر ناخشىچى ئەندرېي بوچېل( Andrea Bocelli) نىڭ قايغۇلۇق ناخشا ئاۋازى پۈتۈن دۇنيانى لەرزىگە سېلىپ، ھەممە كىشىنى چەكسىز قايغۇ دېڭىزىغا غەرق قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇزىكا بىلەن ناخشىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىغانلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىشتىكى كۈچىنى تولۇق ھېس قىلىپ، مەنمۇ خەۋپكە ئارىلىشىشتا مۇزىكا ئىشلىتىش قارارىغا كەلدىم ۋە ئىنتايىن ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، 2014 - يىلى 10 - ئايدا خوتەننىڭ گۇما ناھىيەسىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق خەۋپكە ئارىلىشىش جەريانىدا مۇزىكا ئىشلىتىپ، بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتىم. بۇنىڭدا ئىرانلىق مەخسىي ھۆسەيىن 2006 - يىلى پارس تىلىدا ئورۇنلىغان ناخشا «كۆزدىكى يوپۇرماق »نى ئىشلەتتىم، باس ئىسكىرىپكىدا ئورۇنلانغان قايغۇلۇق مۇزىكا ئاڭلانغاندا، كۆلپەتلىك كۆڭۈللەرنىڭ تارىسى چېكىلىپ، كىشىلەرنىڭ يېشى كۆز چاناقلىرىغا پاتماي تۆكۈلۈشكە باشلىدى. بارلىق قارشىلىشىش، تىركىشىش... تەسلىم بولىدى، ... شۇ قىممەتلىك تەجرىبىدىن كېيىن، خەۋپكە ئارىلاشقاندا، مۇزىكىلىق داۋالاش ئاساسلىق تېخنىكىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

## 4. باشقا ئۇسۇل ۋە تېخنىكىلار

ئاپەت يۈز بەرگەندە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قىلىش مەلۇم ۋەقەلىك بىلەن بىللە پەيدا بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەزگۈسىزلەندۈرۈش ئۇسۇللىرىدىن باشقا يەنە، تالاپەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ رولىنى ئالغۇزۇش، بوش ئورۇندۇق ئۇسۇلى، خوشلىشىش مۇراسىمى (نەزىر - چىراغ) قاتارلىقلار ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە بولغان سېغىنىشى، ئۆكۈنۈشى، تەزىيەسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇ ئارقىلىق تاماملانمىغان كۆڭۈل ئىستىكىنى تاماملاشقا بولىدۇ.

بوش ئورۇندۇق ئۇسۇلى گوستار پسىخىكىلىق داۋالاش تېخنىكىسىدىكى مۇھىم تېخنىكىلاردىن بىرى. بۇنىڭ قايغۇ - ھەسرەتنى ۋە تاماملىيالمىغان ئىشلارنى تاماملاشتا ئۈنۈمى زور. بۇ ئۇسۇلدا ئوينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئورۇندۇق قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاپات بولغۇچىنىڭ رەسىمى، كىيىم - كېچەكلىرى ياكى بىر قونچاق قويۇپ قويساقمۇ بولىدۇ. يېتەكلەش ئوبيېكتىغا ئۇنى ۋاپات بولغان كىشىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇپ، بۇ كىشى شۇ يەردە بولغان بولسا سىز ئۇنىڭغا نېمە دېيەتتىڭىز، نېمە قىلاتتىڭىز دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويۇپ، يېتەكلەش ئوبيېكتىنى ئۆزىنىڭ ھەسرىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلەشكە يېتەكلەيدۇ.

تالاپەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ رولىنى ئالغۇزۇش تېخنىكىسىدا ئادەتتە كۆپ ئادەمنىڭ ماسلىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت: مۇسىبەت يۈز بەرگەن جەريانىنى قايتا نامايان قىلىش ئارقىلىق، شۇ كىشىنىڭ ھادىسە يۈز بەرگەن ئوخشىمىغان ۋاقىتقا بولغان ئىنكاسى ۋە ئويىنى بىلىش، يېتەكلەش ئوبيېكتىغا ۋاپات بولغان ئۇرۇق - تۇغقىنىنىڭ رولىنى

ئالغۇزۇپ، ئۇ كىشىنىڭ شۇنداق ۋاقىتتا نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقى ۋە نېمىلەرنى دېيىدىغانلىقىنى، ھاياتلاردىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت.

ۋىدالىشىش مۇراسىمى. بولۇپمۇ ئۆلۈم ھادىسىسى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەندە، ھازىدارلار ھېچ نېمە دېيىشكە، ۋىدالىشىشقا ئۈلگۈرمەيدۇ. بەزىلەر ھازىدارلارنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا مېيىت بىلەن خوشلىشىش پۇرسىتى بەرمەيدۇ. ئەمما بۇ ۋىدالىشىش مۇراسىمى ھازىدارلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. يېتەكلەش ئوبيېكتىنى مەيلى كوللېكتىپ يېتەكلەشتە ياكى ئايرىم سۆھبەتلىشىشتە بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرى لايىق كۆرگەن ئۇسۇل بويىچە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تۇپراق بېشىدا تۇرۇپ سۆزلىشىش، خەت يېزىش، رەسىمگە قاراپ سۆزلەش دېگەندەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ۋىدالىشىش مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم.

ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇيغۇرلاردىكى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، مېيىت ئۇزۇتۇش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرىنىڭ مۇسىبەت ئىگىلىرىنىڭ مۇسىبەتتىن ساغلام قۇتۇلۇشتا خېلى زور قىممىتى بار. بۇ خىل ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان، ھازىدارلارنىڭ مۇسىبەتتىن ئىبارەت بۇ خىل زور ئاپەتتىن زەخىمسىز ئۆتنۈۋېلىشىدا يەكۈنلەنگەن بىر يۈرۈش ئىلمىي بولغان خەۋپكە كوللېكتىپ ئارىلىشىش جەريانى دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇسىبەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ھازىدارلارنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن قازا تۈپەيلىدىن، مەرھۇمغا ئېيتىدىغان سۆزلىرى ياكى قىلىدىغان مەلۇم ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشماي قالغانلىقتىن، مۇشۇ ئۆكۈنۈشلەر ھازىدارنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئازابلايدۇ. ۋاپات بولغان كىشى ئۈچۈن نەزىر - چىراغ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلسە، ھازىدارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ھازىدارغا تەسەللىي بەرگەندە، ھازىدار ئۆلۈمنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۆز كەيپىياتىدىكى ئۆكۈنۈش، پۇشايمان، سېغىنىش، قاتارلىق ھېسسىياتلىرىنى ئۇلارغا توختىماستىن تەكرار سۆزلەپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بوش ئورۇندۇق تېخنىكىسى ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردىكى مېيىت ئۇزىتىش، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئادەتلىرى خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىدۇر.

ئومۇمەن، خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتى مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ئاۋۋال شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن. ئەمما ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ نەزەرىيە بىلىملىرىنىڭ كەمچىلىكى سەۋەبلىك، بۇ خىزمەت نەزەرىيەسى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىردەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، شىنجاڭنىڭ خەۋپكە ئارىلىشىش خىزمىتى، بولۇپمۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرىغا ئارىلىشىش خىزمىتى مەملىكەتنىڭ ئالدىنقى سەۋىيەسىدە كېتىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز بىر قىسىم قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە. شۇڭا نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ماس ھالدا كۈچەيتىش بۇ خىزمەتنىڭ ساغلام، سالماق تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى.

## پايدىلانمىلار:


1. (美) Burl.E.Gilliland Richard K.James. 危机干预策略(上、下册) [M]. 著肖水源等译. 北京: 中国轻工业出版社, 2000.
2. 张明刚,何睿. 危机谈判［M］.北京:中国人民公安大学, 2009.
3. (英) Peter.B.Ainsworth.警察工作中的心理学［M］.安福元,庄东哲译.北京:中国轻工业出版社, 2007.
4. 施琪嘉.创伤心理学［M］.北京: 中国医药科技出版社, 2006.
5. 刘伟.团体心理危机干预［M］.北京: 中国人事出版社和中国劳动社会保障出版社, 2012.
6. (美) (Briere J.)布莱伊尔.心理创伤的治疗指南［M］.北京: 中国轻工业出版社, 2009.
7. (美) Lenore C.Terr.童年期的创伤［M］.精神疾病杂志, 1991:10-20.
8. (美) A.卡尔著.儿童和青少年临床心理学[M].张建新等译.上海: 华东师范大学出版社,2005 : 863 - 864.
9. 刘伟.心理健康辅导-团体训练［M］.世界书籍出版社, 北京公司出版, 2007.


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر

ماقالە نومۇرى: 1005 - 5878 (2017)03 - 135 - 06

# ئىنتېرنېت شارائىتىدىكى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى ھەققىدە*

## ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ئاخبارات نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، كۆزنى قاماشتۇرغىدەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ماقالىدە دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ژۇرنالچىلىق تەرەققىياتىغا نەزەر سېلىش ئاساسىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى تەرەققىياتىغا دائىر بەزى مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىلمىي ژۇرنال؛ ئىنتېرنېت؛ تەھرىرلىك

## 关于网络环境下的学报编辑工作

阿不都力木 · 阿不都热依木

**摘要：**新中国建立后，党和国家高度重视少数民族新闻出版事业，我国少数民族新闻出版事业从无到有，从小到大，取得了举世瞩目的成就，对加强民族团结、维护祖国统一发挥了重要作用。本文展望我国沿海地区学报编辑事业发展状况，探讨我区学报和其他类杂志编辑行业未来发展的一些看法。

**关键词:**学报；互联网；编辑

**Abstract:** Since the founding of New China, press and publications of ethnic minorities' have been greatly supported by the Party and the country. Press and publications of ethnic minorities' have been developed from a very beginning of none-existed to a successfully achieved career, and played a very important role in enhancing and maintaining national unity. From the prospect of the development of editorship of academic journals in coastal areas, this paper mainly puts forward some points of view on the future development of editorship of academic journals in Xinjiang.

**Keywords:** academic journals; Internet; editorship

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** G214 **ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئىنتېرنېت دەۋرىدە، ئىلمىي ژۇرناللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش ۋە مەۋجۇت بولۇش ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئىلمىي ژۇرناللار بىلەن تورنىڭ بىرىكىشى ھەمدە توردىن ئىبارەت يېڭى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى، ئەنئەنىۋى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ باشقۇرۇش شەكلى، تارقىلىش شەكلى، تەھرىرلىك كەسپى ھەمدە داڭلىق ماركا يارىتىشىغىچە مىسلىسىز خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، تورنىڭ تارقىلىش شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، تەھرىرلىك كەسپىدە دادىل يېڭىلىق يارىتىپ، ژۇرنال باشقۇرۇش قارىشى ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ژۇرنال باھالاش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، داڭلىق مۇھەررىر يېتىشتۈرۈپ چىقىش تۈزۈمىنى تىرىشىپ سىناق قىلىپ، تولۇق مېدىيالاشقان ئىلمىي ژۇرنال ماركىسى يارىتىش — بىز يۈزلىنىدىغان يېڭى تېما. تەھرىرلىككە دائىر يېڭى بىلىملەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش، جۈملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى ژۇرنال تەھرىرلىك خىزمىتى تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە دائىر ئۇچۇرلارنى ئىگىلەشنىڭ ئىنتېرنېت دەۋرىدىكى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىك خىزمىتىگە قانداق

---

*بۇ ماقالە 2017 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئابدىلىم ئابدۇرېھىم (1962 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان) ، تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يۈزلىنىش؛ ئىناق، ئىقتىسادى گۈللەنگەن، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە مۇھەررىرلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ساپا ھەققىدە ئىزدىنىشىمىزدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. تور شارائىتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تارقىلىش ئالاھىدىلىكى

ئەنئەنىۋى ژۇرناللارنىڭ بېسىپ تارقىتىلىشى بىر خىل ئاممىۋىلاشقان تارقىلىش ئەندىزىسى بولۇپ، بۇ خىل تارقىتىلىشتا بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان مەزمۇن بىر خىللا بولىدۇ، ئۇنىڭدا كونكرېت ئوقۇرمەنگە يۈزلىنىش ياكى ئالاھىدە تەلەپلەرنى ئويلىشىشقا ئىمكانىيەت بولمايدۇ. ئىنتېرنېت مۇھىتىدا، RSS ئوقۇش يۇمشاق دېتالىنىڭ[1] قوللىنىلىشى ۋە ئومۇملىششى، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىنىڭ ماتېرىيال كۆرۈش ئادىتىگە ئاساسەن، بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان ژۇرناللارغا، ھەتتا مەلۇم ژۇرنالنىڭ مەلۇم سەھىپىسىدىكى مەزمۇنلارغا مۇشتەرى بولۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى، توردىكى ھەسسىلەپ ئېشىپ بېرىۋاتقان ئۇچۇرلارنى بۇنداق ئۇنۇملۇك شەكىلدە ئىزدەپ تېپىش ۋە ئۇچۇرلارغا خاس شەكىلدە مۇشتەرى بولۇش توردىن ماتېرىيال ئوقۇشنىڭ بىر خىل ئاساسىي شەكلى بولۇپ قالغۇسى. شۇڭا، تور مۇھىتىدىكى ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ تارقىلىشى، بارغانسېرى ئوقۇرمەنلەر دائىرىسى تارايغان، مەخسۇسلاشقان ئوقۇش ئېھتىياجى ۋە مەزمۇن تارقىتىشقا يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر ژۇرنال بىلەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە يۈزلىنىشتەك ژۇرنال باشقۇرۇش تەپەككۇرىنى ئۆزگەرتىشكە، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈرى، ئېھتىياجىنى ئاساس قىلغان تەرەققىيات يولىغا مېڭىش، رەقەملەشتۈرۈش ئارقىلىق، ژۇرنالنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىغا ئاساسەن، «ئۆزگەرتىپ» ئوخشىمىغان نەشرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەر بىر نۇسخىسىدا مەلۇم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرگەندە، ژۇرنال تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە بولىدۇ.

**1) يېزىقچە تارقىتىشتىن رەقەملەشكەن تارقىتىشقا ئۆتۈش**

ئەنئەنىۋى ژۇرنالچىلىقتا يېزىق ئاساسلىق تارقىتىش ۋاستىسى، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ساقلىنىش مۇددىتى ئۇزۇن، تەكرار كۆرۈشكە بولۇشتىن ئىبارەت. بىراق، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ھەم ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياجنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، قەغەز نۇسخىدىكى ژۇرناللاردا ئۇچۇرنىڭ تارقىلىش سۈرئىتى ئاستا، بەت بوشلۇقى چەكلىك، مەزمۇننى ئىپادىلەش شەكلى بىر خىللا بولۇش — ئىلمىي ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان پايدىسىز ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. ئىنتېرنېت مۇھىتىدا، ژۇرنال بىلەن تورنى بىرىكتۈرۈش بۇ مەسىلىنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلدى. تور مەزمۇن ئۇچۇرى، ئاۋاز ئۇچۇرى، كۆرۈنمە چاستوتىلىق ئۇچۇر، ھەرىكەت ئۇچۇرى، بەلگە ئۇچۇرى بىرلەشتۈرۈلگەن كۆپ ۋاستىنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئەنئەنىۋى تاراتقۇ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ژۇرنال ئۇچۇرلىرى ئەنئەنىۋى يېزىق ئۇچۇرىدىنلا ئىبارەت بولۇشتىن سۈرەت، يېزىق، ئاۋاز، رەسىمدىن ئىبارەت كۆپ ۋاستىلىك ئۇچۇر بىرلەشتۈرۈلگەن ھالەتكە تەرەققىي قىلدى، ئوقۇرمەنلەر تور ژۇرنىلىدىن كۆرۈش، ئاڭلاش، ئوقۇش قاتارلىق كۆپ خىل سەزگۈسى ئارقىلىق مەزمۇندىن بەھرىلىنىدىغان بولدى، ژۇنالمۇ قەغەزنى ۋاستە قىلىشتىن ئېلېكتروننى ۋاستە قىلىشقا تەرەققىي قىلدى، ئۇچۇر سىغدۇرۇشچانلىقى نەزەرىيە جەھەتتىن چەكسىز دەرىجىگە يەتتى. تارقىلىش سۈرئىتىدىن ئېيتقاندا، ئېلېكترونلۇق ژۇرنال تەھرىرلەش باسقۇچى تاماملانغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى يۈز مىليونلىغان قوللانغۇچىلارغا تېزلا يېتىدىغان بولدى، بۇ سان ۋە تەسىر كۈچمۇ ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ژۇرناللار ئارزۇ قىلسىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان تەرەپ. تور ژۇرنىلى ئېلېكترونلۇق كۇتۇپخانىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەمدە شەخسلەر ئوقۇشلۇقنىڭ ئېلېكترونلىشىشى ۋە تورلىشىشىغا ئەگىشىپ، تور مۇھىتىدىكى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تەدرىجىي ھالدا نوقۇل يېزىقچە ئۇچۇر تارقىتىشتىن رەقەملەشكەن ئۇچۇر تارقىتىشقا تەرەققىي قىلىشى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق تەرەققىيات يۈزلىنىشى بولۇپ قالىدۇ.

**2) ئۇچۇر يېپىق ھالەتتە تارقىتىلىشتىن ئوچۇق ھالەتتە تارقىلىشقا بۇرۇلۇش**

ئەنئەنىۋى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىشى يەككە ۋە يېپىق شەكىلدە بولۇپ، قەغەز تاراتقۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنىڭ چەكلىملىكلىكى ئۇنىڭ تارقىلىش سۈرئىتىنىڭ ئاستا، دائىرىسى تار، تەسىرىنىڭ كىچىك بولۇشىغا سەۋەب بولغان. توردا بولسا، ئاۋاز، يېزىق، سۈرەت قاتارلىق كۆپ خىل رەقەملەشكەن شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئۇچۇرلىرى ئوقۇرمەنلەرنى ۋاقىت، بوشلۇق ئارىلىقىدىن ھالقىتىپ، تۈرلۈك ئۇچۇرلاردىن ھەمبەھىرلەنمە شەكىلدە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. كىچىك توپلارغا يۈزلەنگەن ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ ئۇچۇرلىرى توردىن ئىبارەت تارقىلىش يولى ئارقىلىق، تەسىرى ۋە تارقىلىش دائىرىسىنى شەكىلسىز ھالدا نەچچە ئون ھەسسە ھەتتا مىڭ ھەسسىلەپ كېڭەيتەلەيدۇ. ئىلمىي ژۇرنال ئامبىرى، رەقەملىك كۇتۇپخانا، رەقەملىك ئىلمىي ژۇرنال تور پونكىتى قاتارلىق تور ئۇچۇر سۈپىتى ئارقىلىق ئوقۇرمەن يۈزمىڭلىغان كىشى بىلەن بىرلىكتە ئوقۇيدۇ، سانسىز قېتىم توردىن چۈشۈرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىلمىي ئۇچۇرنىڭ ئۇچقۇق شەكىلدە تارقىتىلىشى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## 2. ئىنتېرنېت شارائىتىدا ژۇرنالچىلىقتا كېلىدىغان خىرىس

ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار يەنى ئىلمىي ژۇرنال ئاپتورلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئالىي مەلۇماتلىق كەسىپ ئەھلىلىرىدۇر، ئىلمىي ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ كەسپىيلىكى، چوڭقۇرلۇقى كۆپ قىسىم ئاۋامنى ئوقۇرمەنلەر دائىرىسىدىن چەتلىتىدۇ، مەلۇم ئىلىم ساھەسىدىكى ئىلمىي ژۇرنالدىن شۇ كەسىپ ساھەسىدىكى خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق ئوقۇرمەنلەرلا ھەقىقىي ئوقۇپ پايدىلىنالايدۇ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ بىر خىل كىچىك دائىرىگە يۈزلەنگەن تارقىلىش يۈزلىنىشىنى بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىزدىكى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ كۆپىنچىسى مەخسۇس ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەبلەغكە تايىنىدۇ، نۇرغۇن ژۇرنالنىڭ تىراژى نەچچە يۈز ھەتتا ئونىڭدىنمۇ تۆۋەن بولۇپ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تەرەققىي قىلمىقى قىيىن. بىراق، ئىنتېرنېت توردىن تەشكىل قىلىنغان يەر شارىلاشقان ئۇچۇر جەمئىيىتىدە، خەلقئارا ئىلمىي ژۇرناللار ۋە بازارنىڭ خىرىسى ئىلمىي ژۇرناللارنى «سېھىرلىك ئىلمىي مۇنبەر»دە داۋاملىق مېڭىشقا، بازارغا يۈزلىنىشكە، ئاممىۋىلىشىش يولىغا مېڭىشقا قىستايدۇ.

ئىلمىي ژۇرناللار نوقۇل بىر تۈرلۈك نەشر بۇيۇمى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئىلمىي تەتقىقات، قەرەللىك تاراتقۇدىن ئىبارەت قوش خاسلىققا ئىگە بولۇپ، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى ۋە ئىلمىي يېتەكچىلىك فۇنكسىيەسىنى ئاتقۇرىدۇ. پەن تەتقىقات يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلىش ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلمىي ژۇرناللار ئىلمىي سەۋىيە ۋە پەن تەتقىقات كۈچىنى ۋاقتىدا، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، بۇ ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدىن بىرقەدەر ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسىغا ۋە ماقالىلەرنى كەسپىي جەھەتتىن پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

نۆۋەتتە، ئىلمىي ژۇرناللارنى بىردەكلەشتۈرىدىغان رىقابەت ئېغىر، بايلىق تارقاق، نەشر قىلىش كۈچى ئاجىز، بەزى ژۇرناللار ھەتتا قوشۇمچە سان ژۇرنال چىقىرىش ۋە بەت ھەققى ئېلىش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاۋاتىدۇ، نەتىجىدە ژۇرنالنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ، ماقالىگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلەپ بېرىۋاتىدۇ. بىر ياقتىن، بازار ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى تور نەشر بۇيۇملىرىنىڭ مىقدارىنى كۈنسېرى زورايتىۋاتقان بولسا، يەنە بىر ياقتىن، ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ، كۆچۈرمىكەشلىك - ساختىلىق ئەھۋاللىرى ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ، ئىلمىي ئىشەنچ كىرىزىسى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. شۇڭا ئىنتېرنېت شارائىتىدا، ئىلمىي يېتەكچىلىك بىلەن بازار ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرى يۈزلىنىدىغان يېڭى خىرىس بولۇپ قالدى.

ئەنئەنىۋى تەھرىرلىك كەسپىدە، ئاپتورلار ماقالىسىنى پوچتىدىن يوللاپ بېرىدۇ، مۇھەررىرلەرمۇ خەت ئالاقىسى شەكلىدە ئاپتورلار ۋە ماقالە تەكشۈرگۈچى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشتا، كۆپىنچە ئائىلىسىگە بېرىش، خەت ئەۋەتىش، تېلېفون قىلىش، كوللېكتىپ ماقالە

ئۆيۈشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلغاچقا، ماقالە زاكاز ۋاقتى ئۇزۇن بولۇش، ئاپتورلار كۆلىمى تار بولۇش ئەھۋاللىرى ساقلىنىپ كەلگەن؛ بەت ياساشتىمۇ ئەنئەنىۋى شەكىلدە بەت ياسىلىدىغانلىقى ۋە ماقالىلەر قەغەز نۇسخىدا تاپشۇرۇلىدىغانلىقتىن، تەكرارلىق كۆپ، ئۈنۈم تۆۋەن، خاتالىق نىسبىتى يۇقىرى بولاتتى.

ھازىرقى ئىنتېرنېت تېخنىكىسى دەۋرىدە، يېڭى تېخنىكا ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى ئىلمىي ژۇرنال تەھرىرلىكى ۋە نەشر ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. مەيلى تېما تاللاش، لايىھە تۈزۈش، ماقالە ئۆيۈشتۇرۇش، ماقالە تەكشۈرۈش بولسۇن ياكى رەسىم، گىراپا، بەت شەكلىنى بىرتەرەپ قىلىش، لايىھەلەشتە، ھەتتا ماتېرىيال ئاختۇرۇش، ئاپتورلار بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەر ئەۋەتىشى بولسۇن ھەممىسى كومپيۇتېر ئارقىلىق تور ئارقىلىق بىر يولىلا بىرتەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. تور تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى ئەنئەنىۋى تەھرىرلىك ئۇقۇمى ۋە ئەندىزىسىگە زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىغا خىرىس ئېلىپ كەلدى.

ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ يېزىقىدىكى ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ژۇرناللار دۆلىتىمىزنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىغا قانداق ماسلىشىشى كېرەك؟ شارائىت ھازىرلانسا قانداق يول تۇتۇشى كېرەك؟ بۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىدىكى تاشقى تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل خوۋ خەنمىن خانىم تەشۋىقات كادىرلىرىغا ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا گېرمانىيەگە قىلغان سەپىرىنى مىسال قىلىپ، «چەت ئەلدە تەڭرىتاغ تورىنى ئېچىپ كۆرسەك، فونت يۈكلەنمىگەن ئەھۋالدا ئۇنىڭ خەنزۇچىسىمۇ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىكىسىمۇ قالايمىقان كود شەكلىدە ئېچىلدى، پەقەت ئۇيغۇرچە لاتىن يېزىقىدىكى نۇسخىسىلا نورمال ئېچىلدى» دېگەن ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ھازىر قوللىنىۋاتقان يېزىقىمىز بەلگىلىك چەكلىمىلىككە ئىگە، بۇ يېزىقنى بىلىدىغانلار كۆپىنچە ھالدا ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى يازمىلارنى ئوقۇپ بىلىشى مۇمكىن بولغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتمەيدۇ، بۇ مەسىلىنى «بىر بەلباغ ، بىر يول» تەشەببۇسىغا تۆھپە قوشۇش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەستايىدىل ئويلىشىشىمىز كېرەك.

## 3. ئىنتېرنېت دەۋرىنىڭ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىگە قويغان ئاساسىي تەلەپلىرى

### 1) ئاپتورلار، ئوقۇرمەنلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەھەتتە

ئەنئەنىۋى ژۇرناللار بىلەن ئاپتورلار ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكلى كۆپىنچە خەت ئارقىلىق پىكىر ئېلىش، پىكىرلەرنى خۇلاسىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، بەزى تەھرىراتلار ئاپتور، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈزلىشىش يىغىنى، مۇھاكىمە يىغىنىنى يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىملا ئاچالىغان. بۇنداق ئەنئەنىۋى تارقىتىش ۋە ئالاقىلىشىش شەكلى قەغەز باسمىنى ۋاستە قىلغان ئەنئەنىۋى تاراتقۇ دەۋرىدە بىرقەدەر ياخشى بولغان ياكى بىر تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئالاقە شەكلى بولۇپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىك خىزمىتىدە بەلگىلىك ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىغان. بىراق، تور تېخنىكىسى، يېڭى تاراتقۇنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە كەڭ قوللىنىلىشى بىلەن، بۇ خىل ئالاقە شەكلىنىڭ يەككىلىكى، تاق يۆنىلىشلىكلىكى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور ئەكس تەسىر كۆرسەتتى. يېڭى دەۋردىكى ئىلمىي ژۇرنال بىلەن ئاپتور، ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە شەكلى تېخىمۇ كۆپ خىللاشتى، قوش يۆنىلىشلىكلەشتى ھەمدە پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى زور دەرىجىدە قوزغىدى. تور، كۆرۈنمە چاستوتىلىق تېلېۋىزىيەلىك تېلېفون سىستېمىسىدا مۇھەررىر بەزى قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەر توغرىلىق مەۋھۇم «ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئاچالايدىغان بولدى. تەشكىللىگۈچىلەر، مۇھاكىمىگە قاتناشقۇچىلار مەملىكەتنىڭ، ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولسىمۇ، ئەمما تور سۈپىتى بىلەن مەۋھۇم رىياسەتچى ئۈنۈملۈك ھالدا تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بارالايدۇ. بۇنداق قوش يۆنىلىشلىك، كۆپ خىللاشقان پىكىر ئالماشتۇرۇش شەكلى ئىلمىي ژۇرنال بىلەن ئاپتورلارنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئوقۇرمەنلەر توپىنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيەلەيدۇ،

ژۇرنالنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

**2) ژۇرنال باشقۇرۇش شەكلى جەھەتتە**

ئەنئەنىۋى ژۇرنال باشقۇرۇش كۆپىنچە يېپىق شەكىلدە بولۇپ، مۇھەررىر، ئاپتور، ماقالە تەكشۈرگۈچى مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان ئۈچتىن بەشكىچە ئادەم ئەسەرنىڭ ئىشلىتىلىش - ئىشلىتىلمەسلىكى بەلگىلەيدۇ، ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقى مۇھەررىرلەر بىلەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، بۇنداق ژۇرنال باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئەنئەنىۋى ژۇرنال تەھرىرلىكىدە تىپىك ئاساسىي ئېقىم ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئىنتېرنېت شارائىتىدا، بۇنداق ژۇرنال باشقۇرۇش ئەندىزىسى زور خىرىسقا دۇچ كەلدى. مۇھەررىرلەرنىڭ كەسپىي سەۋىيەسى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ - تارلىقى ھەمدە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ماقالىنى تاللاش، تەھرىرلەش، ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارغىچە كۆپ تەرەپلەردە چەكلىمىلىكلەر ۋە يېتىشسىزلىكلەر ساقلانغان بولىدۇ، مۇناسىۋەت ماقالىسى، بىر ماقالىنى بىرنەچچە مەتبۇئاتقا بېرىش، ئىلىمدىكى ساختىلىق قاتارلىق ھادىسىلەر ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىنتېرنېت شارائىتىدا، ژۇرنال مۇھەررىرلىرى بىلەن ئاپتورلارنىڭ ئالاقە شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ژۇرنال تارقىتىش ئۇسۇلىدىكى بۆسۈش، ژۇرنال باشقۇرۇش تەرتىپى ۋە ھالقىلىرى مۇھەررىرنىڭ يەككە ھالدىكى باشقۇرۇش ھەرىكىتى بولۇشتىن قالىدۇ. ئوقۇرمەنلەر توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ژۇرنالنىڭ ماقالە تاللاش، تەھرىرلەش، مۇقاۋا لايىھەلەش، تارقىتىشنى باشقۇرۇشقىچە بولغان ھالقىلىرىغا قاتنىشالايدۇ. مۇھەررىرلەرمۇ تور ئارقىلىق يەن تەتقىقاتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تېما تاللاش، پىلانلاش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ، ئىنتېرنېت ئارقىلىق مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنى توپلايدۇ، ماقالە مەنبەسىنى ئەللاشتۇرالايدۇ، ھەتتا توردا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كەلگەن ماقالىنىڭ ئاپتور ئىسمى، مەزمۇنى ۋە ئاچقۇچلۇق سۆزلەر بويىچە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىر ماقالىنىڭ بىرقانچە ئورۇنغا بېرىلىشى، ئىلىم ساختىلىقى، كۆچۈرمىكەشلىك قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ژۇرنال ماقالىلىرىنىڭ سۈپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ.

**3) توردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتتە**

ئىنتېرنېت شارائىتىدا، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى تورنى قوللىنىش ۋە توردىن پايدىلىنىشتىكى تۈرلۈك پايدىلىق شارائىتلارنى ياخشى ئىگىلىشى، ئىلغار تەھرىرلىك يۇمشاق دېتاللىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۈرلۈك ماقالىلەرنى ئۈنۈملۈك بىرتەرەپ قىلىشى، توردا تەھرىرلەش سۈپىتى بەرپا قىلىشى لازىم. بۇ تەھرىرلىك سۈپىتى ئارقىلىق كەلگەن ماقالىلەرنى تىزىملاش، تەھرىرلەش، بەت ياساش، كوررېكتورلاش، بەت شەكلىنى لايىھەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئىش تەرتىپلىرىنى ئەقلىيلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ۋە قوش تەرەپلىك باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

تورلاشقان ئېلېكترونلۇق ماقالە بىرتەرەپ قىلىش سۈپىتى بەرپا قىلغاندا، ژۇرنال مۇھەررىرلىرى، ئاپتور، ماقالە تەكشۈرگۈچى مۇتەخەسسىسلەردىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ پىكىرلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، خەت ئارقىلىق بولىدىغان ۋاقىت كۆپ كېتىش ئەھۋالىدىن ساقلىنىلىپ، ماقالىنىڭ تەھرىرلىنىشىنى تېزلەتكىلى ھەم ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە دۆلەت ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان تەھرىر بۆلۈملىرى ماقالە قوبۇل قىلىش، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاش، تەھرىرلەش قاتارلىق جەريانلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلۇتتا ھېسابلاش تېخنىكىسى ئاساسىدا لايىھەلەنگەن ئۇنىۋېرسال سىستېما ئارقىلىق تاماملايدىغان بولدى، جۈملىدىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(خەنزۇچە پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي پەن قىسمى) «بىلىم» تورى تەمىنلىگەن سۇپا ئارقىلىق ماقالە قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاسىتە يوللانغان ماقالىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ. تەھرىر بۆلۈمى خەنزۇ تىل - يېزىقىدىكى ژۇرناللار ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ بۇلۇت سۈپىتىغا يوللانغان بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، يوللانغان ماقالىدىكى ئىستاتىنىڭ ماقالىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىنى تەكشۈرۈپ، بۇ نىسبەت 10 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتسە ماقالىنى قوبۇل قىلمايدىغان بولدى، بۇ ئىلمدىكى ساختىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنىڭ بىرگە ئايلاندى.

پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئارقىسىدا جۇڭگودىكى بىر ئاز سانلىق مىللەتنىڭ تىل- يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى تور دۇنياسىغا ماسلىششتا كاتتا ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشتى، بىراق ئۇيغۇرچە ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ساندانى تېخى قۇرۇپ چىقىلمىغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە تور ئارقىلىق ماقالىنى ئاپتورنىڭ تۈزىتىشىگە بېرىش، دەل ئۇچۇر ۋاستىلىرى ئارقىلىق پىكىرلىشىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ ئىلگىرىكى پوچتا، تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىششتىن كۆپ قولايلىقلاشقان بولسىمۇ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تور قولايلىقلىقىدىن پايدىلىنىش، ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر مەزمۇنىنىڭ تەكرارلىق نىسبىتىنى، ماقالىلەرنىڭ مەتبۇئاتقا يوللىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، ئاپتورلار ماقالىنى سەھىپە تۈرىگە ئايرىپ يوللاش - مۇھەررىرلەر، مۇتەخەسسىس تەھرىر ھەيئەتلەر، ئاپتورلار تەھرىرلىككە قاتنىشىش قاتارلىقلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ شارائىتى تېخى ھازىرلانمىدى. بۇ جەھەتتە ئالاقىدار تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرناللارنى نازارەت قىلىشى، پۈتۈنلەي سانلىق مەلۇمات ئاساسىغا تايىنىدىغان ژۇرنال باھالاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ژۇرنال باھالاشنىڭ ئىلمىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مىللىي تىل - يېزىقتىكى ژۇرناللارنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

نۆۋەتتە نۇرغۇن ئىلمىي ژۇرناللار تور بېكىتى قۇرۇشتا پەقەتلا ژۇرنالنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش ھەمدە ئاپتورلارنىڭ ماقالىنى ئەۋەتىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنىلا كۆزدە تۇتقان بولۇپ، ئاپتورلار بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەمتۈرتكىلىك ئېھتىياجىغا ئەھمىيەت بېرىشى يېتەرسىز، تور بېكەتلەردە ئىنتېرنېت تورىنىڭ ئىنتېراكتىپلىق ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلمىغان. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرنال تور بېكىتى قۇرۇلۇشىنى مەكتەپ تور قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە، باشلىنىشتىلا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، قەستكارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەھرىر تۈرلۈك بىخەتەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۈزۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىخەتەر باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، تور بېكەت مەزمۇنىنى ۋاقتىدا زاپاسلاپ، سىستېمىدا كاشىلا كۆرۈلگەندە تور بېكەتنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە تەسىر يېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

## 4. خۇلاسە

ئىنتېرنېت دەۋرىدە تورنى ۋاستە قىلغان ئىلمىي ژۇرناللار ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا يۈز مىليونلىغان ئوقۇرمەنلەرگە يېتىدۇ، بۇ تەھرىرلىككە قويۇلىدىغان تەلەپنىڭمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ يۇقىرى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇھەررىرلەر پارتىيەنىڭ فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى يېتەكچى، دۆلەتنىڭ نەشرىياتچىلىقتا دائىر قانۇن - نىزاملىرىنى ئۆلچەم قىلىپ، تەھرىرلىكتە يولۇققان مەسىلىلەرنى سىياسىيونلارچە نەزەر بىلەن توغرا بىرتەرەپ قىلالايدىغان ئىلمىي ساپا ھازىرلاش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كەسپىي بىلىمىنى ئۈزۈكسىز يېڭىلاپ تۇرغاندىلا ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ لاياقەتلىك جاكارچىلىرىدىن بولالايدۇ.

## ئىزاھلار:

1. RSS: ئوقۇش يۈمشاق دېتالى ھەرقايسى تور بەتلەرنى كەزمەي تۇرۇپمۇ، مۇشتەرى بولۇش ئارقىلىق ئۆزىمىز قىزىقىدىغان تېمىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرۈپ تۇرغىلى بولىدىغان كومپيۇتېر پىروگراممىسى.

## پايدىلانمىلار:


[1] 石永强, 景雪娇：体会出版[M]. 新疆文化出版社, 2016 .

[2] 程郁缀, 陈颖：学报编辑大视野[M]. 福建人民出版社, 2012 .

[3] 陈颖：老猫学出版[M]. 浙江大学出版社, 2012 .


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن قادىر**

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.38, Iss.3 (Total:151) Sep 2017

**Contents**

A Discussion on Xi Jinping's Thought on Socialism with Chinese Characteristics for a New Era and Its Leading Role in Establishing the Consciousness of the Chinese National Community among Ethnic Minority Students'..........................................................Yalkun Mamatyar

A Statistic Analysis on Affixes of Verb Forms in Uyghur.................Arzigul Sherip, Marhaba Ali

A Discussion on the Importance of Converting Islam into Chinese Style and Long-Term Social Stability of XInjiang ..................................................Abdushukur Osman, Nurbiye Omar

A Discussion on Frequently Used Rhyme Forms in "Nakis Poem Collection"............................ ..........................................................................................Gulnigar Abdurosul

A Discussion on the Historical Development of Modern Human Resources Management in China... ........................................................................................Gulnar Niyaz

A Discussion on Mixed Ownership Reforming and State-Owned Enterprise in Xinjiang............... ........................................................................................Abduhelil Abla

A Discussion on the Genealogy and Kinship Terminology.................................................. ....................................................Hayrat Abdurahman Ozhar, Emamhasan Yakhup

A Discussion on Horses and Horse Racing in "The Great Dictionary of Turkic"......................... ........................................................................................ Yasinjan Mamet

A Comparative Study on Multilingual Sentences..........................................Zhang Weiguo

A Discussion on Nicknames of Kashgar Dialect in Modern Uyghur......................................... ..........................................................................Teltikin Yusuf Egambardi

A Study on the Noun of "Ⱪïz" in "The Great Dictionary of Turkic" ......................Esrayil Mutilla

A Study on Language Sources of Vocabulary in Uyghur...................................... Elham Nizam

A Study on the Usage of "Camel" in "The Great Dictionary of Turkic"................Turankiz Osman

A Study on Xi Jinping's Literary Criticism and Its Significance to Uyghur's Literary Criticism....... ........................................................................................ Abduwali Kerem

A Study on Property Law and Notarization of Inheritance Succession in Juridical Practice............ ........................................................................Reshad Hasan, Gulbahar Niyaz

A Discussion on Process of Psychological Crisis Intervention in Xinjiang ...........Ayshem Ahmed

A Discussion on Editorship of Academic Journals in Internet Environment............................. ........................................................................................Abdilim Abdurehim

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философии и общественной науки на уйгурском языке)

**№.3.2017г (Общий: № 151)**

**Содержание**

Утвердить студентов нацменьшинств ВУЗов в сознании сообщества единой судьбы китайской нации под руководством идеи Си Цзиньпина о социализме с китайской спецификой новой эпохи........................................................................................ Ялкун Мэмэтяр

Статистический анализ суффиксов глаголов уйгурского языка ......................................
..........................................................................................Арзугуль Щирип, Мэрхаба Эли

Наведение Ислама к китайской дороге – требование социальной стабильности и долгосрочной безопасности Синьцзяна ...............................Абдущукур Осман, Нурбия Омэр

Общеупотребительные формы ритма в сборнике стихов уйгурских поэтов современной эпохи «Дивани накис» .......................................................................... Гульнигар Абдурусул

О Китае современной Управления людских ресурсов истории развития.......................
.........................................................................................................................Гульнар Нияз

О реформе системы смешанной собственности государственных предприятий в Синьцзяне ....................................................................................................Абдухелил Абла

О родословной книге и родственных обращениях ..............................................................
.................................................................................Гэйрэт Абдурахман Озгар, Имамхэсэн Якуп

Описание коней и соревнований конников в «Словаре тюркских наречий»............................
............................................................................................................... Ясынжан Мэмэт

Сопоставление речевых образцов разных языков ............................................ Чжан Вэйго

О прозвище в кашгарском диалекте современного уйгурского языка ..............................
............................................................................................Тилтикин Юсуф Игембэрди

О слове“Ķïz” в «Словаре тюркских наречий» .......................................... Исраил Мутилла

О происхождении некоторых уйгурских слов ................................................... Ильхам Низам

О слове «верблюд» в «Словаре тюркских наречий» ..................................... Туранкиз Осман

О руководящем значении концепции литературно-искусственной критики генерального секретаря Си Цзиньпина для критики уйгурской литературы......... Абдувэли Керэм Голбойи

Взаимодействие имущественных прав и нотариальной системы наследования в Судебной практике ................................................................................. Ришат Хэсэн, Гульбахар Нияз

Оперативные процедуры коллективного участия в вмешательстве психологического кризиса в Синьцзяне ................................................................................. Айщем Эхмэт

В сетевой среде редактор журнала.................................................... Абдилим Абдурехим

## پروفېسسور يالقۇن مەمەتيار

## 亚里坤•买买提亚尔教授



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ماگىستىرانتلار يېتەكچىسى يالقۇن مەمەتيار 1973 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1996 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ باكالاۋۇرلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2008 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماركسىزم نەزەرىيەسى ۋە ئىدىيە سىياسىي تەربىيە كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 2012 - يىلى 9 - ئايدىن 2013 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا تايانچ كادىرلىرىنى تەربىيەلەش پىلانى بويىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ئىنستىتۇتىدا ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. 2008 - يىلى دوتسېنتلىق، 2016 - يىلى پروفېسسور كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

پروفېسسور يالقۇن مەمەتيار ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كۆپلىگەن تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتناشتى ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تەلىم - تەربىيەنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات نىشانى قىلغان بولۇپ ئىلگىرى - ئاخىر دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى «جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا - بازار ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا بولغان ئىدېئولوگىيە تەربىيەسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈنۈملۈك مېخانىزمى توغرىسىدا تەتقىقات»؛ مائارىپ مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تۈرى «شىنجاڭ ئىنسانلىق مىللەت ئىستۇدېنتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىدېئولوگىيەسى تونۇشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش يوللىرى توغرىسىدا تەتقىقات» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. شۇنداقلا «ئوتتۇرا جەنۇب مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، «چىڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «خېيلوڭجياڭ مىللەتلەر مەجمۇئەسى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا «شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ياش ‹ماركسىزمچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى› نى يولغا قويۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلەر ۋە ئەمەلىي مۇلاھىزە»، «شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە تەربىيەلەش يوللىرى» قاتارلىق 20 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغان.

پروفېسسور يالقۇن مەمەتيار خىزمەتكە چىققاندىن بۇيان، ئىزچىل تۈردە ئىدىيە - سىياسىي تەربىيە ئوقۇتۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تىرىشىپ خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى تەتقىقاتى تۈرلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ ۋە قاتنىشىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گۇاڭخۇا ئوقۇتۇش مۇكاپاتى، باۋشەن پولات - تۆمۈر شىركىتى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. شۇنداقلا يەنە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بويىچە شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تۆتتە ياخشى ئوقۇتقۇچى (2016)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى (2016) قاتارلىق شەرەپ - ناملارغا ئېرىشكەن. ئۇ داۋاملىق مەكتەپ ئوقۇ - ئوقۇتۇش خىزمىتى ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا.